ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى



# كۆك گۈمبەز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09844-6
9 787228 098446 >
定价：19.00元

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى

# كۆك گۈمبەز

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间神话传说.2/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09844-6

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 神话 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010508号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间神话传说 — 2** (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 12.625 印张 2插页
2006年 2月第1版　2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-6,000

ISBN 978-7-228-09844-6　定价: 19.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى

## كۆك گۈمبەز

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348_NO)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 12.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001–6,000
ISBN 978-7-228-09844-6
باھاسى: 19.00 يۈەن




پىلانلىغۇچىلار:ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن



ئۈرۈمچى

2006-يىلى

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
## 30 كىتاب نەشىردىن چىقتى

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى: كۆك يالىلىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى پېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى كۇھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى هۇۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئەمىرگۆر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى يۈسۈپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تاھىر ـ زۆھرە | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى كاككۇك بىلەن زەينەپ | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② | 12.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ | 16.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ | 16.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② | 20.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى | 8.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى | 21.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى | 4.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى: ھېسام چاقچاقلىرى | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى | 13.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى | 5.00 يۈەن |

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە

تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە يەر - جايلار
تۇغرىسىدا II ........................................ 1
«لاتمىنات» بۇتىنىڭ چىقىلىشى ........................ 3
قىرىق قىز دالاسى ........................................ 12
ئاقسۇ ........................................ 14
لىكەڭ ........................................ 18
كۆتەكساراي ........................................ 20
تىلسىملىق قەلئە ........................................ 25
قىزىل مىڭئۆي ........................................ 27
ئاقشەھەر ........................................ 30
«جىگدە يېغىلىقى» ........................................ 33
كەلپىن ........................................ 35
تۇرپان ........................................ 37
ئىدىقۇت ........................................ 38
تۇيۇق ........................................ 41
غېرىب شەھەر ........................................ 44
جۇۋازچى مەھەللىسى ........................................ 45
پىچان ........................................ 50
توقسۇن ........................................ 52

ئۈرۈمچى ........................ 55
ئانا قـوۋۇق ........................ 58
ئۈلانبـاي ........................ 66
كوشات شەھـرى ........................ 74
مـزان شەھـرى ........................ 77
ئـەزانـدۈك ........................ 79
**مازار ـ قەبرىلەر توغرىسىدا ........................ 83**
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ........................ 85
جەمەتلا غوجام مازىرى ........................ 90
سەرۋازلىرىم مازىرى ........................ 92
قۇمات پاششىم مازىرى ........................ 93
قىلىچ بۇغرام مازىرى ........................ 95
بۇۋىمەريەم خېنىم مازىرى ........................ 97
بۇۋىرابىيە مازىرى ........................ 99
ئىمام ئاسىم قەبرىگاھى ........................ 101
ئىماملىرىم ........................ 105
كۆك گۇمبەز ........................ 108
قۇربان ئاتام مازىرى ........................ 112
قىرمىشئاتام مازىرى ........................ 113
يەتتە قىز قەبرىسى ........................ 115
سەئىدىخان غوجام مازىرى ........................ 121

ئەمچەكغوجام مازىرى ........................122
**تاغۇتاش، ئۆڭكۈر، دەريا ـ ئۆستەڭ، كۆل ـ بۇلاقلار**
توغرىسىدا ........................................123
بوغدا تېغى .......................................125
ئىدىقۇت تېغىنىڭ پەيدا بولۇشى ....................136
تەڭگەتاغ .........................................140
ئالتۇنتاغ .........................................142
تۇزتاغ ............................................145
چەشتاغ ...........................................147
قۇمال تاغ .........................................149
مۆلچەرتاغ ........................................157
تاغدىن نېمە ئۈچۈن ئەكس سادا چىقىدۇ ...158
چىم ـ چىم ئوغۇل ..................................160
ئەسھەبۇلكەھف .....................................163
داراتاغ ئۆڭكۈرى ....................................167
نۇزۇگۇم ئۆڭكۈرى ..................................174
تەلەمەت ...........................................176
دەريانى توسقان چوڭ تاش ..........................178
زەرەپشان ..........................................179
تەلۋىچۇك دەرياسى .................................180
قارايۇز ...........................................181

پەرھاد ئۆستىڭى ........................................183
زەمىن ........................................186
ئاقئۆستەڭ ........................................188
كارىز ........................................190
ئايدىڭكۆل ........................................193
مارجان بۇلاق ........................................195
نورۇز بۇلاق ........................................197
ئۇستىخان بۇلاق ........................................198
ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدا........................................201
ئىت بىلەن ئادەمنىڭ دوست بولۇشى .....203
ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئۆچمەنلىكى .......206
مۈشۈكنىڭ دۈمبىسى نىمىشقا يەرگە
تەگمەيدۇ ........................................211
مۈشۈك ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە قانداق ماكانلىشىپ
قالغان ........................................213
مۈشۈك نىمىشقا يۈزىنى يۇيىدۇ ............214
داۋغان قانداق پەيدا بولغان ..................216
كالا بىلەن ئادەم ........................................219
كالىنىڭ سىيىق سۇ ئىچىشى ..............222
كالا بىلەن غاز ........................................224

ئات نېمىشقا ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ ........226
ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقى نېمىشقا دىڭگىيىپ
تۇرىدۇ ............................................227
تۆگىنىڭ بويىنى نېمىشقا ئەگمەچ ..........228
يولۋاسنىڭ تېرىسى نېمىشقا تاغىل ........230
بۇلبۇل ۋە قىزىلگۇل ...........................232
توغراق بىلەن قاغا نېمە ئۈچۈن ئۆزۈن ئۆمۈر
كۆرىدۇ .............................................233
كەپتەر بىلەن قاغا ..............................236
قاغا بىلەن بۇركۇت ............................238
قاغا نېمە ئۈچۈن قارا .........................240
لاچىن بىلەن ئادەمنىڭ كۈچ سىنىشىشى .....242
شەپەرەڭ نېمە ئۈچۈن كېچىسىلا سىرتقا
چىقىدۇ .............................................244
پاختەك قانداق پەيدا بولغان ...............248
ھۆپۈپ ...............................................251
شاتۇتى قانداق پەيدا بولغان ...............255
دەمدەرنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ......................258
كەپتەرنىڭ كۆزى نېمىشقا قىزىل ..........260
جۇغۇلداق قانداق پەيدا بولغان .............261

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەن چۈغۈندەك ...263
توخۇ سۇ ئىچسە نېمە ئۈچۈن ئاسمانغا
قارايدۇ ........................................266
خوراز بىلەن توز .................................267
يىلاننىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتى يوق ..............269
كېلە قانداق پەيدا بولغان ......................270
پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقى نېمە ئۈچۈن
قىزىل ...........................................273
چۈمۈن قانداق پەيدا بولغان ......................276
پادىشاھ بىلەن چۈمۈلە ...........................278
بوغداي دېنى نېمىشقا سوقچاق ....................280
قوغۇن - تاۋۇز قانداق تارقالغان ...................282
قوغۇن دېگەن نام قانداق كېلىپ چىققان ...285
مېۋىلەرنىڭ خىسلىتى ............................288
ئەنجۈرنىڭ ئاتۇشتا ئۆستۈرۈلۈشى ..................289
جۈجەم، پادىچى يىگىت ۋە دىۋە ...................295
بادامنىڭ خاسىيىتى ................................302
ئۈزۈمنىڭ تارقىلىشى .............................305
«سامساق» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ..310
بېھىنىڭ نېمىشقا سۈيى يوق .......................311

چامغـۇر ........................................ 313
چاكاندىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ............ 316
قوقاق ۋە يۇمغاقسۇت ......................... 317
يۇلغۇننىڭ غولى نېمە ئۈچۈن قىزىل .......... 319
لەلى ئوت ........................................ 321
بېدە نېمە ئۈچۈن ھەر يىلى كۆكلەپ
چىقىدۇ ........................................ 322
توققۇز ئەجدىھا تال ........................... 323
مەدەنىيەت ھادىسلىرى، ھۈنەر- سەنئەت ۋە باشقىلار
توغرىسىدا........................................... 329
ئون ئىككى مۈچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى............ 331
توي مەرىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ............ 338
بۆشۈك، جىنازا، قەبرە قاتۇرۇشنىڭ بارلىققا
كېلىشى ........................................ 340
ئۆلۈم مەرىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ....... 345
قىرىق تال چاچ قويۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى .... 347
گۈلەم ۋە گىلەم .............................. 351
بادامدوپپا كىيىشنىڭ كېلىپ چىقىشى ....... 353
ئېگەرنىڭ بارلىققا كېلىشى .................. 355
ناغرىنىڭ پەيدا بولۇشى ...................... 357

چىمەنگۈل ۋە چىمەندوپپا ........................ 359
ئەفراسىياپ ۋە راۋاب ........................ 361
تەمبۇر، بەرباب ۋە ئۇدنىڭ كەشىپ قىلىنىشى .... 363
ساتار قانداق ياسالغان ........................ 364
نەي قانداق پەيدا بولغان ........................ 369
ئۆمۈر تەقسىماتى ........................ 372
ئىنسانلارنىڭ رىزقى نېمىشقا كېمەي-
تىۋېتىلگەن ........................ 374
مۇغاللار نېمىشقا چۆچۈرە يېمەيدۇ ........... 376
خىزىر ئەلەيھىسسالام ۋە قارا قاشلىق ........ 377
ئادەملەر تۇز ئىشلىتىشنى قانداق بىلگەن .. 380
«بىرنى بىر دېگۈلۈك» ........................ 382
هاراق قانداق پەيدا بولغان ........................ 384
ئەھمىيەتسىز ماھارەت ........................ 388
ئايتىكىن بىلەن كۈنتېكىن ........................ 390

# تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر
# ۋە يەر-جايلار توغرىسىدا



تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە
يەر - جايلار توغرىسىدا II



# «لاتمنات» بۇتىنىڭ چېقىلىشى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسلام دىنى كىرمەستىن بۇرۇن «شەھىرى بەر ـ بەر» (ھازىر دېيىلىۋاتقان توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى) بەگلىكىدىكى تۈرك قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەس ئىكەن. بەگلىك ئورۇنلاشقان شەھەرنىڭ تاغ قىسمىدىن باشقا ئەتراپىنىڭ ھەممە يېرىنى ئېگىزلىكى يىگىرمە سەككىز گەز كېلىدىغان سېپىل ئوراپ تۇرىدىكەن، سېپىل ئۈستىدە ھەر ئىككى يۈز ئەللىك گەز ئارىلىقتا مۇداپىئە ئۆيلىرى تۇرغۇزۇلغانىكەن. شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تۆمۈردىن چەمبەرلەنگەن ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازا بولۇپ، بىر قانىتىنىڭ ئېگىزلىكى ئون بەش گەز، قېلىنلىقى بىر گەز كېلىدىكەن. دەرۋازىنى ئاچقاندا ھەربىر قانىتىنى ئوتتۇزدىن ئاتمىش ئادەم ئاچىدىكەن. دەرۋازا ئالدىغا بىر يېرىم يىل سەرپ قىلىپ، يىگىرمە گەز ئېگىزلىكتە بىر چوڭ «لاتمەنات» بۇتى تۇرغۇزۇلغانىكەن. شەرق تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەر ئات ـ ئۇلاغدىن چۈشۈپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئەكەلگەن ياخشى يېمەكلىكلەرنى قاچىسىغا تىزىپ قويۇپ، بۇتنى قوغدىغۇچى شەيخلەرگە پۇل ۋە ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ياخشىماللىرىدىن بېرىپ تارتۇقلىغاندىن كېيىن، شەيخنىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرەلەيدىكەن. غەرب تەرەپكى-

مۇ ئاشۇنداق چوڭ دەرۋازا ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ دەرۋازا ئالدىغىمۇ شەرقىي دەرۋازا ئالدىغا تۇرغۇزغان بۇتنىڭ چوڭلۇ۔قىدا «ئايال ئىلاھ» بۇتى ئورنىتىلغانىكەن. بۇ يەردە بىر چوڭ مەيدان بولۇپ، بۇ مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈزدىن ئۈچ يۈزگىچە — بىر رىۋايەتتە تۆت يۈزدىن ئالتە يۈزگىچە — بۇددا تالىپلىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئورۇن بار ئىكەن. غەربىي چوڭ دەرۋازىسىدىن سۇلې — سۇلۇق (قەشقەر)، ئۇدۇن (خو۔تەن)، ياركەنت (يەكەن)، پامىر قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن كارۋان - سودىگەرلەر شەرقىي دەرۋازىدىكى رەسمىيەتلەرگە ئوخشاش رەسمىيەت بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن شە۔ھەر ئىچىگە كىرەلەيدىكەن. چوڭ سېپىل دەرۋازىسىدىن كىر۔گەندىمۇ يەنە بىرقانچە قات سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىشكە مەجبۇر بولىدىكەن. بۇ شەھەر ھەر خىل ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ئون يەتتە قېتىم قاتتىق ۋەيران قىلىنىپ، ئون سەككىزىن۔چىسىدە قايتا گۈللەندۈرۈلگەنىكەن. بۇ شەھەرنىڭ چوڭ بېگى بۇددا دىنى مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان كۇسەنلىك تۇراجى بولۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ ئارقىلىق ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالغان خوتۇنى يە۔گىرمىدىن ئاشىدىكەن. ھەر بىر خوتۇنى ئۈچۈن ھەر كۈنلۈكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئادەملەرگە زەرەپشان دەرياسى۔دىن سۇ توشۇش ھاشارسى سېلىپ، كۆپ - كوزىلاردا سۇ توشۇتۇپ، داڭلىق ئۇستىكارلارنى توپلاپ، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ئالاھىدە ھەشەمەتلىك سارايلارنى سالدۇرغان، بۇ سارايلار پۈتكۈچە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغاند۔كەن. زەرەپشان دەرياسى بويلىرى قاباھەتلىك جاڭگال بولۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ھەر كۈنلۈكى نۇرغۇن ئادەملەرنى يەپ كېتىدىكەن. ھەر بىر خوتۇنى ئورۇنلاشقان سارايلارنى نەيزە - قىلىچ بىلەن قوراللانغان يەتمىش - سەكسەندىن ئارتۇق لەش۔

كەرلەر قوغدايدىكەن. بۇ يەرگە ھېچقانداق ئادەمنىڭ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. چوڭ ئوردىدىن ھەر بىر توققۇز تارماق بەگلىككە بارىدىغان يوللار بار ئىكەن، ھەر ئون چاقىرىم يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆت تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، پۈتۈن ئايماق بويىچە بىر لەك (يۈز مىڭ) بۆت بار ئىكەن. ئوردىنى ئوراپ تۇرغان چوڭ سېپىلنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى «لاتمىنات» بۆتى ئادەملەرنى جازالاش، بەخت تىلەش، جەڭگە بېرىش - كېلىشتە، ئايەتلىك يىللاردا دۇئا - تىلاۋەت قىلىنىدىغان بۆت ئىكەن. شۇڭا، كىشىلەر تەڭرى دەپ ئاتالغان بۇ بۆتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن. غەربىي دەرۋازا ئالدىدىكى «ئايال ئىلاھ» بۆتى بولسا، توي قىلىدىغانلار، كېسەلمەنلەر، باللىق بولغانلار، ئۆي - مۈلۈك ساتقۇچىلارنىڭ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان بۆتى ئىكەن. «ئايال ئىلاھ»نىڭ ئالدىغا نۇرغۇن نەرسە - كېرەكلەر تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەر كۆزىنى يۇمۇپ قولىنى شۇ نەرسىلەرگە ئۇزىتىدىكەن، قولىغا نېمە چىقسا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئىلاھىمىز كۆرسەتكەن ئات، دەپ شۇنى قويىدىكەن. ئات قويۇش رەسمىيىتى ئۈچۈن ئوردىغا پۇل تاپشۇرىدىكەن. ئۇنداق قىلماي ئۆز ئالدىغا ئات قويۇۋالسا، ئىلاھىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ ئات قويدى، دەپ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى تىرىك كۆمۈپ، دادا بولغۇچىنى بىر يىل زىندانغا سالىدىكەن، ئانىسىنى بولسا، شۇملۇق نەسلىنى ئەكەلدى، دەپ قەپەسكە سولاپ، يىراق جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىكەن - دە، ئۇنىڭ ئۆي - جايلىرىنى چېقىپ، تۈپتۈز قىلىۋېتىپ، «شۇملۇق نەسلىنىڭ ئورنى» دەپ خەت پۈتۈپ، شۇ ئورۇنغا قاداپ قويىدىكەن. بۇ يەرگە ھېچقانداق كىشى قورقۇپ دەسسىمەيدىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بەگ ئوردىسى تاغ ئۈس-

تىگە سىلىنغان بولۇپ، ئوردىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە ئەل-
لىكتىن كىچىك ھوجرا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئوردىنىڭ ئىچىگە
بەگ ئولتۇرىدىغان ئالتۇندىن ياسالغان كۇرسىلار قويۇلغان،
كۇرسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئىگىزلىكى تۆت گەز كېلىدىغان
ئەر - ئايالنىڭ ئالتۇن بۇت ھەيكىلى، ئوڭ - سول تەرىپىگە
ئىگىزلىكى ئۈچ گەز كېلىدىغان كۈمۈش بۇت ھەيكەل توختى-
تىلغانىكەن. بۇ ئوردىغا پىششىق خىشتىن ياسالغان ئىككى
يۈز ۋاخىنلىق پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولىدىكەن. بۇ
ئوردا ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، تاملىرىغا ھىن-
دىستاندىن ئۇستىكار ئەكېلىپ نەقىش ئويدۇرغانىكەن.

بىر كۈنى بەگنىڭ ئوغلى ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتسا، بىر
قەلەندەر يولنىڭ چېتىدە يانپاشلاپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن
بەگنىڭ ئوغلى قەلەندەردىن:

— ھەي، سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پېقىر غېرىب - مىسكىندۇرمەن، — دەپتۇ قەلەندەر.

— مەن ئالدىڭدىن ئۆتسەم، نېمە ئۈچۈن تەزىم بەجا كەل-
تۈرمەيسەن؟

— قوپۇشقا ماجالىم يەتمىدى.

— ئاش - نان يېمىدىڭمۇ؟

— مەندەك بىر قەلەندەرگە ئاش - نان نەدە بولسۇن دەي-
دىلا، بېگىم ! ئۈچ كۈن بولدى ئاغزىمغا لوقما سالمىغىلى.

— ئوردىغا بارساڭ بولمامدۇ؟

— كۈن بويى قاۋايدىغان ئوردا ئىتلىرىغا نان بولمى-
غان يەردە، مەندەك بىر قەلەندەرگە ئاش - نان نەدە بولسۇن،
بېگىم !

— نەدىمۇ ئوردىدا بېقىپ بولالمىغان شۇنچە كۆپ ئىت
بولسۇن !

— ئىتلار يالغۇز ئوردىدىلا ئەمەس، ئايماقنىڭ ھەممە يې-
رىدە قۇرتتەك مىغىلدايدۇ. ئوردىغا كىرسەك، ئاچ قالغان
ئىتلار چىشلىۋالىدۇ، سىزمۇ ئوردىنىڭ بىر ئىتى، — دەپتۇ
قەلەندەر. بەگنىڭ ئوغلى قەلەندەرنى ئالدىغا سېلىپ قامچىلى-
غان پېتى ئوردا ئالدىدىكى «لاتمىنات» بۇتى ئالدىدىكى ئېگىز
دارغا ئېسىپ قويۇپ بىرھازاغىچە ئۇرۇپتۇ. قەلەندەر ھوشىدىن
كەتكەندىن كېيىن داردىن بوشىتىپ، سۆرەپ ئاپىرىپ گوداڭغا
تاشلىۋېتىپ، ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ. قەلەندەر تۈن يې-
رىملاشقاندا ھوشىغا كەپتۇ، قارىسا، «لاتمىنات» چوڭ بۇتىنىڭ
ئالدىدا بىرمۇ ئادەم يوق. ئۆمىلەپ بېرىپ، بۇت ئالدىدىكى
قاچىلارغا سېلىپ قويغان ئېسىل تائاملارنى ئېلىپ يەپ،
بىرھازادىن كېيىن ساقىيىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى شەيخنىڭ يوق-
لۇقىدىن پايدىلىنىپ گوداڭدىن سىرتقا چىقىپ قارىسا، بۇت-
نىڭ ئاستىدا يوغان بىر كامار كۆرۈنۈپتۇ. قەلەندەر دەرھال
شۇ يەرگە كىرىپ يېتىپ، ئەل جىممىققاندا بۇت ئاستىدىكى
كاماردىن چىقىپ، بۇت ئالدىدىكى تىزىقلىق ئېسىل تائاملارنى
ئوزۇقلۇق قىلىپ، كۈندۈزى بۇتتىن بەخت تىلەپ، مەخپىي
ئىبادەت قىپتۇ ھەم سوئالمۇ سوراپتۇ، لېكىن بۇتتىن ھېچ-
قانداق زۇۋان چىقماپتۇ. بۇ ئىشقا قەلەتدەرنىڭ تېخىمۇ ئاچ-
چىقى كېلىپ، بىر كۈنى بۇتنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، تۈن
يېرىملاشقاندا بۇتنىڭ بېشىغا يامىشىپ چىقىپ چېچىنى قو-
مۇرۇپتۇ، لېكىن بۇتتىن ھېچقانداق شەپە بولماپتۇ. ئەتىسى
شۇ قەرەلدە كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىق جايلىرىنى
چىقىپ تاشلاپتۇ، يەنىلا ھېچقانداق شەپە بولماپتۇ. ئۈچىنچى
كۈنى شۇ قەرەلدە قول - پۇتلىرىنى چېقىپ بولۇپ، ئۆزىچە
قورقۇپ بۇتنىڭ ئاستىدىكى كامارغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. يەنىلا
ياخشى - يامان تەرەپتىن شەپە بولماپتۇ. تۆتىنچى كۈنى بۇت-

نىڭ چېقىلغانلىقىنى شەيخلەر سېزىپ قېلىپ ئەھۋالنى ئور-
دىغا مەلۇم قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىغان
ئوردىبېگى لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئايماقنىڭ ھەممە يې-
رىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىپ، ئارقىدىنلا پۈتكۈل خالا-
يىقلارنى يىغىپ، بەش كېچە - كۈندۈز بۇت ئالدىدا سوكۇتتە
تۇرۇپ، گۇناھىنى تىلەپ ماتەم بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىش ئا-
خىرلاشقاندىن كېيىن، گۇمان قىلغانلىكى ئادەملەرنى ئوردىغا
ئەكېلىپ دارغا ئېسىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ قەتل قىپتۇ.
ھەر كۈنلۈكى بىرنەچچە يۈز ئادەم ئۆلگەچكە، ئوردا ئىچى قان-
غا بويىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشقا چىداپ تۇرالمىغان قەلەندەر
ئوردىغا كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغانىكەن، قەلەندەرنىڭ
تۇرقىنى كۆرگەن بەگ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ يىقىلىپ
چۈشكىلى تاسلا قاپتۇ. قوللىرىدا قىلىچ - نەيزە تۇتقان ئوردا
لەشكەرلىرىمۇ قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ. بەگ بىرھازادىن
كېيىن:
— جاللات ! ماۋۇ يالاڭتۆش قەلەندەرنى دارغا ئاس ! —
دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ. قەلەندەرمۇ قورقماستىن
تەمكىنلىك بىلەن:
— توختاش ! — دەپتۇ جاللاتلارنىڭ يېقىن كېلىشىگە
يول قويماي، — ئى جانابىي بەگ، مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم
قىلساڭمۇ، ئالدىرىماي ھۆكۈم قىل ! ساڭا شۇنى ئېيتىپ قو-
يايكى، مېنى ھازىرلا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن دەيدىكەنسەن،
«لاتمىنات» بۇتۇڭنى چېقىشقا جۈرئەت قىلغان پېقىر، ئەلۋەتتە،
تەختى - بەختىڭدىن تارتىپ تاكى ئۆزۈڭگىچە ئىزىڭدا مىد-
دىرلىماي تۇرۇپ كۆيدۈرۈپ كۈلۈڭنى كۆككە سورۇۋېتىمەن !
بەگ تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي
تۇرۇپلا قاپتۇ. قەلەندەر يەنە:

— جانابىي بەگ ! مېنىڭ سۆزلىشىمگە ئازراق يول قويـ.
غايسەن ! — دەپتۇ.
— قېنى سۆزلە، — دەپتۇ بەگ.
— مەن قىرىق يىل ساڭا ئوخشاش قارا نىيەت ياـ.
ۋۇزلارنىڭ قولىدا قۇل بولۇپ، جاپا چەككەن غېرىب ـ مىسكىن ئادەممەن. بۇ ھاياتىمدا قورسىقىم تويغۇدەك نان ۋە ئۇچام ئىللىغۇدەك كىيىم كىيمەي، ئۆلەر ھالەتتە كۈن ئۆتـ.
كۈزدۈم. ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى تاياق ـ توقماقتا بېسىلـ.
مىغان كۆنلىرىم ئاز. مانا قارا ! — دەپ پۈتۈن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ، بەدەنلىرىدىكى تاتۇق ۋە تاياق ئىزلىـ.
رىنى كۆرسىتىپتۇ قەلەندەر، — مانا بۇ تاتۇق، تاياق ئىزلىرى قاتتىق ئازابلانغانلىقىمنىڭ ئىسپاتى. بۇنداق تاياق ـ توقـ.
ماقتا ئۇرۇۋەرسە، ئادەمنىڭ جېنى قانداق چىدايدۇ؟ ! ئاۋۋال سەن بەدىنىڭنى يالىڭاچلاپ سىم قامچا بىلەن ئۇردۇرۇپ كۆر، جېنىڭ ئاغرىمدۇ، ئاغرىمامدۇ؟ بۇنى بىلىپ باققىن. تەن سەن بىلەن مەندە ئوخشاش.
بەگ قەلەندەرگە:
— ئۆلتۈرمىسەممۇ ئۆلتۈرمەي، بۇت ئىلاھىغا سەجدە قىل، گۇناھىڭنى تىلە ! — دەپتۇ.
— ئى جانابىي بەگ ! — دەپتۇ قەلەندەر، — ئىلاھىي بۇتۇڭ ئادەم جازالىيالايدىغان بولسا، نېمىشقا مېنى جازاـ.
لىمايدۇ؟ ! مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئىلاھىڭنىڭ ئىچىگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلدىم، ھەتتا پۈتۈن ئەزالىرىنى نابۇت قىلدىم.
— بۇت ئىلاھىدىن قورقمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەگ قەلەندەردىن.
— قىلچە قورقمايمەن !
— نېمىشقا؟

— ئۇنى ئادەملەر تۇپراقتىن توپا ئېلىپ ئۆزلىرى يا-
سىۋالغان. ئۇ جانسىز، ئۇنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە قۇربىتى
يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قۇربىتى يەتسە ئىدى، مېنى جازالىسا بولات-
تى، — دەپتۇ قەلەندەر، — مېنى جازالاش توگۇل ئۆزىنىمۇ
قوغداپ قالالمىدى. بۇنىڭغا ساڭا ئوخشاش نادان ئادەملەرلا
سەجدە قىلىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكە-
نىكەن. ئۇنىڭ قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى كالىنى تەڭرى دېيە-
شىدىكەن. پادىشاھمۇ ھەر كۈنلۈكى كالىنىڭ ئايىغىدا تىزلىن-
نىپ بەخت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى تىلەيدىكەن. كالىنىڭ
ئۇسسۇلۇقىغا جەرەن سۈتى بېرىدىكەن. قوۋملارمۇ ھەر كۈنلۈ-
كى كالا تەڭرىسىگە ئېتىزلىقتىن ئېسىل ئوتلارنى ئەكېلىپ
بېرىدىكەن ۋە بەخت ئاتا قىلىدۇ، دەپ كۈنلەپ، ئايلاپ كالا
تەڭرىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تېزىكىنى، سۈيدۈكىنى پۇراپ
يېتىشىدىكەن. زالىم پادىشاھمۇ ۋەزىرلىرى بىلەن كالىنىڭ ئا-
يىغىغا يىقىلىدىكەن. بىر كۈنى كالا ئويناقشىپ تاغ باغرىغا
قېچىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن ئىزدەپ كەلسە
يوق، كەينىدىن قوغلاپ ئاران دېگەندە كالا تەڭرىسىنى تېپىپ-
تۇ. پادىشاھ ئاتتىن چۈشۈپ ئۆملىگەن پېتى كالىنىڭ ئايى-
غىغا بېرىپتۇ ۋە تىزلىنىپتۇ. كالا ئۈركۈپ كېتىپ كەينى
پۇتى بىلەن تەپكەنىكەن، پەشۋا پادىشاھنىڭ بوغدىيىكىگە تې-
گىپ كېتىپ تىن تارتماي ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ خەۋەر پۈتۈن
ئەلگە تارقىلىپ، قوۋملار يىغا - زار قىلىشىپتۇ. بىر مۆتىۋە-
ۋەر كىشى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنى كۆرۈپ: «نېمە
ئۈچۈن يىغلايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇلار: «پادىشاھىمىزنى
كالا تەڭرىمىز تېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپتۇ. مۆتىۋەر: «ھەي
ئەخمەقلەر، شۇنىڭغىمۇ شۇنچىۋالا يىغلامسىلەر؟ بىلىپ قو-
يۇڭلاركى، بۇ تىلسىز، ئەقىلسىز بىر ھايۋاننىڭ نادان، ئەخ-

مەق پادىشاھقا بەرگەن جازاسى» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر: «سىز بىزنىڭ تەڭرىمىزگە ھاقارەت كەلتۈرۈۋاتىسىز» دەپتۇ. مۆتىۋەر: «كالىنى (تەڭرىم) دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى نادان، ئەخمەقلەردۇر. كالا قانداقسىگە تەڭرى بولالىسۇن؟! ئۇ بىر تىلسىز مەخلۇق، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ» دەپتۇ. ئەي بەگ، سەن ئەنە شۇ نادان، ئەخمەقنىڭ بىرى، سېنىڭ بۇت ئىلاھىڭنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

قەلەندەر شۇلارنى دەپ سوراق مەيدانىدىن چىقىپ، بۇتنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، بۇتنىڭ ھەممە يېرىنى ئۈرۈپ چېقىۋېتىپتۇ. بەگمۇ زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. قەلەندەر بۇتنى چېقىپ بولغاندىن كېيىن، خالايىققا:

— ئەي قان ـ قېرىنداشلار، سىلەر ھەرگىز نادان بولماڭلار. نادانلىق كىشىلەرگە تۆگىمەس بالايىئاپەت! «لاتمىنات» بۇتىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئۇ كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلالمايدۇ. ئۇ نادان ئادەملەر تۈپراقتىن، تاشتىن ياسىغان جېنى يوق ھەيكەل، — دەپ توۋلاپتۇ.

بەگ جاللاتلىرىغا ئۇنى ئېسىش بۇيرۇقى قىپتۇ. جاللاتلار ئۇنى يۈز گەز ئېگىزلىكتىكى دارغا بېشىنى تۆۋەن، پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېسىپتۇ. قەلەندەر پۇتۇن كۈچى بىلەن ئۇ ياندىن ـ بۇ يانغا ئۈچۈپتۇ ـ دە، ئاخىر ئۈستى تەرەپتىكى ئارغامچىنى تۇتۇۋېلىپ، پۇتىنى ئارغامچىدىن بوشىتىپ «لاتمىنات» بۇتىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئېگىز بۇت خۇددى تاغ گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندەك، ئۆرۈلۈپ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپلىگەن كىشىلەر بۇتقا ئىشەنمەيدىغان بوپتۇ، ئايرىم ساندىكى جاھىل كىشىلەر بۇتقا ئىشىنىشتىن يانماپتۇ.

# قىرىق قىز دالاسى

چىيەنلوڭ خان زامانىسىدا (بىر رىۋايەتتە چىڭگىزخان دەۋرىدە)، دولانلىقلارنىڭ قىرىق قىزىنى مانجۇلار بۇلاپ كېتىپتۇ. دولانلىقلار قىزلىرىنى بۇلاپ كەتكەن مانجۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق يېرىگە مۇھەممەت سەئىد لىڭگىرچاق دېگەن كىشىنى ئايغاقچىلىققا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ كىشى ئوتۇنچى قىياپىتىگە كىرىپ، قىرىق قىزنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇ شۇ ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرگەندە، قىرىق قىز مۇھەممەت سەئىد لىڭگىرچاقنى كۆرۈپ قېلىپ مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

دولان، دولان، دوپپىچاق،
ئوتۇن ساتتى بىر قوچاق.
بۇ ئوتۇننى كىم ساتتى؟
مۇھەممەت سەئىد لىڭگىرچاق.
ئوتۇنۇڭنى يۆلەپ قوي،
ئەتراپىڭغا قاراپ قوي.
سەن بىزنى ئىزدەپ كەلسەڭ،
بىز بۇ يەردە بىلىپ قوي.

قىزلار بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ. مۇھەممەت سەئىد لىڭگىرچاق يۇرتىغا قايتىپ دولان بېگىگە ئەھۋالنى

مەلۇم قىپتۇ.

دولانلىقلارنىڭ تاللانغان قىرىق يىگىتى شەپە چىقارماي ماز-جۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ، قىرىق قىزنى ساق - سالامەت قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ يۇرگەنچە كەڭ كەتكەن دالىغا كېلىپ توختاپتۇ. دولانلىقلارنىڭ ئاقساقاللىرى بۇ مەيدانغا كېلىپ، شۇ جايدىلا قىرىق قىزنى ھېلىقى قىرىق يىگىتكە نىكاھلاپ، ھەشەمەتلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ قىرىق جۇپ ئەر - ئايال ئاشۇ مەيدانغا ئورۇنلىشىپ، ئېرىق - ئۆس-تەڭ چېپىپ، تېرىقچىلىق قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي-نىڭ ئىسمى «قىرىق قىز دالاسى» دەپ ئاتىلىپتۇ.



# ئاقسۇ

بۇرۇنلىرى بۇرۇنىسىدا ئاقسۇ دىيارى «ئاقسۇ» دەپ ئاتال-
مايدىكەن. بۇ يۇرت روناق تېپىپ گۈللەنگەن زامانلاردا، بىر
كۈنى تۇيۇقسىز ناھايىتى كۆپ قارا بۇلۇتلار كونا شەھەرنىڭ
ئۈستىگە يىغىلىپ كۈن نۇرىنى توسۇۋاپتۇ، پۈتكۈل شەھەر
سىياھتەك قاراڭغۇلۇققا چۆمۈلۈپتۇ. كىشىلەر بۇ نېمە كارا-
مەتتۇ؟ دەپ ياقىسىنى تۇتۇشۇپ، قورقۇپ - تىترىشىپ تۇر-
غاندا، بىردىنلا قاپاقتىن سۇ تۆككۈلگەندەك يامغۇر يېغىشقا
باشلاپتۇ. يامغۇر يەتتە كېچە - كۈندۈز توختىماي يېغىپتۇ.
قۇمئېرىق دەرياسى كەلكۈن سۈيىدە تېشىپ، قىرغاقتىكى
يۇرت - ماكانلارنى ئەجدىھادەك يۇتۇپ كېتىپتۇ. بۇ بالا -
قازا كەلكۈن بوۋاقلارنى بۆشۈك بىلەن، بوۋاي - موماي-لارنى
كارىۋاتلىرى بىلەن كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ، ئۆيلەرنى ئۆرۈپ، كو-
چا - مەھەللىلەرنى دۆۋە - دۆۋە لاي - توپىلارغا ئايلاندۇرۇ-
ۋېتىپتۇ . كەلكۈن سۈيى شىددەت بىلەن ئۆرۈلۈپ، توپىلارنى
ئېقىتىپ، يەرلەرنى كولاپ تىك يارداڭلىقلارنى پەيدا قىپتۇ.
شەھەردە ئامان قالغان كىشىلەر ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىپ-
تۇ. بىر قىسىم كىشىلەر شەھەرنىڭ شىمالىدىكى يار ئۈستى-
گە چىقىۋاپتۇ. بۇ يۇرتنىڭ خانى كۇسەن پادشاھلىقىغا قاراي-
دىكەن. بۇ خان بىر قىسىم بەگ - تۆرە ۋە ئەمەلدارلارنى

باشلاپ، دەپىنە ـ دۇنيالىرنى ئېلىپ، خەلق توپى بىلەن بىللە يار ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. خان شۇ يەردە بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇم، دەپ خاتىرجەم بولۇپ، باشقىدىن كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى باشلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ پۇقرالارنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن قىلچە كارى بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، بىر دىنلا يەر تەۋرەپ، يار ئۈستىنىڭ بىر قىسمى غۇلاپ چۈشۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى يەر يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا دەھشەتلىك ۋابا كېسىلى تارقىلىپتۇ. كىشىلەر بېشى قېيىپ، ئىچى سۈرۈپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يىقىلىپ چۈشۈپ قان ياندۇرغىنىچە ئۆلۈشكە باشلاپتۇ...

ۋابا كېسىلى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، كىشىلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قىرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە تۇرۇۋەرسە ھايات قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئاخىرقى بىر توپ كىشى يۇرتىنى تاشلاپ، ئېچىنىشلىق يىغا ـ زار ئىچىدە كۆسەنگە قاراپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ قورقۇنچلۇق شەھەر جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ شەھەرنى «ئەرەۋىل» (دىۋىلەر ماكانى) دەپ ئاتاشقا باشلاپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن خېلى زامانلار كېيىن ئاقسۇ شەھىرى قايتا بىنا قىلىنىپتۇ. «ئەردەۋىل»نىڭ «ئاقسۇ»غا ئايلىنىشى توغرىسىدا سۆز ئۈستىلىرى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، قاچاندۇ بىر چاغلاردا تەكلىماكان بويىدىكى كېتىك شەھىرىدە جالالىدىن دېگەن بىر كىشى ياشىغانىكەن. ئۇ بۇخاراغا بېرىپ ئىسلام دىنىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئۆلىما دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا كېتىك شەھىرىدىكى كىشى-

لەر بۇتقا چوقۇنىدىغان بولغاچقا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر قوبۇل قىلىشقا زادى ئۇنىماپتۇ، ھەتتا جالالىدىن كېتىكنى مەسخىرە قىلىپ ھاقارەتلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ بۇ شەھەرنى قۇمغا باستۇرۇۋېتىپتۇ.

كېتىك شەھىرى قۇم ئاستىدا قالغاندىن كېيىن، جالالىدىن كېتىك ئامان قالغان كىشىلەرنى باشلاپ شىمالغا يۈرۈپ كۆسەنگە كەپتۇ. كۆسەن خەلقىمۇ بۇتپەرەس ئىكەن. ئۇلار جالالىدىن كېتىكنىڭ قۇم ئاپىتىدە ئامان قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. بۇرسەتتىن پايدىلانغان جالالىدىن موللا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىپ، بىر قىسىم كۆسەن ئاھالىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي جالالىدىن كېتىك ۋاپات بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۆسەن بۇددىستلىرى جالالىدىن كېتىكنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلارنى چەتكە قېقىشقا باشلاپتۇ. ئامالسىز قالغان مۇسۇلمانلار ئەردەۋىلگە كەتمەكچى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، جالالىدىن كېتىكنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئېگىز چاقلىق ئىككى يۈز ھارۋا بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرى ۋە مال ـ دۇنياسىنى ئېلىپ ئەردەۋىلگە يېتىپ كەپتۇ. بۇرۇن كىشىلەر ھارۋىنى «توخرى» دەيدىكەن، شۇڭا ھارۋىدا كەلگەن كىشىلەرنى «توخرىلار» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە «توخرىلار» دېگەن سۆز «توخۇلا»غا ئۆزگىرىپ، شۇلار ماكانلاشقان يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ.

ئارىدىن ئايلار ـ يىللار ئۆتۈپ ئەردەۋىلدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ، يۇرتنى ئاچارچىلىق قاپلاپتۇ. كىشىلەر توپلىشىپ سۇ بوغۇزىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، دەريا سۈيى ئازلاپ پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئەردەۋىل تەرەپكە سۇ

ئاقمىغانىكەن. ئاخىر بارلىق كىشىلەر تاش ـ تۇپراق توشۇپ دەرياغا تاشلاشقا باشلاپتۇ، دەريا توسۇلۇپ ئىككى تاغنىڭ ئا- رىسى سۇغا لىق تولۇپتۇ، دەريا سۈيى كۆتۈرۈلۈپ ئەردەۋىل تەرەپكە ئېقىشقا باشلاپتۇ. سۇ دولقۇنلىرى ئېهتىياتسىز تۇرغان بىر موللام بىلەن بىر موغۇلنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرى خالايىققا قاراپ: «موللىنى تۇتۇڭلار، موغۇل ئاقسۇن !» دەپ ۋارقىراپتۇ. كىشىلەر دەرھال موللىنى سۇدىن تارتىۋېلىپتۇ ۋە موغۇلغا قاراپ «ئاقسۇن ! ئاقسۇن !» دەپ توۋلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت «ئاقسۇن» دەپ ئا- تىلىپ، ئاستا ـ ئاستا «ئاقسۇ»غا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

# لىكەك

قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ بىرىدە ھازىر «لىكەك»[1] دەپ ئاتىلىدىغان يۇرتقا بىر ئۇلۇغ ئەۋلىيا كەلگەنىكەن، بۇ ئەۋلىيانىڭ يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىكەن. ئۇ بېشىغا گىرۋەكلىرى ئىنتايىن كەڭ، قالپاققا ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە بىر باش كىيىم كىيىۋالغانىكەن. ئۇ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ماڭغاندا بۇ ئۇزۇن باش كىيىم لىكىلداپ تۇرىدىكەن. بۇ ئەۋلىيا ئاتنى ئاستا ماڭدۇرۇپ، ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى ئىنساپ — ئادالەتكە دەۋەت قىپتۇ. كېيىن كېتىدىغان ۋاقتىدا بۇ جايدىكى كىشىلەرگە بىر تۈچ قوڭغۇراقنى بېرىپ: «ئەگەر قاچان بېشىڭلارغا كۈن چۈشسە، مۇشۇ قوڭغۇراقنى چالساڭلار مەن شۇ ھامان پەيدا بولۇپ، مۇشكۇلاتىڭلارنى ئاسانلاشتۇرىمەن» دەپتۇ — دە، كېتىپ قاپتۇ. ئەۋلىيا كەتكەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە كىشىلەر ئارىسىدا بۇ كىشى توغرۇلۇق غۇلغۇلا بوپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەپتۇ. ئاخىر ئۇلار سىناپ باقماقچى بولۇپ قوڭغۇراقنى چېپتۇ، شۇ ھامان ئەۋلىيا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ: «نېمە مۇشكۇلاتقا يولۇقتۇڭلار؟» دەپ

---

① لىكەك — شايار ناھىيىسى مازار غوجام يېزىسىغا تەۋە كەنت.

سوراپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان كىشىلەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قاپتۇ. كېيىن كىشىلەر بۇ ئەۋلىيانى بىر ئۆيگە مېھمانغا تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئۇنى قايتا سىناپ بېقىش ئۈچۈن پولۇ ئېتىپ، پولۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇكنىڭ گۆشىنى بېسىپ ئەكىرىپتۇ. ئەۋلىيا بىر قاراپلا ئۇنىڭ مۇشۇكنىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ ۋە قاتتىق غەزەپكە كېلىپ: «سىلەر مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ؟ سىلەر ماڭا ئەمەس، ئۆ-زۈڭلارغا يامانلىق قىلىۋاتىسىلەر، ئەمدى بۇ قوڭغۇراق خاسى-يىتىنى يوقاتتى. مەن ھەرگىز قايتىپ كەلمەيمەن» دەپ كې-تىپ قاپتۇ. كېيىن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا كۆپ پۇشايمان قىپتۇ. ئۇلار بۇ ئەۋلىيانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتمەسلىك ئۈچۈن گۇناھىغا توۋا قىلىپ، ئەۋلىيانى سېغىن-نىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. ئۇلار يەنە ئەۋلىيا-نى دوراپ، ئۇنىڭ باش كىيىمىگە ئوخشايدىغان كىيىملەرنى كىيىدىغان بوپتۇ. ئۇلار ماڭغاندا بۇ ئۇزۇن باش كىيىم لى-كاڭلاپ (لەپەڭشىپ) تۇرىدىكەن، شۇڭا باشقا يۇرتتىكى كىشى-لەر ئۇلارنى «لىكاڭلار» دەپ، بۇ يۇرتنى بولسا «لىكاك» دەپ ئاتاشقا باشلاپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە «لىكاك» دېگەن سۆز «لىكەك»گە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

# كۆتەكسارايى

ئەسلى ئۇيغۇرلاردىن بولغان جاڭقارا دەپ ئاتىلىدىغان بىر توپ كىشىلەر تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كۇچا دىيارىغا كەپتۇ. جاڭقارىلارنىڭ ئاقساقىلى ئالتۇنخان دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ كىشى كۆپنى كۆرگەن، پەم - پاراسەتلىك ۋە جەسۇر ئادەم ئىكەن. ئالتۇنخان ئۆز ئادەملىرىدىن ئىككى كىشىنى كۇچا خانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ، شىر سۇرەتلىك ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان كۇچا خانىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىنى بايان قىپتۇ:

— ئەي، شانۇشەۋكەتلىك، يەتتە ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن پادىشاھىئالەم، بىز جاڭقارىلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا باشپاناھلىق ئىزدەپ كەلدۇق . ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، بىز جاڭقارىلار ئۇزاقتىن بۇيان شىمالدىكى يايلاقلاردا مال - چارۋىلىرىمىزنى بېقىپ تىنچ - ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدۇق، بىراق بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يات قوۋم كىشىلىرى بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ خانىۋەيران قىلدى، مال - چارۋىلىرىمىزنى تارتىۋالدى، قىز - ئاياللىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى. بىز ئامالسىز يۇرتىمىزنى تاشلاپ چىقىپ سەرسان بولۇپ يۈرمەكتىمىز. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئالتۇنخان

بىزنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇبارەك يۇرتىغا باشلاپ كەلدى. بىز ئۆزلىرىنىڭ بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىشلىرىنى سورايمىز. بىزگە مەلۇمكى، كۇچا دىيارى بىپايان زېمىن. بۇ يەردىن بىزگە يەر - زېمىن بېرىلسە، بىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالساق، سىلىنىڭ سايىلىرىدە ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، ياۋاش پۇقرا بولۇپ ئۆتسەك.

كۇچا خانى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇزاق خىيالغا چۆ-كۈپتۇ. ئۇ ئالتۇنخاننىڭ دانا تەدبىرلىك كىشى ئىكەنلىكىنى، جاڭقارىلارنىڭ ئۇرۇشقا ماھىر، جەسۇر، پالۋانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇ، ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ يۇرتى-مىزغا كېلىشىدە چوقۇم يامان مەقسەت بار، ئەگەر ئۇلارنى يۇرتۇمدا ساقلاپ قالسام، كېيىنچە پادىشاھلىق سەلتەنىتىمگە خەۋپ يەتكۈزۈشى، پۇقرالىرىمنىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇشى مۇم-كىن، شۇڭا بۇلارنى ۋاقتىدا يوق قىلىۋەتمەك لازىمدۇر، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئاخىر ئەلچىلەرگە چاندۇرماي، سىلىق - سىپايە مۇئامىلە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىلەرنى چوقۇم ئارمىنىڭلارغا يەتكۈزىمەن. سى-لەر قايتىپ ئالتۇنخانغا مەندىن سالام ئېيتىڭلار، بۈگۈنچە ئۆز ئورنۇڭلاردا ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، ئەتە مەن سىلەرگە يەر - زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەر قايتىپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئال-تۇنخانغا مەلۇم قىپتۇ. ئالتۇنخان باشلىق بارلىق جاڭقارىلار بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، خاتىرجەم ھالدا دالىغا ئورۇن راسلاپ ئارام ئاپتۇ. تۈن نىسپى بولۇپ ھەممە خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەت-كەندە، كۇچا خانى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سانسىز قوشۇنلار ئۇلارنى قورشىۋېلىپ قىر - چاپ قىلىشقا باشلاپتۇ. جاڭقا-رىلار نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە نۇرغۇن كىشى-

لەر قىرىلىپ كېتىپتۇ. بىردىنلا ھوشىنى تاپقان ئالتۇنخان
ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، دەرھال
بوز ئارغىمىقىنى مىنىپ، يىگىتلەرنى باشلاپ جەڭگە كىرىپ-
تۇ. ئۇلار باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلىپ، كۇچا خانىنىڭ لەشكەر-
لىرىنى كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، ئاخىر قورشاۋنى بۆسۈپ
چىقىپتۇ، ئەمما ئالتۇنخان ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپتۇ. ئال-
تۇنخان ئامان قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ جەنۇب تەرەپكە يۇ-
رۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ھازىرقى شايار ناھىيىسىنىڭ يېڭىمە-
ھەللە ئەتراپىغا كېلىپ چۈشكۈن قىپتۇ. بۇ يەردە بىر چوڭ
داش (كۆل) بار ئىكەن. ئۇلار داش بويىدا تۈنەپتۇ. ئالتۇنخان
ئېغىر يارىلانغاچقا، ئۇنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپتۇ.
ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەنلىكىنى بى-
لىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن غەم - ئەندى-
شىگە چۈشۈپ ئاسمانغا قاراپ ياتقانىكەن، دەل مۇشۇ پەيتتە،
ھەممە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپ پەقەت ئالتۇنخانلا ئويغاق ياتـ-
قاندا، بىردىنلا ئاجايىپ مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ: ئاسماندىن يۇ-
مىلاق بىر نۇر پارقىراپ، ئاستا لەيلەپ چۈشۈپ كەپتۇ. بۇ
يۇملاق نەرسە بارغانسېرى تۆۋەنلەپ ئۇنىڭ بېشى ئۈستىگە
كېلىپ توختاپتۇ. جاڭقارىلار ياتقان جاينىڭ ئەتراپى بىر چا-
قىرىم ئۇزۇنلۇقىچە گويا كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. ئال-
تۇنخان بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ
كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا كۆكتىن مۇنداق ئاۋاز كەپتۇ: «ئەي ئال-
تۇنخان، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا. سېنىڭ قوۋمىڭ يېتەرلىك
ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتتى. سېنىڭ ھاياتىڭمۇ ئەمدى ئا-
خىرلاشتى. بىراق، تەڭرى سېنىڭ قوۋمىڭنى قۇتقۇزۇپ قال-
ماقچى. سەن ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئېيت، ئۇلار جەنۇب

تەرەپكە بارسۇن. ئۇ يەردە سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ياشاۋاتقان بىر گۈزەل ماكان بار، ئۇ يەر «ئۇچقات» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇچقاتنىڭ خانى قوۋمىڭنى ئۆز پاناھىغا ئالىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە خاتىرجەم ياشاپ، بارغانسېرى كۆپىيىپ ئاۋۇيدۇ.»

ئاسماندىن كېلىۋاتقان بۇ ئاۋاز يوقىلىش بىلەن تەڭ، ھېلىقى يۇمىلاق نۇر بىردىنلا داشقا چۈشۈپ سۇ ئاستىدا يوقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ كارامەتتىن ھەيران بولغان ئالتۇنخان دەرھال جاڭقارىلارنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا باياتىن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئالتۇنخاننىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ تاڭغا يېقىن جان ئۈزۈپتۇ. جاڭقارىلار ئالتۇنخاننى داش بويىغا دەپنە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر «ئالتۇن داش» دەپ ئاتىلىپتۇ.

جاڭقارىلار ئالتۇنخاننىڭ نەسىھەتى بويىچە جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇچقات پادىشاھلىقىغا كېلىپ ئۇلاردىن پاناھلىق تىلەپتۇ. ئۇچقات پادىشاھى ئۇلارغا سۈيى مول، ئەتراپى ئورمان ۋە ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان گۈزەل بىر زېمىننى ئايرىپ بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ جايدا ياشاپ، بارغانسېرى كۆپىيىپ ئاۋۇپتۇ، شەھەر ـ ئىمارەتلەرنى بىنا قىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى پۈتۈنلەي توغراق ياغاچلىرىدىن ياسىغانىكەن. قۇچاق يەتكۈسىز يوغان توغراق كۆتەكلىرىدىن قۇرۇپ چىقىرىلغان بۇ شەھەر كېيىنچە «كۆتەك شەھىرى»، «كۆتەكساراي» دەپ ئاتىلىپتۇ. جاڭقارىلار ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغان كۆك تەڭرىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئۇلار ئەڭ ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنى تاللاپ، ھەر يىلى بۇ يەردە كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە ناھايىتى ئۇزۇن بىر خادىنى تىكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇربانلىقلىرىنى ئەنە شۇ خادىنىڭ

ئۇستىگە ئېسىپ قويىدىكەن. قاغا ـ قۇزغۇنلار خادىغا ئېسىلـ‌غان تاپلارنى ئەكەتكەندە، ئۇلار بىزنىڭ قۇربانلىقىمىز تەڭرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، دەپ قارايدىكەن. كېيىن بۇ جاي «خادادۆڭ» دەپ ئاتىلىپتۇ. كۆتەكسارايدىكى جاڭقارىلار بارغاندـ‌سېرى كۆپىيىپ، ئاۋۇپ، يەنە نۇرغۇن شەھەرلەرنى بىنا قىپـ‌تۇ. هازىر يانتاقشەھەر، توڭگۇزباش شەھىرى، بۇتباش شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەنە شۇلار بىنا قىلغانىكەن. جاڭقارىلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ھازىرقى يېڭـ‌گىمەھەللە يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى يېڭىئېرىق كەنتىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەرنى ئاۋاتلاشتۇرغانىكەن. ئۇ يەردىكى «جاڭـ‌قارا» دېگەن يەر ئىسمى ھازىرغىچە ئەنە شۇلارنىڭ نامىدا ساقلىنىپ كەپتۇ.

# تىلسىملىق قەلئە

بۇ تىلسىملىق قەلئەنى پەرھاد ئىسىملىك دىۋە قۇرغانىمىش.

پەرھاد چىن شاھىنىڭ شىرىن ناملىق قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەلچى قويۇپتۇ. بۇ پادىشاھنى ۋەھىمىگە ساپتۇ. قىزىنى دىۋىگە بېرىشنى خالىمىغان پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشتىن قورقۇپ، جادۇگەر كەمپىردىن ياردەم سوراپتۇ. جادۇگەر پەرھادقا بىجىرىپ بولالمايدىغان ۋەزىپىنى، يەنى بىپايان چوڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيۋەتلىك تاش قەلئە قۇرۇشنى شەرت قىلىپ قويۇشنى مەسلىھەت بېرىپتۇ. دىۋە پەرھاد پادىشاھنىڭ بۇ شەرتىنى قوبۇل كۆرۈپ، يىراق جەنۇبتىكى قاراڭغۇ تاغدىن يەلكىسىدە قورام تاشلارنى توشۇپ كېلىپ قەلئەنى قۇرۇشقا باشلاپتۇ. قەلئە پۈتەي دەپ قالغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ جادۇگەر كەمپىرنى يەنە مەسلىھەتكە چاقىرىپتۇ. جادۇگەر بۇ قېتىم پادىشاھقا ئۆزى بەلگىلىگەن كۈنى توققۇزمىڭ دانە يېڭى تۇغۇلغان بوتىلاقنى، يەنە شۇنچە تاي، موزاي ۋە قوزىنى بىراقلا ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت بېرىپتۇ ۋە قالغان ئىشنى ئۆزى توغرىلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا جادۇگەر كەمپىر پەرھاد يالغۇز قۇرۇپ بولغان تاش قەلئەگە كەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە چىن يۇرتى تەرەپتىن دەھشەتلىك يىغا - زار ئاڭلىنى-

نىپتۇ. بۇ بالىلىرى سويۇلۇۋاتقان ئەنە شۇ مىڭلاپ - مىڭلاپ ئانا ماللارنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئىكەن. پەرھاد بۇنى چۈ-شەنمەي: «بۇ نېمە يىغا - زار؟» دەپ سوراپتۇ. شۇندا جادۇگەر كەمپىر: «ھەي ... ھازىرلا مەلىكە شېرىن قازا تاپقانىدى، شۇ-نىڭغا پۈتۈن چىن ئەھلى ھازا تۇتماقتا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۆيگەن ئاشىقىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بۇ شۇم خەۋەردىن گاڭگىراپ قالغان پەرھاد ئۈنىڭسىز ياشاشنى راۋا كۆرمەي، دەرغەزەپكە تولۇپ، تېخى ئورنىغا قويۇلمىغان قورام تاشلارنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ. بۇ يوغان قورام تاشلار پەرھادنىڭ ئۈستىگە قايتىپ چۈشۈپ، ئۇنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپتۇ ۋە ھايال بول-ماي تاشلار ئاستىدا جان بېرىپتۇ. پەرھادنى ياخشى كۆرۈپ قالغان شېرىن دەرھال پاجىئە يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ كەپتۇ ۋە سۆيگەن يارى پەرھادنىڭ جەسىتى يېنىدا ئۆزىگە پىچاق سانجىپ ھالاك بوپتۇ.



# قىزىل مىڭئۆي

1

قەدىمكى زاماندا كۈسەن پادىشاھىنىڭ خانىشى بىر قىز تۇغۇپتۇ. قىز شۇنداق گۈزەل چوڭ بوپتۇكى، ئۇنى بىرلا كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدىكەن. قىزنىڭ چىچەنلىكى ۋە گۈزەللىكى توغرىسىدا ئەل ـ يۇرت ئارىسىدا داستان، قىسسىلەر توقۇلۇپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ، ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىلىپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا خوتەن شاھىنىڭ شاھزادىسى پەرھادمۇ بۇ قىز توغرىسىدا توقۇلغان قىسسىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بىقارار بوپتۇ ۋە خوتەن دىيارىدىن كۈسەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا قىزغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ شۇنداق پەرمان چىقىرىپتۇكى: «كىمكى ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغقا مىڭئۆي قېزىپ پۈتتۈرسە، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن.»

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادە، بايۋەچچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يېلى چىقىپ، پەرىشان ھالدا قايتىپتۇ. خوتەن شاھزادىسى پەرھاد دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىپ، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىر كۇ-

سەنگە يېتىپ كەپتۇ، شېرىنىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن پا-دىشاھنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمەكچى بوپتۇ ۋە ئىرادىسىنى ئىشق ئوتىدا تاۋلاپ، بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆز يۇرتىدا ئۆگەنگەن تاشچىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆي سېلىشقا كىرىشىپتۇ.

شېرىنمۇ پەرھادنى كۆرۈپلا ئاشىق بوپتۇ ۋە پەرھاد ئۆي ياساۋاتقان تاغقا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇسسۇلۇق ۋە تائام ئەكېلىپ بېرىپتۇ. پەرھاد جاپالىق ئىشلەپ، ئاخىر توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئېغىز ئۆينى پۈتتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز-لىق ئۆينى ياساشقا كىرىشىپتۇ. بۇ خەۋەر كۈچاغا تارقىلىپتۇ.

ئۆزۈندىن بۇيان شېرىنگە ئاشىق بولۇپ يۈرگەن، ئەمما ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىر جادۇگەر موماينى ئەۋەتىپ، پەرھادقا زەھەر بېرىپ جېنىغا قەست قىپ-تۇ. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا ئەل - يۇرت ئىچىگە تارقىلىپ-تۇ. شېرىنمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاشىقىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىپتۇ.

بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگەن تاغمۇ تاقەت قىلالماي ياش تۆكۈپتۇ. تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ تاغنىڭ قايغۇلۇق كۆز ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈپ، مىڭئۆي جايلاشقان تاغ باغرىنى كۆكەرتىپ، باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇ-رۇپتۇ، شۇڭا كىشىلەر بۇ تاغنى «يىغلاڭغۇ تاغ» دەپ ئاتايدىكەن.

## 2

قەدىمكى كۈسەن پادىشاھىنىڭ شېرىن ئىسىملىك بىر گۈزەل قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىزغا سايراملىق پەرھاد ئىسىم-لىك بىر كەمبەغەل يىگىت ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن

خەۋەر تاپقان كۆسەن پادىشاھى قىزىنى بېرىشتە مۇزتاغ باغ-رىدىن «مىڭئۆي» قېزىشنى پەرھادقا شەرت قىپتۇ. ئاشىق يىگىت بۇ شەرتنى ماقۇل كۆرۈپ، بىستون تېغىنى يېرىپ، مىڭئۆينى قېزىشقا باشلاپتۇ. ئۇ توققۇز يۇز توقسان توققۇز ئۆينى قېزىپ بولغاندا ماغدۇرىدىن كېتىپ قاپتۇ. شېرىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ھوشسىز ياتقان ئاشىقى پەرھادنى قۇچاقلاپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز زار - زار يىغلاپ، ئاخىر ئاشىقى بىلەن بىللە ئۆلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قەسىر - ئايۋانلىرىدا قەپەستە بېقىلىۋاتقان بوز تورغايلارمۇ مۇڭلىرىنى تۆكۈپ سايراشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ شۇ چاغدا شىد-كاردا ئىكەن، قىزى شېرىننىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغان-دىن كېيىن، شاھلىق تونلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، قۇللىرىنى ۋە قەپەستىكى بوز تورغايلىرىنى ئازاد قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ تورغايلار ئاشىق - مەشۇقلار دەردىدە ھەسرەت چې-كىپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پەرھاد قازغان مىڭئۆينىڭ ئۈستىدە مۇڭلۇق سايرىشىپ تۇرىدىكەن. كېيىنچە بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ قەبرىسىدىن گۈل - چېچەكلەر ئۈنۈپ چىقىپ، پەرھاد قازغان مىڭئۆي ئەتراپىنى قىزىل گۈلگە پۈركەپتۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ جاينى كىشىلەر «قىزىل مىڭئۆي» دەپ ئاتاپتۇ.

# ئاقشەھەر

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ئۆتكەن زامانلارنىڭ ئاۋۋىلىدا گۈل - چېچەكلەر قاپلىغان، سۈيى ئەلۋەك، تاغلىرى كۆككە يەتكەن، قويلىرى كالىدەك يوغىناپ كەتكەن كۈچانىڭ بۇ گۈزەل ۋادىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىرلىكتە ياشايدىكەن، لېكىن بۇلار ئۆيىنى چىرايلىق سېلىشنى بىلمەيدىكەن، بۇ يەرگە باشقا جايلاردىنمۇ ئادەم كەلمەيدىكەن. بۇ جايدا ھېكىم دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ سېلىم ئىسىملىك بىر بالىسى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، باتۇر، ئاق كۆڭۈل، ئىرادىلىك، شوخ، تېتىك ئىكەن. ئۇ ئوقيا ئېتىشقا شۇنداق ئۇستا ئىكەنكى، بىرەر تال ئوقنىمۇ زايە قىلماي جايىغا تەگكۈزىدىكەن، ھەر خىل گۈللەرنىمۇ ئۆستۈرۈشكە ماھىر ئىكەن.

يىللار، كۈنلەر ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. سېلىم ئۇن ئالتە - ئون يەتتە ياشلارغىمۇ كىرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى سېلىمنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كىرىۋېلىپ، ھۈنەر ئۆگىنىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ يىراق جايلارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. سېلىم مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ھەيۋەتلىك بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ ئالدى بىلەن كىشىلەر توپلىشىۋالغان جايغا بېرىپ قارىسا، كىشىلەر ھەدەپ ئۈچ قەۋەت ئېگىزلىك-

تىكى بىر تاختايغا قاراپ ئوق ئېتىۋاتقانىكەن. ئۇ يېنىدىكى بىر ئادەمدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇ ئادەم سېلىمغا: «سۇلتانىمىز ،كىمكى تاختاينىڭ يېپىنى ئۈزۈپ تاختاينى يەرگە چۈشۈرەلىسە، مەن ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى ئورۇندايمەن، دېگەندى، بىز تەلىيىمىزنى سىناۋاتىمىز» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سېلىم ئوقيانى ئېلىپ بىر ئوق ئېتىپتىكەن، تاختاينىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. كىشىلەر ئالقىش ئىچىدە ئۇنى خان ھوزۇرىغا تەكلىپ قىپتۇ. خان ئۇنىڭدىن:

— قانداق تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. سېلىم ئىككىلەنمەستىن:

— ماڭا ئۆي سېلىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، — دەپتۇ. سۇلتان دەرھال سېلىمنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بىرنەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سېلىم بىناكار بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. سېلىم پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ باشقا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆز يولىدىكى ئورمانلىقتىن نۇرغۇن گۈل - چېچەك ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇ ئاخىر يەنە بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ شەھەردە بىرەر تۈپمۇ گۈل - گىياھ يوق ئىكەن. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى ئېلىۋالغان ئۇرۇقلار بىلەن شاھقا نۇرغۇن چىرايلىق گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىپتۇ. شاھ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭدىن:

— قانداق تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ:

— ماڭا ياغاچچىلىقنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. شاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ياغاچچى ئۇستىلارغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك بولغاچقا، ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ بولۇپ، يەنە نۇرغۇن

ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. سىلىم مېھرىبان دادىسى ۋە ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىگە چىرايلىق قىلىپ ئۆي ۋە ھەر خىل ئۆي جا-ھازلىرىنى ياساپتۇ. ئۆز ھۈنىرىنى يۇرتداشلىرىغا ئۆگىتىپتۇ. ئاخىر بۇ يۇرتنى كۆركەم ئۆيلەر قاپلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ گۈزەل ۋادا روناق تېپىپ، «ئاقشەھەر» [1] دېگەن بىر گۈزەل شەھەر بارلىققا كەپتۇ.

① ئاقشەھەر — خانقىتام يېزىسىنىڭ غەربىدە، ھازىر بۇ جاي ئاقشەھەر كەنتى دەپ ئاتىلىدۇ.

# «جىگدە يىغلىقى»

پەغپۇر چىن يەتتە شەھەرنى تەۋەسىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۈچ① شەھىرىنىڭ جاھانغا زىننەت بېرىدىغان قۇياش نۇرىدەك نۇرلۇق، گۆھەردەك ئەتىۋار ئون بەش ياشلىق بىر ساھىبجامال قىزنى مەنسەپدارلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. مەنسەپدارلار «ئۇلۇغ خانغا بۇنىڭدىن ئۇلۇغ سوۋغا تېپىلمايدۇ» دەپ، بۇ قىزنى خاقان چىنغا سوۋغات قاتارىدا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ قىز خانغا ناھايىتى ياراپ، ئۇنى ھەممە خوتۇنلىرىدىن ئارتۇق كۆرۈپتۇ. لېكىن، بىر كۈنى خان قىزنىڭ غەمكىن ھالدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خان ئەجەبا، يەر يۈزىدە مەندىن ئۇلۇغ خان بولمىسا، بۇ ساھىبجامال يەنە نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ؟ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقاي، دەپ گەپ سوراپتۇ. قىز جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ يۇرتۇمدا بىر خىل مېۋىلىك دەرەخ بار ئىدى. مېۋىسى ئالتۇندىن، ياپراقلىرى كۈمۈشتىن، يېلىمى ئەتىردىن ئىدى. شۇ دەرەخ يادىمغا چۈشتى، ئۇنى سېغىنىپ يىغلىدىم». خان شۇنداق يارلىق قىپتۇكى: «ئۈچ شەھىرىدە شۇ خىل دەرەخ بار ئىمىش، تېزلىك بىلەن ئوردىغا يەتكۈزۈپ كېلىنسۇن. بۇ دەرەخ مېنىڭ

① ئۈچ — ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى.

باغچىلىرىمغا لايىق ئىكەن.»
يارلىق يېتىپ كەلگەن ھامان مەنسەپدارلار ئۈچ شەھىرد-
نىڭ ھاكىمى رەھىمتۇللا بەگكە بۇيرۇق قىلىپ: «بارلىق
جىگدە دەرىخىنى باش خاننىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ، خاندىن
ئىلتىپات كۈتسۇن» دەپتۇ. بەگ خاننىڭ ھۆكمى بويىچە
پۇقرالارغا ھاشار سېلىپ، پۈتۈن ئۈچ خەلقىنى جىگدە كۆچىد-
تى يۆتكەشكە بۇيرۇپتۇ. پۇقرالار جىگدە كۆچەتلىرىنى كۆتۈ-
رۈشۈپ، ئون مىڭ چاقىرىم يولغا پىيادە ئاتلىنىپتۇ. تۆت پو-
تەي يەرگە يەتكەندە ئۇلار بىر كېچىسى مەسلىھەتلىشىپتۇ، «بۇ
كۆچەتنى مەنزىلگە يەتكۈزگۈچە ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز،
شۇڭا قۇل بولۇپ ئۆلگۈچە، كۈرەش قىلىپ ئۆلەيلى» دېيىد-
شىپ، شۇ كېچىسىلا ئىسيان قوزغاپتۇ، جىگدە كۆچەتلىرىنى
كالتەك قىلىپ، ھەيدەپ ماڭغان چېرىكلەرنىڭ راسا ئەدىپىنى
بېرىپ غەلىبە قىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خان غەزەپ-
كە كېلىپ، دەرھال ناھايىتى نۇرغۇن لەشكەرلەرنى ئەۋەتىپتۇ.
ئۇلار ئۈچ شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، ھېسابسىز قىرغىنچىلىق
باشلاپتۇ. خاننىڭ قىلىچىدىن ئېشىپ قالغان ئۈچ خەلقى تە-
رەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنى خەلق «جىگدە يېغىلد-
قى» دەپ ئاتاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقى قىرىلىپ تۈگىگەن
ئۈچ شەھىرىگە كونا تۇرپاننىڭ خەلقلىرىنى يۆتكەپ كەپتۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ «ئۈچ» سۆزىگە «تۇرپان» سۆزى قوشۇلۇپ،
بۇ شەھەرنىڭ نامى «ئۈچتۇرپان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

# كەلپىن

قەدىمكى زاماندا كەلپىن ئەتراپىدىكى تاغلار ناھايىتى قېلىن جاڭگاللىق ئىكەن. بۇ جاڭگاللىقلاردا ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە قاياقلاردىندۇ كەلگەن يەتتە ئوۋچى كەلپىن تاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر بۇلاق-نىڭ بېشىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇلاقنىڭ سۈيىنى قانغۇچە ئىچىپ ھاردۇق چىقىرىپتۇ. ئۇلار «مۇشۇ بۇلاق سۈيىنى بويلاپ مېڭىپ كۆرەيلى، بىرەر يۇرت ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېيىشىپتۇ. ئۇلار بۇلاق ئېقىنىنى بويلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. سۇ بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئىككى ئېرىققا بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. بۇ يەتتە كىشى: «ئۇچىمىز بىر ئېرىقنى، تۆتىمىز بىر ئېرىقنى بويلاپ ماڭايلى» دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مې-ڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. بىر ئېرىقتىكى سۇ بىر تۈزلەڭلىكتىكى مۇنبەت يەرلەرگە كېلىپ يېيىلىپ سىڭىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر ئېرىقنىڭ سۈيى مۇنبەت يەرلەرگە تارقالغانىكەن. بۇ يەر-گە كەلگەنلەر سۇنىڭ موللۇقى، يەرلەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى كۆ-رۈپ، كەپە ياساپ ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسى ئەر بولغانلىقى ئۈچۈن تۇرمۇشتا قىينىلىپ، خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ بىردىن ئايال بېرىشنى تىلەپتۇ. ئۇلارنىڭ نالىسى خۇداغا يېتىپ، خۇدا

بۇلارغا ئاسماندىن بىردىن پەرىزات چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ پەرىزاتلار بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئاۋۇپ ھازىرقى كەلپىن پەيدا بولغانىكەن.

ئۇلار ئەڭ دەسلەپ كەپە ياساپ ئولتۇرغانلىقتىن، بۇ جاي دەسلەپ «كەپە» دەپ ئاتىلىپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجىي «كەلپىن» بولۇپ قالغانىكەن.

# تۇرپان

رىۋايەت قىلىنىشىچە، توپان بالاسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ دۇنيانىڭ مەلۇم جايلىرىدا توپان بالاسىنىڭ سۇلىرى قېپقالغانمىش. شۇنداق جايلارنىڭ بىرى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدىكى سۇ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا ئازلاپ خاسىيەتلىك ئايدىڭكۆلنى هاسىل قىلغانمىش.

بۇ كۆلنىڭ سۈيى كۆپەيسە كۆپىيىپتۇكى، ئازلاپ كەتمەي هازىرقى هالەتتىكىدەك تۇرغاچقا، خېلى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە كىشىلەر «بۇ كۆلنىڭ سۈيى توپان بالاسىدىن قېپقالغان سۇ» دەپ، بۇ دىيارنى «توپانلىق» دېگەن نام بىلەن ئاتاشقانىكەن.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «توپان» سۆزى «تۇرپان» دېگەنگە ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

# ئىدىقۇت

## 1

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى دىياردا دەقيانۇس ئىسىملىك بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن مال - ۋارانلىرى بولۇپ، ئۆزى بېقىشقا خۇشتار ئىكەن. بۇ پادىچى خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوي بېقىپ يۈرۈپ بىر پارچە خەت پۈتۈلگەن قەغەزنى تېپىۋاپتۇ، خەتكە شۇنچە سىنچىلاپ قارىغان بولسىمۇ ئۇنى ئوقۇيالماپتۇ. ئۇ خەتنى قويىنىغا سېلىپ تاغ ئۆڭكۈرىدە ياشايدىغان شۇ دەۋردىكى مەشھۇر دانىشمەن بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. دانىشمەن بوۋاي شۇنداق قېرى ئىكەنكى، ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى، قاشلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن، كۆزلىرى قېرىلىقتىن پۈرلىشىپ يۇمۇلغانىكەن.

بوۋاي خەتنى ئالغاندىن كېيىن كۆزىنىڭ چاناقلىرىغا ياغاچنى تىرەك قىلىپ ئۇنى ئوقۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. دەقيانۇس بوۋاينىڭ كۈلگىنىگە ئەجەبلىنىپ، كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم، ساڭا بەخت يار بوپتۇ. خەتتە يېزىلىشىچە، سەن ياشايدىغان ئاشۇ ماكاندىكى يوغان

جوجەمنىڭ غولىغا ئۇدۇل تۇرۇپ، دەسلەپ شىمالغا ئۈچ يۈز ئاتمىش تۆت چامدام، ئۇنىڭدىن كېيىن شەرققە ئون ئىككى چامدام مېڭىپ شۇ يەرنى كولىساڭ، بىر خەزىنىگە ئېرىشىدىكەنسەن. قېنى، بەختىڭنى سىناپ كۆرەرسەن، ئوغلۇم!» دەپتۇ. دەقيانۇس بوۋايغا تەزىم بىلەن رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى ئۈچ ـ تۆت ئاغىنىسىنى چاقىرىپ بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەرنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. يەتتە ـ سەككىز يۈز گەزچە كولىغاندىن كېيىن ئۇلار بىر ھەيۋەتلىك ئالتۇن ئىشىككە دۇچ كەپتۇ. يەنە بىرئاز كولىغاندىن كېيىن يوغان بىر تاش چىقىپتۇ. تاشنى قومۇرۇپ تاشلىغانىكەن، ئۇنىڭ ئاستىدىن پارقىراپ تۇرغان يوغان ئالتۇن ئاچقۇچ چىقىپتۇ. ئۇلار ئاچقۇچنى ئېلىپ ئاتنىڭ بېشىدەك يوغانلىقتىكى قۇلۇپقا سالغانىكەن، شۇ ھامان يەتتە قېتىم داراڭلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئاندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۇلار قىزىل، يېشىل، ھال رەڭ قاتارلىق ھەر خىل نۇرلار چېچىلىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك سارايىنى كۆرۈپتۇ. نۇر چېچىپ تۇرغان گۆھەرلەرنىڭ يورۇقىدا ئۇلار ھېچبىر قىينالماستىنلا سارايغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت قاتارلىق ئېسىل تاشلار بىلەن تولغان قىرىق بىر ھۇجرىنى كۆرۈپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى بوۋايغا مەلۇم قىپتۇ. بوۋاي ئۇلارغا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك مەسلىھەت ـ كېڭەشلەرنى بېرىپتۇ. دەقيانۇس شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ئالتۇن ـ كۈمۈش تېپىۋالغان جايغا ھەشەمەتلىك ئوردا سالدۇرۇپتۇ، شەھەر قۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. دەقيانۇس شۇ شەھەرگە شاھ بوپتۇ، دانىشمەن بوۋاينى ئۆزىنىڭ ۋەزىرى قىپتۇ.

## 2

شۇنىڭدىن كېيىن دەقيانۇس ئەتراپتىكى كەڭ زېمىنلارنى ئۆزىگە قارىتىپ مەشھۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنى قۇرۇپتۇ. بۇ جاينىڭ نامى شۇنىڭدىن باشلاپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقىلىشقا باشلاپتۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تۇرپان ئويمانلىقىنى ئاساس قىلىپ، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىنىمۇ ئۆز دائىرىسىگە ئاپتۇ. ئۇلار بۇ جايلاردا مال باقىدىغان گۈزەل يايلاقلارنى، ئارام ئالىدىغان ھەشەمەتلىك شەھەرلەرنى بىنا قىپتۇ. دەسلەپتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىرىنى تۈركچە «ئارسلانخان» دېگەن نام بىلەن ئاتاپتۇ. كېيىنچە ئۇلار چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ، پادىشاھلىرىنى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. «ئىدىقۇت» قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى بولۇپ، «ئىدى» سۆزى «مۇقەددەس» دېگەن مەنىنى، «قۇت» سۆزى «بەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئىككىسى قوشۇلۇپ «مۇقەددەس پادىشاھ»، «مۇقەددەس بەخت ئىگىسى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىنىمۇ «ئىدىقۇت» دەپ ئاتاپتۇ.

# تويـۇق

قـەدىمدە تۇرپاندا ياشىغۇچى ئاۋام خەلقلەردىن ئۆز دىنـىـدىن گۇمانلانغۇچى يەملەيخا، ماكسىلمىنا، ئازارپەت يـۇنـۇس، كاشاپەت يۇنۇس، يۇۋايۇنۇس قاتارلىق ئىخلاسمەن مۇخلىـسـلار ھەقىقىي تەڭرىنى ئىزدەپ تېپىش كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار بۇرۇن قۇياش، ئاي، ئوت قاتارلىقلارغا چوقۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ھېچ قانائەت ھاسىل قىلالماي، پۈتۈن دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك تەڭرى بار، ئۇ پۈتكۈل كائىناتنى، مەخلۇقاتنى ياراتقان، ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەن. ئۇلار ھەقىقىي تەڭرىنى ئىزدەش يولىدا خېلى جايلارنى كېزىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىر دەقيانۇس شەھىرىگە كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىسمىمۇ دەقيانۇس ئىكەن. پادىشاھ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئۇلار شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي جاھانكەزدىلەر، سىلەر نېمە مەقسەت بىلەن بۇ يۇرتقا كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار:

— بىز ھەقىقىي خۇدانى ئىزدىگۈچىلەرمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ھەقىقىي خۇدا مەن بولىمەن، — دەپتۇ دەقيانۇس

ھېچ تارتىنماستىنلا، — ئىشەنمىسەڭلار، مانا بۇ جەننەت ۋە دوزاخ، — دەپ مەخسۇس ياساتقان چارباغلارنى، تېگىدە گۈل-خانلار يېنىپ تۇرغان زىندان ۋە ئوتتەك قىزىپ تۇرغان قۇم-لۇق جازا مەيدانلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار ئامالسىز، يالغاندىن ئۇنىڭ خۇدالىقىغا ئىشىنىپتۇ. دەقيانۇس خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرىدا بىرقانچە ۋاقىت تۇرۇش-قا ئىجازەت بېرىپتۇ.

دەقيانۇس قىمار ئويناشقا بەك ھېرىسمەن بولۇپ، كۈندۈ-زى ئۆزىنىڭ خۇدالىقىنى تەشۋىق قىلسا، كېچىسى قىمار ئوي-نايدىكەن. ئۇنىڭ مەخسۇس كۆندۈرۈلگەن مۈشۈكى بولۇپ، قىمار ئوينىغاندا ئىنتائىتمەنلىك بىلەن بېشىدا چىراغ كۆتۈرۈپ جىم تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى كىشىلەر، بىر تەرەپ-تىن، ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ خۇدالىقىدىن گۇمانلىنىپتۇ. راست - يالغاننى ئايرىش ئۈچۈن، ئۇلار چاش-قاننى تىرىك تۇتۇپ، قىمار سورۇنىغا يوشۇرۇن ئەكىرىپ، قىمار راسا ئەۋجىگە چىققاندا دەقيانۇسقا تۇيدۇرماي چاشقاننى مۈشۈككە كۆرسىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. مۈشۈك خۇدنى يوقى-تىپ چاشقانغا بىر ئېتىلغانىكەن، بېشىدىكى چىراغ يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كېتىپتۇ، سورۇن قالايمىقانلىشىپتۇ، پادى-شاھنىڭ خۇدالىقى چېنىپ قاپتۇ. پادىشاھ دەقيانۇس ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ بۇ مۇخ-لىسلارنى كۆزدىن يوقاتمىسا، ئۆزىنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى «خۇدا»لىق ئابرۇيىغا قاتتىق تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنى ئۆجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بوپتۇ. بۇ ئىشنى ئاللى-بۇرۇن سېزىۋالغان يىگىتلەر شۇ كېچىسى پۇرسەتتىن پايدى-لىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. دەقيانۇس دەرغەزەپكە كېلىپ، چا-پارمەنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە

بۇيرۇپتۇ. يىگىتلەر بىر قويچىغا يولۇقۇپتۇ. قويچى ئۇلارنى ئۆزى دائىم دەم ئالىدىغان بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپتۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دەل هازىرقى تۇيۇققا كەلگەن ۋاقتى ئىكەن. دەقيا-نۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆڭكۈرنى سىرلىق يەر، تۇيۇق يەر، دەپ تونۇپ، بۇ يەرنى «تۇيۇق» دەپ ئاتىشىپتۇ.

# غايىب شەھەر

غايىب شەھەر[1] گە بېرىپ قالغان ئادەملەر بوك -
باراقسان ئۆسكەن تال باراڭلارنى، مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈم-
لەرنى ۋە پاكىز تازىلانغان ئۆيلەرنى ھەمدە ئۇ يەر - بۇ يەردە
ھۆل بولۇپ قالغان جايلارنى كۆرىدىكەن. بۇ ئاشۇ غايىب شە-
ھەر ئادەملىرى ناماز ئۆتەش ئۇچۇن تاھارەت ئالغان چاغدا سۇ
تۆكۈلگەن جاي ئىكەن. بىراق، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى كۆ-
رۈنمەيدىكەن. كەچ كىرگەندە ئۇ يەرگە بېرىپ قالغان ئادەملەر
شامالدىن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھلىنىش
ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ ئەمدى يېتىشىغىلا، «مېنىڭ ئورنۇمدا
يېتىۋېلىپ، مېنىڭ ئورنۇمدا يېتىۋېلىپ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلى-
نىدىكەن. ئۇ يەردە تۈنەمەكچى بولغان ئادەم ئىلگىرى ياتقان
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ باشقا بىر جايىغا بېرىپ يېتىشىغا
يەنە يۇقىرىدىكى سۆز ئاڭلىنىدىكەن. ھېلىقى ئادەممۇ ئۇ ئو-
رۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىدىكەن. ئىش مۇشۇ تەرىقىدە
تەكرارلىنىۋېرىدىكەن. ھېلىقى ئادەم يۆتكىلە - يۆتكىلە ئاخىر
ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، يۈزىگە بىر شاپىلاق تېگىدىكەن، شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقىدىكەن.

---

[1] غايىب شەھەر — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر تۇرپاندىكى چۆلتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدىكەن.

# جوۋازچى مەھەللىسى

رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تۇرپان خانلىقى دەۋرىدە بىر ئادىل شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىكەن. ئۇ كۈندىلىك ئىشنى ئوردىدىكى دانىشمەن، ئۆلىما، يۇرت كاتتىلىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ دانا تەدبىر، پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىدىكەن. ئەگەر كىمكى ئۇنىڭغا ئەرز - هال ئېيتىپ كەلسە، كەلگۈچىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قارىقويۇق هۆكۈم چىقارماي، ئۆزى تەكشۈرۈپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىشەنچ هاسىل قىلغاندىن كېيىن هۆكۈم چىقىرىدىكەن. خەلق ئۇنىڭدىن رازى ئىكەن. شۇڭا، يۇرت ئامان، بازار ئاۋات، خەلقنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىكەن.

ئەنە شۇ دەۋرلەردە شاھ ئوردىسىغا يېقىن بىر مەھەللىدە، ئۆزىنىڭ هالال ئەمگىكى بىلەن جاهاندارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان سۇلتان مەمەت دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ باللىرى كۆپ ئىكەن. لېكىن كىچىك بولغاچقا، ئىشقا ياردىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئايالى ئاق كۆڭۈل، سەممىي، قانائەتچان ئىكەن. سۇلتان مەمەت ئوردا جوۋازخانىسىدا ياغ تارتىپ تاپقان ئىش هەققىگە تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن.

شاھ ئوردىسىدا بىرەر هۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتمىغان، يۇگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلىپ جان باقىدىغان، ئىچى يامان

هارۇن ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ دائىم كىشىلەر-نىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ ھەر دائىم كىشىلەرنىڭ ئىشىدىن يوچۇق ئىزدەپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى سۇلتان مەمەت شاھ ئوردىسى ئۇ-نىڭغا بەرگەن بىر قاپاق ياغنى ئېلىپ ئۆيىگە كېتىپ بارسا، ئوردا ئىشىكى ئالدىدا ھارۇن بۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇزۇندىن بۇيان سۇلتان مەمەتنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلىپ كېلىۋاتقان ھارۇن ئەمدى بۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش پۇرسىتى كەلدى، دەپ ئويلاپ، پايپاسلاپ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ - دە:

— كەرەملىك شاھىم، دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ. مەن تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن خېنىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بازارغا چىق-قانىدىم، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىپ قايتىپ كېلىۋاتسام، ئوردا جوۋازچىسى سۇلتان مەمەت بىر ئىدىش ياغنى ئېلىپ مىڭ تەسلىكتە كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنى زادى نېمە قىلىدىغاندۇ، دەپ ئارقىسىدىن ماراپ بارسام، ئۇدۇل كۈنچە-قىش بازىرىدىكى ماموت ياغچىنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. پادىشاھى ئالەم، ئوردىنىڭ نەرسىسىنى مۇشۇنداق ئوغرىلىسا، قانداق بولغىنى؟ ! مەن بۇنىڭغا چىدىيالماي، شاھىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىشىم، — دەپ ئەرز قىپتۇ. پادىشاھ بىرئاز سۈ-كۈتكە چۆمۈپ، ئاندىن ھارۇندىن:

— سەن ئۇنىڭ بىر ئىدىش ياغنى ئېلىپ ماڭغىنىنى قاچان كۆردۈڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىم، مەن ئۇنى تۈنۈگۈن نامازدىگەردە كۆر-دۈم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھارۇن. پادىشاھ ھارۇننىڭ جاۋا-بىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يالغان سۆزلەپ، چېقىمچىلىق قىلىپ، ئارىغا ئىختىلاپ سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ، ئۆ-زىنىڭ سۇلتان مەمەتكە بىر قاپاق ياغ بېرىشنى ئوردا خىز-

مەتچىسىگە ئىپتقانلىقىنى ئەسلەپتۇ. هارۇن پادىشاھنىڭ جىددىي قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— شاھىم، ئۇنىڭ ئىشى بولا ئەمەس. ئۆزلىرىگە تارتىلىدىغان ياغنى يالغان مەلۇم قىلىپ، قالغان قىسمىنى ئۆيىگە ئەكېتىدۇ تېخى، — دەپ ئەزۋەيلەپتۇ. پادىشاھ هارۇننىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— ئەتە جۇۋازخانىغا بېرىپ سۇلتان مەمەتنىڭ ياغ تارتىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلەيلى، — دەپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ هارۇن بىلەن جۇۋازخانىغا بېرىپ ئۇ يەرنى ئوبدان تەكشۈرۈپتۇ. سۇلتان مەمەت بىر خىلدا بېرىلىپ ياغ تارتىۋاتقانىكەن. پادىشاھ غوجىدارنى چاقىرتىپ، بېرىلگەن كۇنجۇت بىلەن تارتىلغان ياغنىڭ ھېساباتىنى سوراپتۇ. غوجىدار ھېساباتىنى تولۇق بېرىپتۇ. پادىشاھ ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماي جۇۋازخانىدىن چىقىپ، هارۇنغا قاراپ:

— سەن ئەتە جاڭگالغا بېرىپ بىر تاغار تۆمۈرتىكەن تېرىپ كەلگىن، ھۆل بولسا بولمايدۇ، — دەپتۇ. هارۇن كۆڭلىدە بەك خۇش بولۇپ، سۇلتان مەمەتنىڭ تاماشىسىنى كۆرمەك مەقسىتىدە ئەتىسى بىر تاغار تۆمۈرتىكەننى هايال قىلماي تەييارلاپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ جاكارچىسىغا:

— يۇرت خەلقىنى جازا مەيدانىغا يىغىڭلار ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. خالايىق جازا مەيدانىغا يىغىلىپتۇ. پادىشاھ جازا مەيدانىغا تاختاي ياتقۇزۇشنى بۇيرۇپتۇ، تاختاي ئۈستىگە هارۇن ئەكەلگەن تۆمۈرتىكەننى يېيىتىشقا بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ هارۇندىن:

— چىقىمچىنى قانداق جازالاش كېرەك ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ سۇلتان مەمەتنى جازالاش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان

تەييارلىق، دەپ ئويلاپ تۇرغان ھارۇنغا بۇ سوئال «خىيانەت-چىنى قانداق جازالاش كېرەك؟» دېگەندەك ئاڭلىنىپتۇ - دە، ئالمان - تالمان:

— پۇتۇن كىيىمنى سالدۇرۇۋېتىپ مۇشۇ تۆمۈرتىكەن ئۈستىدە دومىلىتىش كېرەك! — دەپ تاختاينى كۆرسىتىپتۇ.

— ئۇنداقتا سەن ئۆز گېپىڭنى ئەمەلدە كۆرسەتكىن. سەن چېقىمچىلىق قىلىپ، يالغان ئېيتىپ ياخشى كىشىلەرنى كۆيدۈرمەكچى بولدۇڭ، شۇنچە تەنبىھ بەرسەممۇ تۈزەلمىدىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ. ھارۇن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ جامائەتكە قاراپ:

— ئەي مۆمىن پۇقرالار، بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن بولماڭلار. ئەگەر بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن بولساڭلار، ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئوردا خىزمەتچىلىرىگە ھارۇننى جازالاشقا بۇيرۇپتۇ. ئوردا خىزمەتچىلىرى ھارۇننىڭ پۇتۇن كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ تۆمۈرتىكەن ئۈستىدە دومىلىتىپتۇ. ھارۇننىڭ پەريادى، يىغا - زارى ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچۈپتۇ. تاختاي ئۈستى قان بىلەن بويىلىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن خالايىق ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىك ئۈچۈن قەسەملەر قىلىشىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، پادىشاھ سۇلتان مەمەتنىڭ بالىلىرى كۆپ بولغاچقا، جۇۋازچىلىق بىلەن تۇرمۇشنى ياخشىلاپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوردا سىرتىدىن بىر پارچە يەرنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەمەت شۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇشنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ، يەنە بىرقانچە پارچە بىنەم يەرنى ئېچىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىغا بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قولۇم -

قوشنىلىرى كۆپىيىپ بۇ يەردە بىر مەھەللە پەيدا بوپتۇ. شۇ-
نىڭدىن باشلاپ بۇ مەھەللىنىڭ نامى «جۇۋازچى مەھەللىسى»
دەپ ئاتىلىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىرقى تۇرپان
شەھىرىدىكى «جۇۋازچى مەھەللىسى» دېگەن نام شۇنىڭدىن
قالغانىكەن.



# پىچان

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى تارىم دەريا-
سى ۋادىسىدا پىشامشان دېگەن بىر گۈزەل شەھەر بولغانىكەن.
بۇ ماكانىنىڭ ئادەملىرى ئۆز دەۋرىدە باياشاتلىق، توقچىلىق ئىل-
كىدە بىرنەچچە زامان خۇشال - خۇرام ھايات كەچۈرگەنىكەن.

ئەپسۇسكى، بىر يىلى تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئۈزۈلۈپ-
تۇ، يەرلەر قاغجىراپ، تېرىلغان زىرائەتلەر قۇرۇپ، قاتتىق
قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ. كىشىلەر ھاياتىنى، مال -
چارۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە كۆ-
چۈشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كىشلەرنىڭ بىر بۆلىكى
شۇ زاماندىكى ئەڭ گۈزەل، قويۇق ئورمانزارلىق، گۈل - گۈ-
لىستانلىق گۈلتاغ[1] باغرىغا كۆچۈپ بىلكىرام شەھىرىنى،
تاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدە چوڭ ھەسە، كىچىك ھەسە شەھەر-
لىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار بۇ ماكاندا بىرنەچچە زامان
ياشىغاندىن كېيىن، يەر ئاستى سۈيى چوڭقۇرلاپ كېتىپ، سۇ
يەرگە سىڭىپ كېتىدىغان، بۇلاقلاردىن سۇ چىقمايدىغان بو-
لۇپ، يەنە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ. شۇنداق قى-
لىپ، كىشىلەر يەنە كۆچۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار شىمال

① گۈلتاغ — ھازىرقى نامى چۆلتاغ.

تەرەپكە كۆچۈپ يەنە بىر شەھەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا «بۇلان»[①] دېگەن نامنى قويۇپتۇ.

بەختكە قارشى بۇ شەھەرنىمۇ مىلادىيىدىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى قۇم بېسىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر يەنە كۆچۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار كۆچۈپ يەنە بىر شەھەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا «پىچان» دېگەن نامنى قويۇپتۇ. بۇ نام تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى گۈزەل پىشامشان شەھىرى نامىنىڭ كېيىنكى زامانلاردىكى ئاتىلىشى ئىكەن.

① بۇلان ــــ بەزىلەر بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «بۇلان» (ئەڭ باشتىكى شەھەر) ئىدى دېسە، بەزىلەر «بۇلاق» ئىدى، يەنە بەزىلەر «فىششەھران» ئىدى، دېيىشىدۇ.

# توقسۇن

نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا قاتتىق يېغىلىقلار بولۇپ ئەل - يۇرت خاراب بو- لۇشقا يۈزلىنىپتۇ. بىر قىسىم كىشىلەر جان ساقلاش ئۈچۈن ئىدىقۇت پادىشاھلىقى تەۋەلىكىدىن پاناھلىق ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىرقانچە ۋاقىت يول يۈرۈپ، ئاخىر ئايغىر- بۇلاق تېغىدىن ئۆتۈپ، قۇمۇشلار ئۆسكەن بىر يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەلگەن يولۇچىلار مۇشۇ جايدا بىر- ئاز توختاپ، ئات - ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، ئاندىن يەنە سەپىرىنى داۋام قىلماق بوپتۇ، لېكىن قۇمۇشلۇقتىكى سۇ ئاچچىق بولغاچقا ئىچىشكە مۇمكىن بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇ ئىزدەپ، ئاخىر قۇمۇشلۇقنىڭ چېتىدىكى كىچىك تۆپىلىكنىڭ يانباغرىدىن سۈيى سۈزۈك بىر بۇلاقنى تېپىپتۇ. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا يوغان - يوغان قوغۇنلارنىڭ مەي باغلاپ پىشقانلىقىنى ھەم بۇلاق ئەتراپىدا بىرنەچچە تۈپ قوناقنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىپ كۆرسە سۇ تاتلىق ئىكەن. ئەسلىدە بۇ بۇلاق ئۆتكەن - كەچ- كەنلەر دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي بولۇپ، قوغۇنلار شۇ ئۆت- كۈنچى يولۇچىلار يېگەن قوغۇننىڭ ئۇرۇقىدىن، قوناقلار ئۆت- كۈنچىلەرنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى يېگەن قوناقتىن چېچىلىپ

قالغان ئۇرۇقلاردىن ئۇنۇپ قالغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
بۇ جايغا يۆتكىلىپ كەپتۇ ۋە ئەتراپنى كۆزىتىپ كۆرۈپ بە-
نەم ئېچىشقا كىرىشىپتۇ... بىرىنچى يىلىلا يېتەرلىك ئوزۇق-
لۇق ۋە يەم - بوغۇزغا ئىگە بوپتۇ. كېيىنكى يىلى ئۇلار يە-
نىمۇ كۆپرەك يەر ئېچىپ ئۇرۇق چېچىپتۇ، بىراق يەر كۆلە-
مى كېڭەيگەنسېرى سۇ قىسلىقى بىلىنىپتۇ. ئۇلار سۇ ئىزدەپ
يۇرۇپ تۇرپان تەرەپكە سوزۇلغان ئېدىرلىقنىڭ تۇمشۇقىدا
چوڭ بىر ئېقىننىڭ جەنۇبقا قاراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ
ئېقىن سۇنىڭ ئۇزلىرى تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان يەردىن يىراق
ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇلار بىرمەزگىل كېچە - كۈندۈز جا-
پالىق ئىشلەپ، سۇنى يېڭى چاپقان ئېرىق بىلەن باشلاپ كې-
لىپ زىرائەتلەرنى قانغۇچە سۇغىرىپتۇ. بىراق، ئىككى كۈن
ئۆتەر - ئۆتمەيلا سۇنىڭ ئاخىرى ئۇزۇلۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشنى
ئۇقۇپ كېلىشكە ئىككى ئادەم بېرىپتۇ. قارىسا، ئۇلار چاپقان
ئېرىقنىڭ ئېغىزى شاخ - شۇمبا، توپا بىلەن ھەم ئېتىۋې-
تىلگەنىكەن. ئۇلار ئېچىقنى باشقىدىن ئېچىپ سۇنى باشلاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ سۇدىن تۇرپان تەۋەلىكىدىكى يەمشىلىكلەر
زىرائەتلىرىنى سۇغىرىشتا پايدىلىنىپ كەلگەنىكەن. باشقا
يۇرتتىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ بۇ ئىشقا غەزەپلەنگەن يەمشى-
لىكلەر دەرھال يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئېچىق ئاچقان ئادەملەرنى
تۇتۇپ ئىدىقۇت پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

ئىدىقۇت پادىشاھى بۇ تۇتۇپ كېلىنگەنلەرنىڭ نىمە ئادەم-
لىكىنى، ئۇلار نىمە گۇناھ بىلەن بۇ يەرگە كەلتۈرۈلگەنلىكى-
نى تەپسىلىي سوراپتۇ. تۇتۇپ كېلىنگەنلەر پادىشاھقا ئۆزلى-
رىنىڭ ئەھۋالىنى بىرمۇبىر ئەينەن سۆزلەپتۇ ۋە ئاخىردا ئى-
دىقۇت پادىشاھىدىن ئۆزلىرىگە پاناھلىق بېرىشنى تىلەپتۇ.
ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ شۇ زاماندىكى پادىشاھى ئادىللىق بىلەن

نام چىقارغانىكەن. ئۇ شۇنداق پەرمان جاكارلاپتۇ: «مېنىڭ زامانەمدە ھەرقانداق پۇقرا باراۋەر، تىنچ ـ ئامان، ئاسايىشلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشكە تېگىشلىك. بۇ كىشىلەر يىراق يۇرتتىن تەۋەلىكىمىزگە پاناھلىق ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇلار بىزگە ئېغىرچىلىق سالماي، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ، شۇڭا ئۇلارغا ئازراق سۇ بۆلۈپ بېرىلسۇن. پايتەخت تەرەپلەردە ماكانلاشسىمۇ بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار شۇ يەرگە ماكانلاشقان بولسا، شۇ يەردە توختىسۇن» دەپتۇ.

ئۇلار پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە شۇ جايدا داۋاملىق تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىنچە بىنەملىك كېڭىيىپ بۇ يەر كاتتا يۇرتقا ئايلىنىپتۇ، يۇرتنىڭ نامىمۇ پادىشاھ ئېيتقان سۆز بويىچە «توختىسۇن» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنچە «ت» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ «توخسۇن»، كېيىنچە بولسا «توقسۇن» بولۇپ قالغانىكەن.

# ئۈرۈمچى

ئەفراسىياپ زامانىدا بىر بەگ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا تۇرلۇك هۇنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار-دىن قىرىق مىڭ كاسىپ بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىرىق نەپەر كىشى هال - ئوقىتى ياخشى، جەمەتلىك، يۈز - ئابرۇ-يى چوڭ بولغاچقا، هېلىقى بەگ ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ئۇلۇسنىڭ باج - سېلىق، ئۆشرە - زاكاتلىرىنى تاپشۇرۇش-نى، يەنى دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇشتەك شەرەپلىك ئىشنى ئۇستىگە ئالغانىكەن. بەگ دۆلەتكە سادىق بۇ قىرىق نەپەر باي-نىڭ سېخىي روهىدىن چەكسىز تەسىرلىنىپ، قول ئاستىدى-كى باشقا پۇقرالارنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باج - سېلىقىنى قىرىق يىلغىچە تاپشۇرماسلىق هەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن پۈتۈن ئۇلۇستىكى خەلق ۋە هېلىقى قىرىق نەپەر بايمۇ كۆپ خۇشال بوپتۇ.

قىرىق باي بەگنىڭ يارلىقى چۈشۈرۈلگەن كۈندىن باشلاپ خەلق ئۇستىدىكى ئېغىرچىلىقلارنىڭ يەڭگىللىگەنلىكىدىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز زىممىسىگە چۈشكەن يۈكنىڭ هەددى - هېسابسىز ئېغىر ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ ئەندى-شىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۆز هال - ئوقىتىنىڭ تاسادىپىي ئىلگىرى باسماي قېلىپ، كىرىمى تۆۋەنلەپ، مەجبۇرىيەتنى

ئۆتىيەلمەي قېلىپ، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. بايلار شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن ئەقىل – پاراسىتىنى ۋە كۈچ – قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئوقىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ، بەگلىك خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىپتۇ، بارلىق ئامالارنى ئىشقا سېلىپ، خىلمۇخىل پىلانلارنى تۈزۈپتۇ.

بايلارنىڭ ئىچىدە تۆمۈر باي دېگەن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مال – دۇنياسى ھەددى – ھېسابسىز كۆپ، بەگلىككە تاپشۇرىدىغان باج – خىراجىتىمۇ نۇرغۇن ئىكەن. بۇ باينىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرىدىغان ئاساسلىق ئادەم توققۇزىنچى ئوغلى (كەنجى ئوغلى) ساقار باي بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاساسەن ئۇنى «ئۆرۈمچى بەگ» دەپمۇ ئاتايدىكەن. بۇ دېگەنلىك، مالنى مالغا ئۆرۈگۈچى، يەنى ئالماشتۇرغۇچى بەگ دېگەنلىك بولىدىكەن.

ساقار باي مال – دۇنيا توپلاشتا دادىسىدىنمۇ چېۋەر، سېخىي، پۈتۈن ئوي – خىيالى بەگلىكنى روناق تاپتۇرۇشتا بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ قەدىم جايى دەقيانۇس شەھىرىدىن ئايرىلىپ، چوڭراق سودا بازىرى ئېچىش نىيىتى بىلەن ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ بىر لەڭگەر بىنا قىپتۇ. ئۇ كۆزتۇغاردىن كۈنپاتارغىچە سەپەر قىلىپ سودا قىلىۋاتقان سودىگەرلەر ئۈچۈن قونالغۇ تەييارلاپ، ئۇلارنى ئاش – تاماق بىلەن تەمىنلەپ، ماللىرىنى كېچىلىرى بىخەتەر ساقلاپ، ئۇلارنىڭ سەپىرىنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپتۇ. ساقار باينىڭ بۇنداق خالىسانە خىزمىتى تېز سۇرئەتتە يەتتە ئىقلىمغا يېيىلىپتۇ. باشقا يوللاردىن ئۆتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچى ئارقىلىق ماڭىدىغان بوپتۇ. ئۇلار ساقار باينىڭ لەڭگىرىدە بىر توختاپ ئۆتمە-

گۈچە كۆڭلى ئەمىن تاپمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ نام ـ
شۆھرىتى تارقالغانسېرى بۇ لەڭگەرگە كېلىدىغانلار تېخىمۇ
كۆپىيىپتۇ.

يۇقىرىقىدەك ئىشلار يەتتە يىل داۋاملىشىپتۇ. ساقار باي ـ
نىڭ كىچىك لەڭگىرى چوڭ بىر بازارغا ئايلىنىپتۇ. بۇنىڭ
بىلەن تىجارەتچىلەر مال ـ مۈلكىنى ئۇ شەھەردىن بۇ شە ـ
ھەرگە يۆتكەش ئۈچۈن جاپا چەكمەيدىغان، ساقار باينىڭ بازى ـ
رىغا ئەكېلىپلا ماللارغا ئالماشتۇرۇۋالىدىغان بوپتۇ.

ساقار باينىڭ قول ئاستىدىكى نىمكارلار بازاردىكى ھەر
خىل مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، كىرىمىنى
كۆپەيتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ساقار باينىڭ بايلىقىمۇ بارغانسېرى
كۆپىيىشكە باشلاپتۇ ۋە بەگلىككە تاپشۇرىدىغان باج ـ خىرا ـ
جىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ.

بەگ ساقار باينىڭ بۇ كارامەت ئىشىدىن بەك تەسىرلىنى ـ
نىپ، ئۇ بىنا قىلغان شەھەرنى ئۇنىڭ كەسپىي نامى «ئۆ ـ
رۈمچى» دېگەن نام بىلەن ئاتاش توغرۇلۇق پۈتۈن بەگلىك ۋە
چوڭ پادىشاھلىققا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ مەلۇم قىپتۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئۆرۈمچى» دېگەن سۆز «ئۈرۈم ـ
چى» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپتۇ ھەمدە بۇ شەھەرنىڭ نامى
مەشھۇر بوپتۇ ۋە تارىختىن ئورۇن ئاپتۇ.

# ئاناقوۋۇق

قەدىمكى زاماندا دەقيانۇس دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن
بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىسى كۈنچىقىشتىن كۈنپې-
تىشقىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇنىڭ دۆ-
لىتىدە بايلىق ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىكەن، ئادالەت ۋە
مېھرىبانلىق ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئالغان بولۇپ،
پادىشاھتىن پۇقرالارغىچە ئېجىل ـ ئىناق ئۆتىدىكەن.

دەقيانۇس پادىشاھ ئۆزىنىڭ پايتەختىنى ئۇلانبايىنىڭ يې-
نىدىكى تۆپىلىككە قۇرۇپ[1]، ئەتراپىنى بوستانلىققا ئايلاندۇ-
رۇپتۇ، شەھەرنى يەتتە قەۋەت سېپىل بىلەن دائىرىلەپ، ئۇنىڭ
چۆرىسىنى ئېقىن بىلەن قورشاپ، مۇستەھكەم قورغان ھالى-
تىگە كەلتۈرۈپتۇ، دۆلەتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەلنى
ياخشى باشقۇرۇپ مىڭ يىل سەلتەنەت سۈرۈپتۇ. دۆلەتنىڭ
ھەرقانداق ئىشىنى پادىشاھ دەقيانۇس ئانىسىنىڭ كۆرسەتمىسى
بويىچە بىر تەرەپ قىلسا نەتىجە چىقىدىكەن، بولمىسا، نەتىجە
چىقمايدىكەن. ئانىسىنىڭ شاراپىتى بىلەن دەقيانۇس دۆلىتىدىكى-
لەر مىڭ يىلغىچە پاراۋان، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

---

① ئۇلانبايىدىكى بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى كىشىلەر دەقيانۇسنىڭ شەھىرى دەپ ئاتىشىدۇ.

ھەرقانداق ياۋۇز رەقىبلەرمۇ بۇ ئەلگە ئالىيىپ قارىيالمايدىكەن.

كۇنلەردىن بىر كۇنى دەقيانۇس ئانىسىنى ئېلىپ ئوردا جامائەتچىلىكى بىلەن ساياھەت قىلىش مەقسىتىدە، ھازىرقى ئۇرۇمچىنىڭ ئورنىدىكى يايلاققا كەپتۇ. ئۇلار كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەر بەكمۇ گۇزەل يايلاق ئىكەن. يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، ئەتراپىدا بوك - باراقسان ئورمانلار ياشناپ تۇرغان، خىلمۇخىل قۇشلار سايرىشىپ، قوي، كالا، يىلقىلار يايلىشىپ يۇرگەن ئارامبەخش جاي ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردە خېلى ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، يۇزلىرىنى قورۇق باسقان، بەللىرى مۇكچەيگەن ھالدا ھاسىغا تايىنىپ، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش موماينى ۋە نەۋرىسىنى يېتىلىگەن بىر بوۋاي ئاسماندىن چۇشكەندەكلا دەقيانۇسنىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. دەقيانۇس بوۋاي - موماينى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ بارگاھىغا باشلاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ نام - شەرىپى، ھال - ئوقىتىنى سوراپتۇ. بوۋاي سۆز باشلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. بىز پادىچىلىق قىلىمىز ھەم زىرائەت تېرىيمىز، ئەمما پۇتۇن ئۆمرىمىز دەككە - دۇككىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. باشقا جايغا كۆچۇپ كېتەيلى دېسەك، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ كىندىك قېنى تۆكۇلگەن جايدىن زادى ئايرىلغۇمىز كەلمەيدۇ. سىلەر بۇ يەرگە كەلگەن كۇندىن باشلاپلا سىلەرگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، سىلەر بىزنىڭ يەر - جايىمىز، مال - مۇلكىمىزگە غەيرىي نىيەتتە بولمىدىڭلار، سىلەر ئاجايىپ ئەدەپ - ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئىكەنسىلەر. شۇڭا، سىلەرنىڭ بىزگە مەڭگۇ ھەمراھ بولۇشۇڭلارنى ئۇمىد

قىلاتتىم. ئەپسۇسكى، سىلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشۇڭلار، ھې-
سابسىز مۇلكۇڭلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ۋەيران بولۇش
ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا دەرھال ئالدىڭلارغا كېلىپ، سىلەرنى
بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

دەقيانۇس پادىشاھ بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ نېمە دې-
يىشنى بىلەلمەي ئانىسىغا قاراپتۇ. ئانا بوۋايدىن گەپنىڭ تې-
گى - تەكتىنى ئېيتىشنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ ئېگىز قىزىلتاغدىكى
غاردا يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئۇخلاپ ياتىدۇ. ئۇ قىرىق يىلدا
بىر قېتىم ئويغىنىپ سىرتقا چىقىدۇ. ئۇ ئاغزىنى ئاچسا،
ئۈستۈنكى كالپۇكى كۆككە، ئاستىنقى كالپۇكى تەھتىساراغا
تېگىدۇ. تىلى قىرىق مىڭ گەز ئۇزۇن، كۆزى شور دەريادەك
يوغان، قۇيرۇقى يەتمىش مىڭ گەز، پېشانىسىدە بىر پارقىراق
كۆزى بولۇپ، كۆزىنى ئاچسا، يەر يۈزىدىكى جانلىقلار كۆزىنى
ئاچالماي قالىدۇ. يالماۋۇز ھەر قېتىم سىرتقا چىقسا، يەر يۈ-
زىدىكى بارلىق جانلىقلارنى يوقىتىپ، جاھاننى قىرىق كېچە -
كۈندۈزگىچە توپا - چاڭ قاپلاپ تۇرىدىغان، نەچچە ئون يىل-
غىچە ھاياتلىق قەدەم باسالمايدىغان قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوي-
غىنىپ سىرتقا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. سىلەر دەرھال
بۇ زېمىندىن كېتىڭلار، مالىمانچىلىق ئاياغلىشىپ، جاھان
ئىزىغا چۈشكەندە يەنە كېلەرسىلەر، — دەپتۇ.

دەقيانۇس بوۋايدىن:

— سىلەر بۇ جايدا قانداق ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتىسى-
لەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ئۇدۇم بولۇپ كې-
لىۋاتقان بىر خىل سېھىرگەرلىك ھۈنىرىمىز بار، شۇنى ئىش-
قا سېلىش ئارقىلىق يالماۋۇزنىڭ بالايىئاپىتىدىن ساقلىنىپ

كېلىۋاتىمىز، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئۇ قانداق ھۆنەر؟ بىزگە ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟ ـــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھنىڭ ۋەزىرى. بوۋاي:

ـــ بۇ مەخپىي سىر ئىدى، ئەمما سىلەردەك ئېسىل ئادەملەرگە ئېيتىپ بەرمەي مەخپىي ساقلاپ نېمە قىلارمەن، ـــ دەپتۇ ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ بىرقانچە ئاق ۋە پارقىراق تېشى بارلىقىنى، ئۇنىڭغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئاغزىغا سېلىۋالسا، يالماۋۇز ھەرقانچە دەم تارتقان بىلەنمۇ ئۇلارنى سۈمۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

دەقيانۇسنىڭ ئانىسى بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

ـــ بىچارە بوۋاي، موماي، ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ مىڭ يىل ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ خىجىل بولۇپ ئۆكۈنۈۋاتىمەن. بۇ ياۋۇز ئىبلىس ئەسلىي مېنىڭ ئاتا ـ بوۋامنىڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغدىكى غاردا ياشايتتى. ئۇ ئەجدادلىرىمىزنى خۇددى سىلەرنى بوزەك قىلغاندەك بوزەك قىلغانىكەن. مەن ئەقلىمنى تېپىپ يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى بۇ يالماۋۇزنىڭ ئويغىنىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. پۈتۈن ئەل ساراسىمىگە چۈشۈپ پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. مەن دەرھال ئانامنىڭ ئاق ئېتىغا مىنىپ، بىر قولۇمغا قىرىق غۇلاچلىق سالغا، بىر قولۇمغا توققۇز غۇلاچلىق نەيزىنى ئالدىم ـ دە، غارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتتۈم. ئۇ ئويغىنىشى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندىم. ئۇنىڭ بىلەن قىرىق يىل ئېلىشىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە ئەمدى نەيزە سانجاي دېگەندە، يالماۋۇز ئۆكسۈپ يىغلاپ، شىمال تەرەپكە يۆتكىلىپ كېتىپ، ھالال مېھنەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، باشقىلارغا زىيان سالماي

ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇرغانىدى، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرى-
گە ئىشىنىپ ئۇنى قويۇپ بەرگەنىدىم. بۇ ئىبلىسنىڭ مېنىڭ
چاڭگىلىمدىن قۇتۇلۇپ، يەنە كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بو-
لىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۆزۈم بېرىپ ئۇنىڭ ئەدە-
پىنى بەرمىسەم بولمىغۇدەك.

دەقيانۇس ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ئانا، مەن سىزنىڭ تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ئوغلى-
ڭىز، سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بې-
رىپ ئۇ يالماۋۇزنى ئۇجۇقتۇرۇپ كېلەي، — دەپتۇ. كۆپ
تالاشلاردىن كېيىن دەقيانۇس ئانىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ، ئاق
ئېتىنى مىنىپتۇ، قولىغا ھىلال ئاي شەكىللىك زۇلپىقارنى
ئېلىپ بوۋاي كۆرسەتكەن تاغ تەرەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

قىزىلتاغقا چىقىپ غارغا قارىغۇدەك بولسا، يالماۋۇز ئۇيى-
قۇدىن ئەمدى ئويغىنىپ كۆزىنى ئۇۋۇلاۋاتقۇدەك. دەقيانۇس بار
ئاۋازى بىلەن توۋلاپتۇ. يالماۋۇز قۇلىقىغا بىر ئىشىنىپ -
بىر ئىشەنمەي سىرتقا چىقىپ قارىسا، ھەيۋەتلىك بىر ئاتلىق
يىگىت قولىغا قىلىچ تۇتقان ھالدا تۇرغۇدەك. يالماۋۇز بۇ
يەردە ياشىغان مىڭ يىل جەريانىدا ھەرقانداق كۈچلۈك مەخ-
لۇقمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا توغرا تۇرمىغانىكەن.

يالماۋۇز ئۆزىنى راۋۇرۇس ئوڭشاپ بولغاندىن كېيىن
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئىككى-
سى ئېلىشىپتۇ، شۇ ئېلىشقانچە يەتتە كېچە - كۈندۈز ئېلى-
شىپتۇ. يىگىت يالماۋۇزنىڭ ئالتە كاللىسىنى چېپىپ تاشلاپ-
تۇ. يالماۋۇزنىڭ تىللىرى ساڭگىلاپ، بارغانسېرى ئۇزىراپ،
ھالسىزلىنىپتۇ. دەقيانۇس پادىشاھنىڭمۇ پۈتۈن بەدەنلىرى
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ، ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ.
دەل مۇشۇ چاغدا دەقيانۇسنىڭ ئانىسى يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئوغ-

لىنىڭ بەرداشلىق بېرشىنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئانا دەرھال يالماۋۇزغا يېقىنلاپ كەپتۇ.

يالماۋۇز باشلىرى ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، ئەمما ئاتقا مەزمۇت ئولتۇرۇپ، قولىدا قىلىچىنى ئويىنىتىپ كې-لىۋاتقان بىر موماينى كۆرۈپ، غەيرىيلىك ھېس قىپتۇ، لې-كىن ئۇنى تونۇيالماپتۇ. ئانا سالاپەتلىك قىياپەتتە يالماۋۇزغا قاراپ:

— ياۋاشلارنى بوزەك قىلىشقا ۋە ئوغلۇمدەك باھادىر بى-لەن ئېلىشىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلدىڭ؟ سەن ۋەدىلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ دەرھال قانلىق قولۇڭنى تارت! — دەپتۇ. يالماۋۇز قانداقتۇر بىر تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، سەل ئىككىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇبى-يىتىگە تەن بەرمەي ھۆركىرەشكە باشلاپتۇ.

ئانا غەزەپ بىلەن كەلگىنىچە يالماۋۇزنىڭ شىللىسىگە سەكرەپ چىقىپ، كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ قىلىچىنى ئۇنىڭ گې-لىغا تەڭلەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. يالماۋۇز بىردىنلا سولى-شىپتۇ، قىلغان گۇناھىغا توۋا قىپتۇ ھەم قايتا بۇنداق شۇم-لۇق بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ يېلىنىشقا باشلاپ-تۇ. ئانا ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە زادى قۇلاق سالماي، ئۇنى شۇ مىنۇتتىلا جەھەننەمگە يولغا سايتۇ.

ئانا مۇبادا يالماۋۇز يەنە تىرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ دەرھال جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلى-شىغا ئوغلىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. دەقيانۇس دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمەي بىر مەزگىل ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ تۇرۇپ قاپتۇ، كېيىنچە پايتەختكە قايتىپ ئۇ يەردىمۇ تۇرۇپتۇ.

ئايلار، يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋېرىپتۇ. ئانىنىڭ چاچلى-

ـرى ئاقىرىشقا، بەللىرى مۈكچىيىشكە، چىشلىرى چۈشۈپ، يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈشكە باشلاپتۇ. دەقيانۇس پادىشاھ ئا-نىسىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كۆرۈپ بارغانسېرى تىت - تىت بولۇپ، كۆڭلى يېرىم بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھەم مېھرىبان ئا-نىسىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش، ھەم ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ داۋاملىق مۇقىم، باياشات تۇرۇشى ئۈچۈن تۆۋرۈك بولۇپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئويان ئويلاپ - بويان ئويلاپ بىر تەدبىر تې-پىپتۇ. ئۇ پايتەختتىن قىرىق مىڭ قەدەم شىمالغا بېرىپ ئۇ يەردىن بىر تۈز يەرنى تاللاپ، بىر شەھەر بىنا قىلدۇرماقچى بوپتۇ. شۇ بويىچە قىرىق مىڭ قەدەم بېسىپ ئۆلچەپتۇ. بۇ دەل ئۈرۈمچىنىڭ ئورنى ئىكەن. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپتۇ. قىرىق مىڭ بىناكارلىق ئۇستىسى بەل باغلاپ شەھەر قۇرۇش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى مە-لۇم قىپتۇ.

دەقيانۇس پادىشاھ قۇرۇلۇشچىلارغا ئۆزى باش بوپتۇ. ئۇلار قىرىق يىل كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلەپ تۆت قو-ۋۇقلۇق بىر كاتتا شەھەر بىنا قىپتۇ ۋە ئۇ شەھەرنى «ئۈ-رۈمچى» دەپ ئاتاپتۇ. شەھەر بەكمۇ ئېسىل بولغاچقا، پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە زىيارەت قىلىپ كېتىش ھەققىدە پەرمان جاكارلاپتۇ. پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكى قىرىق شە-ھەردىكى نەچچە مىڭ ئادەم ئۈرۈمچى شەھىرىنى زىيارەت قى-لىش ئۈچۈن تۈشمۇتۈشتىن كېلىشكە باشلاپتۇ.

خەلق ئەلمىساقتىن بېرى مۇنداق كاتتا شەھەرنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇلار پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئانىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ شەھەرنى بىنا قىلدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ئۇلۇغ ئانىنى بىر كۆرۈپ تاۋاپ قىلىپ قايتىش ئارزۇسىد-نى پادىشاھقا بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمگە ئا-

نىسىنى قانداق كۆرسىتىپ بولۇش ھەققىدە بىناكارلىق ئۇس-
تىلىرىدىن مەسلىھەت سورىغانىكەن، نەققاش بەگ جەنۇبىي
قوۋۇقنى ئالاھىدە ياساپ، شەھەرگە كىرگەن ـ چىققانلار كۆ-
رۈپ بولغۇچە ئانىنىڭ شۇ قوۋۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۇرۇشى
ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئانا بۇ يېڭى شەھەرگە كېلىپ،
جەنۇبىي قوۋۇققا چىقىپ، قوۋۇقنىڭ ئىككى ياقتىكى يان يا-
غىچىغا دەسسەپ جەنۇبقا قاراپ تۇرۇپتۇ. پۈتۈن خەلق ئانىنىڭ
ئايىغىغا يىقىلىپ كۆز يېشى قىلىپ، تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈشۈپ-
تۇ. كىشىلەر شۇ تەرىقىدە ئۈچ ئايدا ئاران ئۆتۈپ بوپتۇ. ئانا
كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى دەپ، يەرگە چۈشۈپ ئارام ئېلىۋېلىشنى
ئويلىماپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئانىغا چىن قەلبىدىن تاۋاپ قى-
لىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دەقيانۇسمۇ ئانىنى ئارام ئېلىۋېلىشقا
دەۋەت قىلىپ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. توپتوغرا
ئۈچ ئاي توشۇپ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەم تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈپ
بولغاندىن كېيىن دەقيانۇس ئانىسىنى پەسكە ئالاي، دەپ بې-
لىندىن كۆتۈرسە يەردىن زادىلا ئۈزۈلمەپتۇ. سىنچىلاپ قارىغۇ-
دەك بولسا، ئانا ئەۋلىيا قىياپىتىگە كىرىپ تاشقا ئايلىنىپ
قالغانىكەن. دەقيانۇس داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئەتراپتىكىلەر
دەقيانۇسنى مىڭ تەسلىكتە شەھەرگە قايتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇ دۆ-
لەت سوراش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

# ئوغلانباي

1

دەقيانۇس پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئوغلانباي ئىكەن. ئوغلانباي كىچىكىدىن تارتىپ ئات مىنىشنى، ئوقيا ئېتىشنى، ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئون يەتتە ياشقا كىرگەن كۈنى دەقيانۇس پادىشاھ ئوغلىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپتۇ. مەرىكىگە پۈتۈن ئوردا ئەھلى ۋە يۇرت كاتتىلىرى قاتنىشىپ ئوغلانباينى تەبرىكلەپتۇ. جامائەت ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن ساز، ناخشىغا ۋە ئوردا ئالدىدىكى سەينادا لەرزان، شوخ ئۇسسۇلغا چۈشكەن يىگىت ـ قىزلارغا مەھلىيا بولۇپ كېتىپتۇ.

ئوغلانباينىڭ كۆڭلىرى كۆپىنچە ئوردا ئىچىدە ئۆتكەن بولغاچقا، بۈگۈنكى مەرىكىگە كەلگەن كىشىلەر توپىغا قارىغانسېرى خۇشال بولۇپ، ئوردىنىڭ ئېخمۇ ئېگىز يېرىگە چىقىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا يىراقتىكى بىر گۈللۈكتە غەمكىن ئولتۇرغان بىر قىزغا چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە، ياساۋۇللارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ دەرھال دادىسىنىڭ بوز ئېتىغا مىنىپ، ئوردىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن ئۇچقاندەك چىقىپتۇ ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچ-

قوچە ھېلىقى قىزچاقنىڭ قېشىغا كېلىپ بوپتۇ. ئوغلانباي ئاتتىن چۈشۈپ، قىزچاقنىڭ چىرايىغا يېقىۋاشتىن تىكىلىپ قارىغانىكەن، ئالدىدا ئاي دېسە ئايدىن گۈزەل، كۈن دېسە كۈندىن گۈزەل بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. ئوغلانباي قىزغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ قىزنىڭ ئالدىغىلا يىقىلىپ يېتىپ قاپتۇ. قىزچاق تۇيۇقسىز بولغان بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرغان جايىدىن تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈلگەن قۇندۇزدەك سۇمبۇل چېچىنىڭ ئۇچى ئوغلانباينىڭ سەبىي يۈزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئوغلانباي چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئوغلانباي شۇ ئەسنادا ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى قىزدىن سورىغانىكەن. قىز:

— بۇلارنى ئۆزىڭىزدىن سوراڭ، مەن قانداقمۇ بىلەي؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئوغلانباي ئۆزىنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە:

— بۇ نېمە كارامەتتۇ؟ ئوردىنىڭ راۋىقىدىن سىزنى بىر كۆرۈش بىلەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى زادى بىلەلمەيۋاتىمەن. مېنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىڭ، مەن زادىلا بولالمايۋاتىمەن. سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئوردىمىزنىڭ ئەتراپىدىلا تۇرۇپ ئەجەب نېمە ئۈچۈن مەن سىزنى بۇرۇن كۆرمىدىم؟ — دەپتۇ. قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، يىگىتنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ سۆزىنى باشلاپتۇ:

— مېنىڭ ئىسمىم شېرىن، دادام ئەسلىي دادىڭىزنىڭ لەشكەرلىرىدىن، ئانام بولسا ئانىڭىزنىڭ ئۇزۇن يىل خىزمىتىنى قىلغان دېدەكلىرىدىن ئىكەن. مەن ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا دادام ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. سىز

تۇغۇلغان كۈنى ئانامۇ ماڭا تولغاق يەۋاتقانىكەن. ئوردىدا ئىككى بوۋاق بىر كۈندە تۇغۇلۇپ قالسا، بۇ شۇملۇقنىڭ بې-شارىتى بولىدۇ، شەۋكەتلىك تەختىمىزگە غايىبانە شېرىك پەيدا بولۇپ قېلىپ، كەلگۈسىدە ماجىرا تۇغۇلىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن سىزگە ئىنىكئانىلىقا ئالاھىدە ئەكىرگەن ئانامنى ئور-دىدىن ئۆز كۆلبىمىزگە ئەكېلىپ قويۇپتۇ. تۇل ئانام قاتتىق تولغاق ئازابىنى يۇتۇپ مىڭ بىر ئازابتا يالغۇز ئۆيدە مېنى تۇغقانىكەن. مەن قىرىق كۈنلۈك بولغاندىن باشلاپ، ئانام مې-نى ئۆيگە قويۇپ، ئۆزى كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە نان يېقىپ، كىر - قات يۇيۇپ، يېمەكلىك تېپىپ كېلىدىغان بولدى. بۈگۈن سىزنىڭ بۇ مەرىكىڭىزنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مېنى بۇ يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئوردىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزى ئۇزۇن يىل خىزمىتىنى قىلغان ئانىڭىزنىڭ پەرزەنتى بولغان سىزنى بىر كۆرۈپ كېلىشنى نىيەت قىلىپ كېتىپ قالغانىدى. مې-نىڭمۇ سىزنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى. مەنمۇ ھازىر سىزگە ئوخشاش بولۇپ قالدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىمى-نى ئۆزۈممۇ بىلمەيۋاتىمەن.

ئوغلانباي بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— بۇ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك. بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمىساق بولغۇدەك، — دەپتۇ.

— سىز بىر شاھزادە، مەن بولسام بىر تۇل خوتۇننىڭ قىزى. بىزنىڭ مۇشۇنداق ھالەتتە ئولتۇرغىنىمىزنى باشقىلار كۆرسە، دەرھال شاھقا مەلۇم قىلىشى تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا سىزگە ھېچ گەپ ئەمەس، مېنىڭ ئەھۋالىم قىيىن بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، دەرھال ئوردىغا قايتىپ كەتكىنىڭىز تۈزۈك، — دەپتۇ شېرىن. قىزنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئوغلانباي بەك-مۇ تىت - تىت بولۇپ:

— شېرىن، ئۇنداق قىلساق بولمىغۇدەك، مېنىڭ ئەمدى ئوردىغا قايتىشىم بەكمۇ مۇشكۇل، چۈنكى دادام رۇخسەتسىز ئوردىدىن چىقىپ كەتكەن باللىرىغا ھەرگىزمۇ رەھىم قىلماي جازالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن سىزدىن ئايرىلالمىغۇدەكمەن. ئىككىمىز بىرلىكتە سەپەر قىلىپ، يىراق جايلارغا بېرىپ ئۆز خاھىشىمىز بويىچە تىرىكچىلىك قىلساق ۋە شۇ ئارقىلىق مۇراد - مەقسىتىمىزگە يەتسەك، — دەپتۇ. قىز چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، ماڭا ئاشىق بولغان يىگىت مېنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتىمنى ئادا قىلىشى كېرەك: بىرىنچى شەرت، ماڭا ئەگىشىپ پىيادە مېڭىشىڭىز كېرەك؛ ئىككىنچى شەرت، كۆزلىگەن نىشانغا بارغاندىن كېيىن، مەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇشىڭىز كېرەك؛ ئۈچىنچى شەرت، ئەگەر سەپەردە مېنىڭ قارامنى يوقىتىپ قويۇپ مېنى تاپالمىسىڭىز، ئۆزدىڭىز مېڭىپ ھېرىپ قالغان يەردە بىر شەھەر بىنا قىلىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشىڭىز كېرەك. مەن كېيىنرەكلەر بىلەن شەھەرگە كىرىپ، داغدۇغىلىق توي قىلىپ ۋىسال ئارزۇيىمىزغا يېتىمىز، — دەپتۇ - دە، بۇلاق سۈيىنىڭ ئېقىشىنى بويلاپ مېڭىپ بىر باغقا كىرىپ كېتىپتۇ. ئوغلانبايمۇ قىزنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ مېڭىپتۇ. قىز بىر راۋاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ يوقىلىپ كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن راۋاقنىڭ يەنە بىر ئىشىكىدىن بىر كېيىك چىقىپ كېتىپتۇ. ئوغلانباي دەرھال راۋاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا قۇرۇق ھۇجرا، ئىنس - جىننىڭ شەپىسى يوق، ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ دەرھال ئىسىنى يىغىپ، ھېلىقى كېيىكنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپتۇ. ئوغلانباي شېرىن قىزنىڭ ئات مىنمەي پىيادە ماڭىمىز دېگىنى بويىچە پىيادە مېڭىپ،

تولىمۇ تەسلىكتە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ شۇ مېڭىشى بى-لەن قىرىق كېچە - كۈندۈزدە ئۇرۇمچىگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، بۇ يەر ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، زۇمرەتتەك كۆللەر باغرىدىن ئورۇن ئالغان ئارامبەخش بىر ماكان ئىكەن. ھېلىقى كې-يىكمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئۇدۇل كۆلگە كىرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئوغلانباي كۆل بويىغا كېلىپ سۇ يۈزىگە سىنچىلاپ قا-رىغانىكەن، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. نېمە قىلارىنى بى-لەلمەي ئۇيان قاراپ - بۇيان قاراپ قاتتىق بىئارام بوپتۇ. شۇ تەقلىدتە ئۇ كۆلگە يەتتە كېچە - كۈندۈز قاراپ تۇرۇپتۇ، بىراق كېيىك يەنىلا كۆرۈنمەپتۇ. ئوغلانباي ئەس - ھوشىنى يىغىپتۇ، شېرىن قىزنىڭ ئىككىنچى تەلىپىنى ئورۇنداشنى خىيالىدىن كەچۈرۈپتۇ. ئۇ پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ، قىرىق يىل تىنىم تاپماي ئىشلەپ، مىڭ بىر جەبىر - جاپا بىلەن بىر شەھەر قۇرۇپ چىقىپتۇ. شەھەر پۈتۈپ، ئوغلانباي شۇنداق بېشىنى كۆتۈرگە-نىكەن، شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن بىر توپ كىشىلەر، كۈنپېتىش تەرىپىدىن بىر توپ كىشىلەر داقا - دۇمباقلارنى چالغان، ئۇسسۇللارنى ئوينىغان ھالدا شەھەرگە كېلىۋاتقۇدەك. ئوغلانباي سىنچىلاپ قارىغانىكەن، كۈنچىقىش تەرەپتىكىلەر دادىسى پادىشاھ دەقيانۇس باشچىلىقىدىكى كىشىلەر، كۈنپې-تىش تەرەپتىكىلەر مەلىكە شېرىن باشچىلىقىدىكى بىر توپ كېنىزەكلەر ئىكەن. ئۇلار شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىپ، ئوغلانباينىڭ كاتتا ئەمگىكىگە تەھسىنلەر ئېيتىپتۇ ۋە ئۇ-نىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. ئوغلانباي قارىسا، دادىسى دەقيانۇس ئۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ كۆزى كور بولۇپ قالغا-

نىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلۇپتۇ. ئوغلانباي شېرىن قىز بىلەن كۆرۈشكىلى بارسا، ئۇ شېرىن قىز بولماي، بەلكى شېرىنغا ئوخشاش ياسىنىپ كەلگەن شېرىننىڭ دوستى ئىكەن. مەلىكە شېرىن كېيىكلىك ھالىتىدىن تېخى قايتمىغانىكەن. ئوغلانباينىڭ كۆڭلىگە دەرھال شېرىن قىزنىڭ ئۈچىنچى شەرتى كەپتۇ ــ دە، شۇنى ئورۇندىماي تۇرۇپ بۇ قىسمەتنىڭ يېشىلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇنداشقا كىرىشىپتۇ. ئەسلىدە يېگى پۈتكەن بۇ شەھەرنىڭ شىمالىدىكى بىر كۆھىقاپتا ياتقان يەتتە باشلىق بىر يالماۋۇزنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا يېڭى پۈتكەن شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا سېلىنغان قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانىكەن. مۇبادا ئۇ ئاچقۇچنى قولىغا ئالمىغاندا شەھەرگە كىرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوغلانباي دەرھال دادىسىنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ، بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مىسران قىلىچىنى ئېلىپ، يالماۋۇزدىن ئاچقۇچنى ئەكېلىشكە ئاتلىنىپتۇ. ئوغلانباي يالماۋۇز بىلەن قىرىق يىل ئېلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئاجايىپ چىداملىقى ۋە جاسارىتىدىن تەسىرلەنگەن يالماۋۇز ئاغزىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ بېرىپتۇ.

ئوغلانباي شەھەرگە كىرىپ، ئوردا دەرۋازىسىنى ئېچىپ پۈتۈن جامائەتنى باشلاپتۇ. ئوغلانباينىڭ باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرىدىن تەسىرلەنگەن دەقيانۇسنىڭ كۆزىدىن تارام ــ تارام ياشلار ئېقىپ بىر ئېرىق ھاسىل بوپتۇ. ئۇنىڭ سۆيىنى ئىچكەن كېيىك دەرھال شېرىننىڭ سىياقىغا قايتىپتۇ. شېرىن كۆلدىن ئاچقان مەرۋايىتنى بولغۇسى قېيناتىسىنىڭ كۆزىگە سۈرتكەنىكەن، دەقيانۇسنىڭ كۆزىمۇ ئېچىلىپتۇ.

پۈتۈن ئوردا ئەھلى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ كۆپ سۆيۈنۈپ،

باركاللا ئېيتىپتۇ. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بولۇپ، ئوغلانباي بىلەن شېرىن قىز مۇرادىغا يېتىپتۇ. دەقيانۇس پادىشاھمۇ ئۇزۇن يىل ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شەھەر ئوغلانباي شەھىرى، دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئوغلانباي» دېگەن نام «ئۆلانباي» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

## 2

ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ شاھزادىسى غۇلامباي قۇرامىغا يېتىپ سەيلە ـ تاماشا قىلىپ كېلىش نىيىتىدە بىر كۈنى ئاتىسىغا:

— ھۆرمەتلىك خان ئاتا، خانلىقىمىزغا تەۋە يېقىن ئەتراپتىكى بىر جايغا، مۇمكىن بولسا، بىر ئوۋ ئوۋلايدىغان مەيدان بىلەن تۇرالغۇ جاي سېلىپ بەرگەن بولسىلا! — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، خانلىقىمىزنىڭ چىرىغى غۇلامباي، — دەپتۇ ئىدىقۇت خانى، — خانلىقىمىز تەۋەسىدە ساڭا يارىغۇدەك يەر بولسا دېگىن، ھەرگىز ئايىمايمەن.

غۇلامباي شۇ ھامانلا ئۇرۇمچىنى كۆرسىتىپتۇ. ئىدىقۇت خانى باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

— رەھمەت، خان ئاتا، ئۆمۈرلىرىنى خۇدا ئۇزۇن قىلغاي، — دەپتۇ غۇلامباي تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.

ئىدىقۇت خانى ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ، دەرھال تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىغا ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ جاي ۋە دەقيانۇسچە سېپىل سېلىپ، ئوۋ ئوۋلايدىغان مەيدان تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ.

خاننىڭ يارلىقى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇرۇمچىنىڭ
جەنۇبىدا غۇلامباي شاھزادە تۇرىدىغان جاي ۋە سېپىل، سېپىل
ئىچىدە ئوۋ ئوۋلايدىغان مەيدان قۇرۇلۇشى جىددىي ئىشلىن-
ىشكە باشلاپتۇ. بىرنەچچە ئايغا قالمايلا بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يەر غۇلامباينىڭ نامىدا ئا-
تىلىپتۇ ۋە بىر كەنت قۇرۇلۇپ تۇرپانلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ-
تۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يەر غۇلامباي دەپ ئاتىلىشقا باشلاپتۇ.
ھازىرقى ئۇلانباي دېگەن ئىسىم ئەنە شۇ غۇلامباي دېگەن
ئىسىمدىن ئۆزگەرگەنىكەن.

# كوشات شەھرى

رىۋايەتچىلەر ئۆتكەن ئىشلار تارىخىنى رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىللار بۇرۇن تەڭرىتاغ بىلەن بوغداتاغ ئارىلىقىدىكى يەتمىش ئىككى خىل ئېرىق مەدەن ئۇستىدىكى گۈزەل بىر جايدا سېپىللىرى ئەبجەش مىتالدىن، دەرۋازىسى ئالتۇندىن، زەنجىر ۋە قۇلۇپلىرى تىللادىن، سېپىللىرى ئۇچار قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان دەرىجىدە ئېگىز ھەيۋەتلىك بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئادىللىقتىمۇ، زالىملىقتىمۇ، سېخىيلىقتىمۇ، بېخىللىقتىمۇ نامى چىققان كوشات ئىسىملىك بىر پادىشاھى بولغانىكەن. پادىشاھ ئادىللىقتا نۇشىرۋاندىن، زالىملىقتا ھوججازدىن، سېخىيلىقتا ھاتەمدىن، بېخىللىقتا شەپشىكى جادۇ مەرناستىن قېلىشمايدىكەن. پادىشاھنىڭ نام ـ شۆھرىتى ھەممە يەرگە تارقالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر شەھەر نامىنى پادىشاھ كوشات نامى بىلەن ئاتايدىكەن.

رىۋايەتچىلەر شەھىرى كوشاتنى شۇنداق سۈرەتلەيدۇكى، بۇ شەھەرنىڭ كوچا تاملىرى ئالتۇندىن سىرلانغان بولۇپ، ھەر يەتتە قەدەمگە ئورنىتىلغان زەيتۇن دەرىخىگە قىرىق چاقىرىم يەرگىچە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان غاز تۇخۇمىدەك گۆھەر ئورنىتىلغانىكەن، شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزى

ئوخشاش يورۇپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ ئوردىسىنىڭ تاملىرى
ئالتۇن، يەرلىرى كۈمۈشتىن، ئايۋان، سارايلىرىنىڭ تاملىرى
ئۈنچە - مەرۋايىت، جاۋاھىر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ھەربىر
ۋاسا جۈپقا قىرىق تالدىن قىزىل ياقۇت كۆز قويۇلغانىكەن.
شەھەر كوچىسىنىڭ ئوڭ يېقىدىكى ئالتۇن ئېرىقتا يەتمىش
ئىككى خىل شېرىن - شەربەتلىك مېۋە - چېۋە شىرنىسى
بىلەن ئۆمۈر ئۇزارتىدىغان مېھرىگىياھ شارابى، سول يېقىدى-
كى كۈمۈش ئېرىقتا كىشىنى مەستخۇش ۋە خۇش چاغ قىلى-
دىغان گۈل شارابى ئاقىدىكەن. ئەتراپ ياپيېشىل بوستانلىق
ئىكەن. بۇ يەردە مۇلازىمەت قىلىدىغانلار خۇش چاقچاق ۋە
سازەندە، ناخشىچىلار ئىكەن. ئۇلار ناخشا ئېيتىپ:

سايىغا بوستان سالىمەن سايىدەپ ئۆت،
گۈل ھارىقى تارتىمەن مەست بولۇپ ئۆت.

دەپ، ئۆتكەنلەرنى پاراغەتكە تەكلىپ قىلىپ مۇلازىمەت
قىلىدىكەن.

رىۋايەتچىلەر شەھەر خەلقىنىڭ ھۈنەر - كەسىپ، ئىش -
ھەرىكىتىدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، شەھەر خەلقى
خىلمۇخىل ھۈنەر - سەنئەتكە باي بولۇپ، ئالتۇن - كۈمۈش-
تىن خىلمۇخىل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسايدىكەن، تەتىللا،
كىمخاب، شايى - ئەتلەس، بەقەسەم ۋە تاۋار - دۇردۇنلارنى
توقۇيدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ بۇ خىل ئالتۇن - كۈمۈش ۋە
خىلمۇخىل توقۇلمىلىرى جاھان بازارلىرىنى ئاۋات قىلىدى-
كەن. شەھەر خەلقىنىڭ مەمۇرچىلىقىدىن پادىشاھ كوشات
مەمنۇن ئىكەن، جۈملىدىن بۇ شەھەردىكى دېھقانلار، چارۋى-
چىلار، ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر، دۇكاندارلاردىن باج - خىراج

ئالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، شەھەردە ھەر كۈنى يەتمىش يەردە قازان ئېسىلىپ شاھلىق تاماق بېرىلىدىكەن. بۇ شەھەردە بىرەر كىشىنىڭ يوقسۇزلۇق ياكى زۇلۇم دەردىدىن دادلايدىغىنىنى كۆرگەن ھېچ كىشى يوق ئىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ خەلقى يىلدا بىر قېتىم شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى يەتتە دەرۋازىدىن جازا مەيدانىغا چىقىپ، گۇناھى ئۇچۇن يەتمىش ئىككى خىل ئازاب بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ئۆرۈن ئالغان زەھەرلىك چايان ـ يىلانلار، خىلمۇخىل ھاشاراتلارنى كۆرۈپ، ئىبرەت ئېلىپ قايتىدىكەن، شۇڭا بۇ شەھەر گۇناھكەبىردىن خالىي بولۇپ، خەلق پاراۋان ئۆتىدىكەن. بىراق، بۇنداق پاراۋان تۇرمۇشنىڭ قانچە ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقى مەلۇم ئەمەس. تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەملىكى پادىشاھ ۋە خەلقنى خاراموش قىپتۇ. راھەتكە بېرىلگەن خەلق بارا ـ بارا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، قىز ئاتىدىن، ئوغۇل ئانىدىن يانمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇ. بۇ خىل ناشايان ئىشلارغا پەرىشتە ـ مالائىكىلەر چىداپ تۇرالماي خۇداغا نالە قىپتۇ. دەرگاھى ھەق جەبرائىلغا ئىجازەت بېرىپتۇ. جەبرائىل بۇ شەھەرگە قانىتى ئاستىدىكى بىر تال پەينى تاشلىغانىكەن، شەھەر بۇ پەينى كۆتۈرەلمەي يەتمىش مىڭ گەز زېمىنغا چۆكۈپ كېتىپتۇ، دەقىقە ئۆتمەي بۇ شەھەر ئورنىنى سۇ بېسىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سايۋۇپۇ كۆلى[1] پەيدا بولغانىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ شەھەر سۇ ئاستىدا ئىكەن.

---

① سايۋۇپۇ كۆلى — ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر كۆلنىڭ نامى.

# مىزان شەھىرى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئۆتكەن ۋەقەلەر تارىخىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، شەھىرى كوشات زېمىنىغا چۆككەندىن تەخمىنەن مىڭ يىللار كېيىن، شۇ ئەتراپقا يېقىن بۇك - باراقسان بىر تاللىق ئىچىگە ئورناشقان بىر قونالغۇ ئورنىدا مىزان ئىسىملىك بىر شەھەر بىنا بولغانىكەن. بۇ شەھەر مەشرىقتىن مەغرىبكە، جابىلقادىن جابىلساغا ئۆتىدىغان سودا كارۋانلار يولىنىڭ بەلدەنگاھى[1] بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن سودا كارۋانلىرىدىن ئېلىنغان باج - خىراج بىلەن قامدىلىدىكەن.

شەھىرى مىزاننىڭ زەردەت ئىسىملىك تەدبىرلىك ۋە پاراسەتلىك، ھۆكۈمەت ئىشىدا ئادىل، لەشكىرىي ئىشلاردا قابىل، خەلققە مېھرىبان، سىرتقا قاتتىق قول بىر پادىشاھى بار ئىكەن.

ھەرقاچان سودا كارۋانلار يېتىپ كەلگەندە پادىشاھ باج ئېلىشنى ئۆزى باشقۇرىدىكەن. ئۇ باج ئالغاندا، كارۋانلارنىڭ مېلىنى ئىككىگە بۆلۈپ، تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە باج ھەققىنى، بىر پەللىسىگە ئىگىسىگە تەئەللۇق مالنى قويۇپ، پۇڭ ئۇيان - بۇيان قىلماي، تەڭ باراۋەردىن باج ئالىدىكەن. سو-

---

[1] بەلدەنگاھ — مەركىزىي نۇقتا، چېگرا، پونكىت مەنىلىرىدە.

دىگەر بۇنىڭغا نارازى بولسىمۇ، ھەتتا قورالـلـىق تـەھـدىـت سـالـسىـمۇ، تـەدبىرلىك پادىشاھ ھەممىسىگە تاقابـىـل تـۇرۇپ، يەنىلا ئۆز ئىشىنى قىلىدىكەن، شۇڭا بۇ شەھـەر مـىـزان دەپ ئاتىلىدىكەن.

شەھىرى مىزان خەلقى سودا ـ تىجارەتكە كامىل، ھـۇنـەر ـ سەنئەتكە باي، دەپىنە دۇنياسى تولۇپ تـاشقان بـولسىمۇ، پـا ـ دىشاھ شەھەر خەلقىدىن باج ئالمايدىكەن، بەلكى بـاج ھـەقـقـى بىلەن كىرىم قىلغان مـال ـ مـۈلـۈكلەرنى شەھەر خەلقـىـگـە ئەرزان سېتىپ بېرىدىكەن. شۇڭا، شەھەر خەلقى باي ـ بـايـا ـ شات بولۇش بىلەن شاھقا ئىنتائەتچان ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرگە سودا ـ تىجارەت ئۈچۈن كېـ ـ لىدىغانلارمۇ كۆپىيىپتۇ، بارا ـ بارا ھەرقايسى شـاھـلـىـقـلار ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورنىتىپتۇ. بىراق، بۇ شەھەر ـ دىكى باياشاتلىقتىن كۆزى قىزارغان ئەلچىلەر شاھلىقنى ئـاغ ـ دۇرۇش ئۈچۈن قانچە ئۇرۇنىسىمۇ، ھىيلىسى ئەمەلگە ئاشـمـاپـ ـ تۇ. كېيىن بۆلار شاھ بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىغا نـىـزا پـەيـدا قىپتۇ. نەتىجىدە، پادىشاھ خەلققە ئالۋان ـ ياساقنى ئـېـغـىـر ساپتۇ، بىرقانچە يىل ئىچىدە خەلقنى داد ـ پەرياد دېگۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق پادىشاھنىڭ بۇ قىلمىشىدىن بـىـزار بولۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كېتىپتۇ، شۇنـىـڭ بـىـلـەن شەھەر چۆلدەرەپتۇ.

بۇ شەھەر كېيىن دەقيانۇسنىڭ تەۋەسىدە بولۇپ، نەچچە مىڭ يىل ئاۋات بولغاندىن كېيىن، يەنە ئاستا ـ ئاستا ۋەيران بولغانمىش[①].

---

① بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى ئۇلانبايدا ھازىرمۇ بار.

# ئەزاندۇك

## 1

تۇغلۇق تۆمۈرخان① ئالمىلىق شەھىرىنى② خان ئوردىسى
قىلىپ دەۋران سۈرۈۋاتقاندا، شۇ يەردىكى بىر پادىچى بالا
خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا دۆڭگە چىد-
قىپ ئەزان ئېيتىدىكەن. بالىنىڭ زىل ھەم مۇڭلۇق ئاۋازى
قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىپ، يۈرەكنى تىترىتىدىكەن. بالا كې-
يىنچە كۈنىگە بەش قېتىم ئاشۇنداق ئەزان ئېيتىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى پېشىن ۋاقتىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەزان ئاۋا-
زىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ياساۋۇللىرىدىن بىرىنى ۋارقىراۋاتقان
كىشىنى ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇل ئەزان ئېيتقان
بالىنى خاننىڭ ئوردىسىغا ئەكەپتۇ. خان پادىچى بالىغا باش-
تىن - ئاياغ ئىنچىكە سەپسېلىپ:

— ھەي بالا، سەن نېمىشقا كۈندە دۆڭگە چىقىپ
ۋارقىرايسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ.

---

① تۇغلۇق تۆمۈرخان — چىڭگىزخان ئەۋلادى، مىلادىيە 1329 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1364 - يىلى ۋاپات بولغان، ئون سەككىز يېشىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

② ئالمىلىق شەھىرى — قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە.

پادىچى بالا:

— شاھىم، مەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە دىنلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلگىنىم ئۈچۈن كۆندە خۇداغا سىغىنىپ ئەزان ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ بۇ ئىشتىن بىرەر مەقسەت - مۇددىئايىڭ بارمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ خان.

— شۇنداق، — دەپتۇ پادىچى بالا، — مەن خۇدانىڭ مەرھەمىتىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە يېتىم - يېسىرلارغا بەخت كەلتۈرۈشىنى تىلەپ ھەر كۈنى مۇشۇنداق قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

— سېنىڭ خۇدايىڭنىڭ قولىدىن شۇ ئىشلار كېلەرمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ خان بالىنىڭ جاۋابىغا قىزىقىپ.

— كېلىدۇ، — دەپتۇ پادىچى بالا، — ئەگەر ياراتقان ئىگىسى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىپ ماكانلىشىپ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ - تەۋپىق بەرسە، مېنىڭ تەلىپىمنىڭ ئىجابەت بولۇشى تەس ئەمەس.

خان پادىچى بالىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىپتۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىپتۇ.

## 2

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇلۇق شەيخ جالالىدىنىنىڭ چۈشىگە ئايان بوپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن پۇقراسىنىڭ مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا پەرمان چۈشۈرىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. لېكىن، شەيخ جالالىدىن يېشى يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىش ئۈستىدە

تۇرغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى جامالىدىنغا تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ۋاقتىدا كىرىشكە دەۋەت قىلىشنى ۋەسىيەت قىپتۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشىنى ئېيتىپتۇ، كۆپ ئۆتمەي جالالىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

جامالىدىن ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن يەنە بىر شەيخنى باشلاپ، ئالمىلىق شەھىرىگە كېلىپ بىر دۆڭنى ماكان تۇتۇپ يېتىپتۇ. ھەر كۈنى بامدات ۋاقتىدا دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەزان ئېيتىپتۇ، بۇ ئىش ھەر كۈنى تەكرارلىنىپتۇ.

بىر كۈنى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن جىددىي بىر كېڭەش ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، ئەزان ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ، ئەزاننىڭ مۇڭلۇق خانغا بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىپتۇ. شۇ چاغدا خان ۋەزىرلىرىدىن:

— سىلەرگىمۇ بىر غەيرىي ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، شاھىم، — دەپتۇ باش ۋەزىر پادىشاھقا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ، — بۇ ئاۋاز خېلى كۈنلەردىن بېرى يەرگە يورۇق چۈشۈشى بىلەنلا ئاڭلىنىدۇ، بىز بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمىدۇق.

— ئۇنداق بولسا، ھازىر بېرىپ ئاشۇ ئادەملەرنى چاقىرىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ خان. ياساۋۇللار چاقىرغىلى مېڭىپتۇ.

ياساۋۇللار تاغ قاپتىلىغا كېلىپ، دۆڭدە پەرىجە كىيىپ، بېشىغا سەللە ئورىۋالغان ئىككى مويسىپىت ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىككى ئادەم بىلەن ياساۋۇللار ئۆزئارا ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، ياساۋۇللار:

— ئۇلۇغ شاھىمىز ھەرقايسىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ،

ئەھۋاللىشىشنى خالاپ، بىزنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دەپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— رەھمەت، — دەپتۇ جامالىددىن، — بىز ئوردىغا بارال-مايمىز. بىز پۈتۈن ئېتىقادىمىزنى بىر ئاللاغا بەخش ئەتكەن جاھانكەزدىلەرمىز، شۇ ۋەجدىن مۇشۇ دۆڭدە ئىبادەت قىلىپ، ئاللادىن گۇناھىمىزنى كەچۈرۈشنى، مۆمىن بەندىلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلىشنى تىلەۋاتىمىز.

ياساۋۇللار قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى خانغا ئۆز ئەينى مەلۇم قىپتۇ. خان ئۇلارنى كۆرۈشكە قىزىقىپ، قايتىلاپ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەقسەت - مۇد-دىئاسىنى سوراپتۇ. شۇ چاغدا شەيخ جامالىددىن ئاتىسى جالالىد-دىن شەيخنىڭ كۆرگەن چۈشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ۋەسىيىتى سەۋەبىدىن كەلگەنلىكىنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭمۇ دەل شۇ ۋاقىتىدا شۇنداق بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە چۈشىنىڭ ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقىدىن ھەيران بوپتۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ دىن ئىكەن، دەپ ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىنى قو-بۇل قىپتۇ، ئۆز پۇقرالىرىغا ئىسلام دىنىغا كىرىشكە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ[1]. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ دۆڭدە ھەر كۈنى بەش ۋاخ ئەزان ئېيتىلىپ تۇرغاچقا، ئۇ «ئەزاندۆڭ»[2] دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

---

① تۇغلۇق تۆمۈرخان يىگىرمە تۆت يېشىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ يارلىق چۈشۈرۈشى بىلەن ئاتمىش مىڭ كىشى ئىسلام دىنىغا كىرگەنىكەن.

② ئەزاندۆڭ — ئىلگىرىكى قورغاس ناھىيىسىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىغا يېقىن جايدا بولۇپ، ھازىرمۇ «ئەزاندۆڭ» دېيىلىدۇ.

# مازار - قەبرىلەر توغرىسىدا



مازار ـ قەبرىلەر توغرىسىدا



# سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى

## 1

تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقنى تۇتۇپ ئۇنى ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولغان تاغىسى:

— نېمە دەۋاتىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا يەنە بۇيرۇپتۇ. تاغىسى يەنە:

— ئىمان دېگەن نېمە ؟ — دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۈچىنچى قېتىم يەنە تاغىسىنى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشقا بۇيرۇپتۇ. تاغىسى يەنە ئىمان ئېيتماپتۇ.

شۇ چاغدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غەزەپلىنىپ دۇئا بەند قىلىپ:

— سېنى يەر يۇتسۇن ! — دەپتۇ. تاغىسى تۇرغان يېردە تىزىغىچە يەرگە پېتىپتۇ. تاغىسى يەنە ئىمان ئېيتماپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاغىسىغا غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ:

— سېنى يەر يۇتقاي ! — دەپتۇ. تاغىسى بېلىگىچە يەرگە پېتىپتۇ، قورقۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھېچنېمە دېيەل-

مەي قاپتۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۇچىنچى قېتىم قولىغا قىلد-چىنى ئېلىپ:

— سەندەك كۇپپارنى يەر يۇتسۇن ! — دەپ تولۇلغاند-كەن، تاغىسىنى يەر تامامەن يۇتۇپ كېتىپتۇ.

كۆپ يىللار ئۆتۇپتۇ. بىر كۇنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىر چۇش كۆرۇپتۇ، چۇشىدە ئۆزىنىڭ هازىرقى مەقبەرىسى بار يەرگە كەلگەندە بىر ئاق ساقال بوۋاي كەتمەن تۇتقان هالدا ئۇچراپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بوۋايغا سالام قىد-لىپ بولۇپ:

— بوۋا، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— مەن بۇ يەردە پادىشاهقا ئىمارەت سالماقچىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— پادىشاه بۇ يەردە قاچان ئولتۇرىدۇ، ئىمارەت قاچان پۇتەر؟

بوۋاي كەتمەننى يەرگە ئۇرۇپ:

— مەن ئىش باشلىدىم، — دەپتۇ - دە، يەرنى چاناشقا باشلاپتۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئويغىنىپ كېتىپ قارىسا تاڭ ئېتىپ قالغانىكەن. شۇ كۇنى بېرىپ بوۋاي چانىغان يەرگە بىر چىنار تىكىپ قويۇپ كەپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئاغرىپ يې-تىپ قاپتۇ، ئەهۋالى كۇندىن - كۇنگە پەسلەپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ئېسىگە هېلىقى چۇشى كەپتۇ. چۇشىدە كۆرگەن ئۇ يەر ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك جايى بولىدىغانلىقىنىڭ

بېشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئوردا ئەھلى بىلەن بالىلىرىنى يىغىپ ۋەسىيەت قىلىپ:

— مەن ئۇ دۇنيانىڭ سەپىرىگە چىقىمەن. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن مېنى مەن چىنار تىكىپ قويغان يەرگە دەپنە قىلىڭلار، — دەپتۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى چىنار تىككەن يەرگە دەپنە قىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسى شۇ يەرگە بىنا بولغانىكەن.

سۇلتان سۇتۇق پادىشاھ ئۆلۈپ خېلى كۆپ يىللاردىن كېيىن ئاتۇشنىڭ تىجەن سېيىغا ناھايىتى ئۇلۇغ بىر كەلكۈن كېلىپ، پۈتۈن مەشھەتنى سۇ بېسىپ كېتىپ، سۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە ئېقىپتۇ. سۇ پەسىيىپ توختىغاندا ئەسلىدىكى قەبرىستانلىق تۈپتۈز بولۇپ قالغانىكەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسىنى كىشىلەر قايتا قاتۇرۇپ قويماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قەبرىسىنى تېپىش ناھايىتى مۇشكۇل بىر ئىش بولۇپ، خەلقنىڭ بېشى قېتىپتۇ. دانىشمەنلەرنى، ئەۋلىيا سۇپەت كىشىلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەنە شۇ كېڭەشتە بىر دانىشمەن شۇنداق بىر تەكلىپ بېرىپ:

— پادىشا-



ھېئالەم ئۇلۇغ زاتتۇر، ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى قوپۇرۇشىمىز بىزگە پەرزدۇر. بىز بىر قورۇ قوينى ئەسلىدىكى قەبرە بار يەردىن ھەيدەپ ئۆتەيلى. قويلار ئايرىلىپ بۆلۈنۈپ ئۆتۈپ ئۇ تەرەپتە بىرلەشسە، دەل ئاشۇ قويلار بۆلۈنۈپ ئۆتكەن يەر پادىشاھېئالەمنىڭ قەبرىسى بولىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىر قورۇ قوينى ھەيدەپ شۇ يەردىن ئۆتكۈزۈپتۇ. دېگەندەك، بىر قورۇ قوي ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى بار، دەپ پەرەز قىلىنغان يەرگە كەلگەندە، ئىككىگە بۆلۈنۈپ مېڭىپ قەبرە ئورنىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكەندە بىرلىشىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر قويلار بۆلۈنۈپ ئۆتكەن يەرگە بىر نىشان بېكىتىپ قويۇپتۇ ۋە شۇ يەرگە ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇقنىڭ مەقبەرىسىنى① قايتا ياسىغانىكەن.

## 2

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنىڭ ئورنى ئەسلىدە بىر دېھقاننىڭ خامىنىنىڭ ئورنى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ دېھقان بۇغداينى چەشلەپ قويۇپ، ئەتىسى سەھەردە چەشنىڭ چەش بۇرنىنى ئېلىپ سائىللارغا ئاتاپ خامانىنىڭ بىر چېتىگە تۆكۈپ قويۇپ، غەلۋىر بىلەن چەشلەرنى تاغارلىرىغا قاچىلاشقا باشلاپتۇ. چۈشكىچە نەچچە ئون تاغار قاچىلىسىمۇ چەش يەنە شۇ پېتى تۇرغۇدەك. دېھقان ھېرىپ - چارچاپ شۇنداق ئاسمانغا قارىسا، مومىنىڭ ئۇچىغا بىر كۆك كەپتەر قونۇۋېلىپ، ھەدەپ بوغۇزىدىن ئالتۇندەك سايسېرىق بۇغداينى شارىلدىتىپ

① بۇ مەقبەرە ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا. كىشىلەر بۇ يەرنى «ھەزرىتى سۇلتان»، «ھەزرىتى سۇلتان پادىشاھېئالەم»، «سۇلتانىم» دەپ ئاتىشىدۇ.

ياندۇرۇۋاتقانىكەن. دېھقان «ھۇشت !» دەپ كەپتەرنى ئۇچۇرۇۋېتىپ چەشنى تاغارلىرىغا قاچىلاپ تۇرسا، كىشىلەر «ئۆزۈڭگە كەلگەن ئامەتنى بىلمىدىڭ !» دەپ ئەيىبلەپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يەر خاسىيەتلىك يەر دەپ ئاتىلىپ، يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر تېۋىنىدىغان، سەيلە - زىيارەت قىلىدىغان، چوقۇنىدىغان يەرگە ئايلىنىپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندا ئەنە شۇ خاسىيەتلىك يەرگە دەپنە قىلىننىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى تېخىمۇ چىقىپ كېتىپتۇ. ھازىرقى كۆك كەپتەرلەرنىڭ ئەجدادى ئەنە شۇ كۆك كەپتەر ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۆك كەپتەرلەرنى تۇتسا، قوغلىسا يامان بولىدىكەن، ئۇركۇتمەي، ئاسراپ، دان چېچىپ، سۇ بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، ساۋاب بولىدىكەن. بىر رىۋايەتتە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى كۆرگەن كۆك كەپتەر ھازىرمۇ بار ئىكەن، ھەر جۈمە كۈنى تاڭ سەھەردە مازارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بۇقۇلداپ ئۈنلەپ نالە قىلىدىكەن.



# جەمەتلا غوجام مازىرى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ دالالـ-
تى بىلەن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندا، جاۋانى مەرد ئوت-
تۇز توققۇز ھەمراھىنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى بولۇپ ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى ئىكەن. ئۇ ئىلىمدە يېتۈك،
جەڭدە بەك باتۇر ئەزىمەت ئىكەن. سۇتۇق بۇغراخان خاقان
ئوغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش جېڭىدە جاۋانى مەرد
ئەڭ ياخشى چارە كۆرسەتكەنىكەن، يەنى ئوردىغا تۇيۇقسىز بې-
سىپ كىرىپ ئىگىلەش زۆرۈر، دەپ مەسلىھەت بەرگەنىكەن.
جاۋانى مەردنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، بوران چىقىپ يەر ـ جا-
ھاننى قاپلىغان بىر كېچىدە ئۇلار ئوردىغا باستۇرۇپ كىرگە-
نىكەن. ئۇ شۇ قېتىمقى جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىكەن.
ئوردا ئىشغال قىلىنىپ ئازغىنا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن،
خاقان ئوغۇلچاقنىڭ بۇددىست قوشۇنلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا
ئۆتۈپتۇ. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قوشۇنى ئاتۇشنىڭ تاقۇت دېگەن
يېرىگە چېكىنىپ چىقىپ مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇپتۇ. نۇرغۇن
كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ئىمان ئېيتىپ سۇتۇق
بۇغراخاننىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ-
تۇ. ئاخىر خاقان ئوغۇلچاقنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تىركىشىش
ۋەزىيىتى شەكىللىنىپتۇ، لېكىن شۇ چاغدا بۇددىست قو-

شۇنلارغىمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن ياردەملەر كەپتۇ. تاقۇتقا تويلانغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قوشۇنلىرى ئاتۇش ئارغۇ كەنتىنىڭ شىمالىدىكى جايپاچچىم دېگەن جايغا يۆتكىلىپتۇ. بۇ چاغدا بۇددىست قوشۇنلىرى سۇتۇق بۇغراخان قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋاپتۇ. بۇغراخان قوشۇنلىرى جايپاچچىمدىكى بىر جىراغا قاپسىلىپ قاپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان كېڭەش ئۆتـ. كۈزۈپ ياردەمچىلىرىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. جاۋانى مەرد: «ماڭا بىر خىيال كىرىۋاتىدۇ. بىز ئەسكەرلەرگە بىرقانچە يەرگە تاش دۆۋىلىتەيلى، تاش دۆۋىسىگە پىلىك ئېتىپ قويۇپ ئوت ياقايلى. مۇشۇنداق قىلساق، دۇشمەنلىرىمىز بىزنىڭ قو- شۇنىمىزنى ناھايىتى كۆپ مۆلچەرلەپ ئارقىغا چېكىنسە ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ. جاۋانى مەردنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوت يې- قىپتۇ. تاغ ئۇستىدە تۇرغان بۇددىست قوشۇنلىرىنىڭ باشلىق- لىرى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپ ئارقىسىغا چېكىنىپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلار دۇشمەننى قوغلاپ تەختىھۇن كەنتىگە كەلگەندە كەسكىن ئۇرۇش بوپتۇ. بۇ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا جاۋانى مەرد ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ. ئۇ لەشكەرلەرگە ئىلھام بېرىپ ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۇشمەننى مەغلۇپ قىپتۇ. بىراق، بۇ ئۇ- رۇشتا جاۋانى مەردكە دۇشمەننىڭ ئوقى تېگىپ شېھىت بوپـ- تۇ، ئۇنىڭ مىنگەن ئاق ئېتىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ. جەڭ چوڭ غەلىبە بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان جاۋانى مەردنى «مېيىتنى تەن سوۋۇغىچە يەرلىككە قويۇش» دەيدىغان ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تەختىھۇن كەنتىگە دەپنە قىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەر «جەمەتلا غوجام» (جاۋانى مەرد) مازد- رى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

# سەرۋازلىرىم مازىرى

ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئىسلام قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قادىرخان پادىشاھىم ئوتتۇرا ئاسىيادىن دەرھال قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، توقسان مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۈزۈپ، بۇ چوڭ قوشۇن بىلەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرىنى قوغلاپ يېڭىسار ناھىيىسىدىكى قىزىل يېزىسىنىڭ قورغانتام دېگەن يېرىگە كەلگەندە، بارلىق قوشۇنلارغا بىر چوڭ كۆل چاپتۇرىدۇ، يەنە بىر قاراۋۇلخانا ياسىتىدۇ ۋە بىر جامە سالدۇرىدۇ. قاراۋۇلخانىدا كۆزەتتە تۇرۇشقا قاۋۇل، ياش ئون سەرۋازنى قالدۇرىدۇ. يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيلەپ قويىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆي جابدۇقلىرى، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بېرىپ شۇ يەردە قالدۇرىدۇ. ئۇلار قىزىلدا بالا - چاقىلىق بولۇپ كۆپىيىدۇ، يەر ئېچىپ، ئۆستەڭ چېپىپ ئېگىلىك يارىتىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قەشقەر تەرەپتىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېچىپ كەلگەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى قىزىل قورغانتامدا ئون سەرۋاز بىلەن توقۇنۇشىدۇ. ئۇرۇشتا ئون سەرۋازنىڭ ھەممىسى شېھىت بولىدۇ، ئۇلار ئەنە شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدۇ.

# قۇمات پاشىم مازىرى

مىلادىيە X ئەسىردە ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقالغان بولۇپ، قەشقەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان. مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاراخانىيلار قوشۇنلىرى يېڭىساردا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇدۇن قوشۇنلىرى قۇمات پاشىمدا يوشۇرۇن لەشكەر ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شاكىر باشلامچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى پىستىرمىغا ئۇچراپ قېلىپ، تەييارلىقسىزلا ئۇشتۇمتۇت جەڭگە ئاتلىنىدۇ، نەتىجىدە مەغلۇپ بولىدۇ. پۈتۈن قوشۇن ھالاك بولىدۇ. شاكىر ئۇياققا دوقۇرۇپ، بۇياققا دوقۇرۇپ، ھېچقانداق قىلىپ جېنىنى ئېلىپ قاچالماي، ئاخىر يارىلىنىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشىدۇ. شاكىر ئۇدۇن قوشۇنلىرىغا ئەسىر بولۇشنى خالىماي، ئۆز قورسىقىغا قىلىچ تىقىپ ئۆلۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قىلىچنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر چىشى، بىر ئەركەك كەپتەر ئۇچۇپ چىقىپ، شاكىر شېھىت بولغان جاينى كېچە - كۈندۈز ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەنىكەن.

مىلادىيە 1006 - يىلى ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنى ئۇزۇل -

كېيىن مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، لەشكەر باشلىقى شاكىرنىڭ روھىغا ئاتاپ ماتەم ئۆتكۈزۈپ، شاكىر ۋە سېپەھسالار كەپتەرلەر ئۈچۈن «قۇمات پاشىشىم» [1] دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مازارنى ياسىغان ھەمدە شۇ جايغا بىر دانە قۇدۇق كولاپ قويغان. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىمۇ يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە چوقۇم بۇ مازارغا تاۋاپ قىلىش ۋە خاسىيەتلىك كەپتەرلەرگە دان ۋە سۇ بېرىپ ئۆتۈش ئادەتكە ئايلانغان. قۇمات پاشىشىم مازىرىدىكى خاسىيەتلىك كەپتەرلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، نەچچە يۈز يىلغىچە ئاۋۇغانىكەن.



① قۇمات پاشىشىم مازىرى ـــ بۇ مازار قاراقاش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ئوتتۇز كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقتا جايلاشقان.

# قىلىچ بۇغرام مازىرى

ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا، ھازىرقى قەشقەر كونىشە-
ھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپال يېزا ئاقدالىدىكى قىزىل
مەسچىت دېگەن يەردە شاھى ئېھرام ئاتلىق ئالەمپاناھ بىر پا-
دىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەقىل نۇرى، سۆزلىرى-
دە ئەقىل - پاراسەت نامايان ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئۇلۇغ بۇغراخان ئوغۇللىرىنىڭ
كەنجىسى قىلىچ بۇغراخان شاھى ئېھرامغا سالام بېرىش ئۇ-
چۈن قىزىل مەسچىت دېگەن يەردىكى ئوردىغا كەپتۇ. شاھى
ئېھرام مۇناسىپ ئىززەت - ئىكرام، ھەشەمەتلىك زىياپەت بى-
لەن كۈتۈۋاپتۇ. ئەتىسى بىر كۈن شىكار ۋە ساياھەت بىلەن ئۆ-
تۈپتۇ. ئۆگۈنى سەيلە ئۈچۈن يۆلجىگدە دېگەن يەرگە بېرىشىپتۇ.

يۆلجىگدىدە بازار شۇنداق قىزىيدىكەنكى، تۈمەن مىڭ ئا-
دەم يىغىلىدىكەن، توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدىكەن، ھەر
خىل ئويۇن - تاماشىلار قايناپدىكەن. ئۇلار بازارنىڭ ئەڭ
قىزىغان يېرىگە كەلگەندە قىلىچ بۇغراخان مىنگەن ئېتى
ئۈركۈپ كېتىپ، ئاتتىن يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. شاھى
ئېھرام ئىنتايىن پەرىشان بوپتۇ. بۇ شۇم خەۋەر دەرھال قەش-
قەردىكى چوڭ ئوردىغا يېتىپتۇ. بۇغراخان باشلىق ئوردا ھا-
زىدارلىرى يېتىپ كەپتۇ. بۇغراخانمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ،

قىلىچ بۇغراخاننى يىقىلغان يېرىگە دەپنە قىپتۇ. نەزىر - چىراغنى كەڭ قىلىپ، قەبرىسىنى مۇستەھكەم قاتۇرۇپتۇ. شاھى ئېھرام بۇ ۋەقە تۇپەيلى خىجالەتتىن پەرمان چۈشۈرۈپ، بۇ بازارنى ئايىغى ياراشمىدى، دەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھازىرقى ئوپالنى بازار قىلىپ بېكىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى بازار مازارغا ئايلىنىپ «قىلىچ بۇغرام مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.



# بۇۋىمەريەم خېنىم مازىرى

بۇۋىمەريەم خېنىم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى بولۇپ، نۇرئالاۋنۇر خېنىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ھەم چىرايلىق بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇ قىزنى تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپتۇ. بۇۋىمەريەممۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرۈپ، زامانداشلىرى ئارىسىدا ئىلىم ئىگىسى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپتۇ، ئوقيا ئېتىش، ھەربىي ئىلىم جەھەتلەردىمۇ كامالەتكە يېتىپتۇ.

شۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خوتەن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدا جىددىي ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇۋىمەريەم جەڭگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ، سەركەردىلەر بىلەن ئۇرۇش مەيدانى بولغان يېڭىسارغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق بولغاندىن كېيىن، ئاخىر خوتەن بۇددىستلىرى قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى يېڭىپ، نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى قەتلىئام قىپتۇ. بۇۋىمەريەم تۇتۇلۇپ قالسا بۇددىستلار تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە بارغان يەتتە قىز بىلەن بىرلىكتە قېچىپتۇ. بەختكە قارشى بەش قىز ئۇ يەردە شېھىت بولۇپ، بۇۋىمەريەم بىلەن قالغان ئىككى قىز ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. ئۇلار بەش-

كىرەم يىزىسىنىڭ بەشتوغراق دېگەن يېرىگە كەلگەندە، بۇۋى-مەريەمگە ئوقيانىڭ زەھەرلىك ئوقى تېگىپ بىر بوغدايلىقتا يىقىلىپتۇ. بۇ دەل ئورما ۋاقتى بولۇپ نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئورما ئورۇۋاتقانىكەن. بۇۋىمەريەم ئۇلارغا قاراپ: «ئى مۇسۇلمانلار، مېنىڭ ئارقامدىن بۇددىستلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنى يوشۇرۇپ قويۇڭلار ۋە قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىمنى ئېيتىپ قويماڭلار، ئەگەر ئېيتىپ قويساڭلار، باقىي ئالەمدە ھېسابلىشىمىز» دەپتۇ. دېھقانلار ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئارىدىن مەتسەلەي ئىسىملىك بىر دېھقان ئۇنى خاماندىكى ئۇنچىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇددىستلار ئورما ئورۇۋاتقانلاردىن سوراپتۇ. مەتسەلەي بىرىنچى بولۇپ: «كۆرمىدۇق» دېگەنىكەن، بۇددىستلار دەرھال ئۇنى چېپىپ تاشلاپتۇ ۋە ئاتۇش تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى ئىككى قىزنى قوغلاپ كېتىپتۇ.

بۇددىستلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن بۇۋىمەريەم يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ مەتسەلەينى يەرلىكىدە قويۇپ، ئۆزى يىقىلغان يەرگە كەپتۇ ۋە «ئاللا مېنى مۇشۇ يەرگە يىقىتتى، مېنىڭ ئاخىرەتتە ياتىدىغان جايىم مۇشۇ بولسۇن» دەپ ئۇ يەرگە بىر گۇمبەز ياسىتىپ، گۆر كولىتىپتۇ. دەل گۇمبەز پۈتكەن كۈنى بۇۋىمەريەم قازا تېپىپتۇ. كىشىلەر ئۇ قىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قايىل بولۇپ ھەيران قېلىشىپتۇ. شۇ يىلى بۇۋىمەريەم ئۇن يەتتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، تېخى ياتلىق بولمىغانىكەن.

كېيىن كىشىلەر بۇۋىمەريەمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، مەتسەلەينىڭ قەبرىسىنى ياسىتىپ قويۇپتۇ ھەم بۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ «مەتسەلەيكا ئورما غوجام» دەپ تەرىپلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورما پىرى ھېسابلايدىغان بوپتۇ.

# بۇۋىرابىيە مازىرى

بۇۋىرابىيە بولسا ھەزرىتى موللام (مەھمۇد قەشقەرى)نىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا خانە كەبىگە ھەج قىلىمەن، دەپ پىيادە يولغا چىقىپتۇ. خانە كەبىگە ئۈچ كۈنلۈك يول قالغاندا بۇۋىرابىيەنىڭ بۇ ئەقىدىسى خۇداغا مەقبۇل بولۇپ، خانە كەبىگە «سەن ئالدىغا بار» دەپ ئەمر قىپتۇ. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن خانە كەبە ئۆز جايىدىن تام - تورۇسلىرى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇۋىرابىيەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇۋىرابىيەنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، يۇرتىغا بۇۋىلىك نامى بىلەن قايتىپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ شۇ ئورنىغا دەپنە قىلىنىپتۇ.

بۇ يۇرتتا شۇكۇر باي دېگەن بىر چارۋىدار ئادەم بار ئىكەن. بىر كۈنى ماللىرىنى باقىلى ھەيدەپ مېڭىپ بۇۋىرابىيەنىڭ مازىرى ئالدىغا كەلگەندە، مال قەبرىنى ئارىلىماي، تېڭى ئۇيان، تېڭى بۇيان بولۇپ ئىككى بۆلەك ئايرىلىپ مېڭىپتۇ. ئەتىسى يەنە شۇنداق بوپتۇ. شۇكۇرباي: «ھە، بۇ ئۇلۇغ مازار ئىكەن. بىر تىلسىز ھايۋان چېغىدا بۇ مازارغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى ئارىلاپ ئۆتمىدى» دەپ، بۇ مازارنىڭ ئۇستىنى يېپىپ، ئەتراپىغا تام ياساپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇۋىرابىيە

مازىرىنىڭ[1] ئالدىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەم، ئۇلاغلىق بولسا ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ئۆتىدىغان بوپتۇ. بۇ مازارنىڭ خاسىيىتىدىن بۇ يۇرت خەلقى تۇمشۇقلۇق چوقۇماي، قاناتلىق قاقماي ئەمىن ئۆتكەنىكەن.

① بۇۋىرابىيە مازىرى ـــ قەشقەر كونىشەھەر ئوپال يېزا تەۋەسىدە.

# ئىمام ئاسىم قەبرگاھى

تارىخ ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسى دەپ ئاتىغان ھەزرىتى ئىمام جەپىرى سادىق ئىسلام ئېچىش يولىدا كۆپپارلار بىلەن جەڭ قىپتۇ. شۇ زاماندا ھەزرىتى ئىمام جەپىرى سادىقنىڭ قول ئاستىدا ئوت-تۇز ئىككى ئىمام، يەتتە سۇلتان، ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بار ئىكەن. كۆپپارلار توققۇز خاقانغا قاراشلىق توقسان مىڭ ئادەم ئىكەن. ئىسلام لەشكەرلىرى شىلانتوغراق دەرياسى بويىدا كۆپپارلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەننى يېڭىش ناھايىتى قىيىن بوپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى ئىمام جەپىرى سا-دىق پەرىشان بولۇپ، يالاڭۋاش ئولتۇرۇپ، قولىغا رەسۇلۇللا-نىڭ دەستارلىرىنى ئېلىپ، قىبلىگە قاراپ دۇئا قىپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇتەك پەيدا بولۇپ، تۇتەك ئىچىدىن بېشىدا تاج بار، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، ھەيۋىتىدىن ئاسمان - زېمىن تىترەيدىغان بىر ياش سەردارنىڭ باشچىلى-قىدا بەش يۈز پالۋان چىقىپ كەپتۇ. ياش سەردار يىگىت ئات-تىن چۈشۈپ ھەزرىتى ئىمام جەپىرى سادىق پادشاھنىڭ ئا-يىغىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ھەزرىتى ئىمام يىگىتنىڭ بېشىنى يۆلەپ:

— ئەي پالۋان يىگىت، سىز بىز تەشلىكتە قالغاندا يار ـ يۆلەك بولۇپ يېتىپ كەلدىڭىز، نام ـ نەسەبىڭىز كىم بو-لىدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ. پالۋان يىگىت:

— مەن ئىمام مۇھەممەد ھەنىپە ساھىبى دەۋرانىنىڭ ئوغ-لى ئىمام ئاسىمدۇرمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ يەرگە كېلىشتىكى سەۋەب نېمىدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەزرىتى ئىمام جەپىرى سادىق.

— سەۋەب شۇلدۇركى، — دەپتۇ ئىمام ئاسىم، — كېچە مەن مەدىنە ـ مۇنەۋۋەردە بوۋام رەسۇلۇللانىڭ رەۋزى مۇبارەك-لىرىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا كۆ-زۈم ئۇيقۇغا بېرىپ بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بوۋام رەسۇ-لىللا رەۋزىلىرىدىن چىقىپ كەلدى، مەن ئايىغىغا يىقىلدىم. ئانىھەزرىتىم مۇبارەك قولى بىلەن بېشىمنى سىلاپ: «ئەي پەرزەنت، ئورنۇڭدىن تۇر، پەرزەنتىم ئىمام جەپىرى سادىق شەھىرى ماچىن قېشىدا توققۇز خاقان باشلىق توقسان مىڭ كۇپپارنىڭ قولىدا تەشلىكتە قالدى. بارغىن، ئۇ پەرزەنتىمگە يار ـ يۆلەك بولغىن، مەندىن سالام ئېيتقىن» دېدى. مەن: «رەسۇلىللا، مەدىنە ـ مۇنەۋۋەر بىلەن ئۇ شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئون ئىككى ئايلىق يولدۇر، قانداق بارۇرمەن؟» دېدىم. رەسۇ-لىللا: «ئەي ئىمام ئاسىم، غەم قىلمىغىن، خۇدا يولۇڭنى ئا-سان قىلغاي» دەپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئويغانسام، تاڭ يو-رۇپتۇ. دەرھال تاھارەت ئېلىپ، ناماز بامداتنى ئادا قىلدىم. يارەنلىرىمنى تەق قىلىپ، چاشگاھ ۋاقتىدا مەدىنە ـ مۇنەۋ-ۋەردىن ئايرىلىپ كۆزنى ـ يۇمۇپ ئاچساق، ئالدىڭىزدا تۇرۇپ-تىمىز، ۋاقىت ناماز پېشىن بوپتۇ.

لەشكىرى ئىسلام خۇشاللىقتا چۆمۈپ، ھەزرىتى ئىمام ئاسىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئارقىدىنلا ھەزرىتى

ئىمام ئاسىم جەڭگە چۈشۈپتۇ ۋە كۇپپارلارنىڭ سەلسىبىل، قەھرىمان تۇركى دىگەندەك پالۋانلىرىنى جىنىدىن جۇدا قىپ- تۇ. ئاخىر كۇپپارلاردىن مەيدانغا چۈشىدىغان پالۋان چىقماي، توققۇز خاقان تەڭلا مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ھەزرىتى ئىمام ئاسىم بۇ توققۇز خاقانىمۇ سۇر - توقاي قىپتۇ. بۇ خاقانلارنىڭ ۋەسۋەسىگە چۈشكەن بىر ۋەزىرى بىر شۇملۇقنى ئويلاپ تې- پىپ، ھەزرىتى ئىمام ئاسىمنىڭ يولىغا ئورا كولاپ، ئۈستىنى ئوت - خەس بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. ھەزرىتى ئىمام ئاسىم توققۇز خاقاننى قوغلاپ كېلىۋاتقاندا، دۇلدۇلنىڭ ئايىغى ئورى- غا تىقىلىپ، ئۆزى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە كۇپپارلار كېلىپ ئۈنىڭغا نەيزە سانجىپتۇ. دۆڭ سۇ- مەدە ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ھەزرىتى ئىمام جەپىرى سا- دىق سۇلتانى ئاللامۇ خۇراسانى قىلىچ بۇرھانىدىن ئاتا بىلەن نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە ھەزرىتى ئىمام ئاسىم قان كۆپ ئاققاچقا ھوشىدىن كەتكەنىكەن. ئۇ ھەزرىتى ئىمام ئاسىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ زار - زار يىغلاپتۇ. ھەزرىتى ئىمام ئاسىم كۆزىنى ئېچىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، مېنىڭ جەسىتىم مۇشۇ يەردە قالامدۇ؟ مېنىڭ روھىمغا كىم دۇئا قىلىدۇ ؟ — دەپ يىغلاپتۇ.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ جاي ئاخىر ئىسلام بولۇر، جەسىتىڭىز خارلىنىپ قالمايدۇ. بوۋام رەسۇلىللانىڭ زامانە ئاخىرىدىكى ئۇممەتلىرى سىز ۋە بىزنىڭ قەبرىمىزنى زىيارەت قىلىپ، دۇئا ۋە تەكبىر ئېيتۇر. بوۋام رەسۇلىللانىڭ ئۇممەت- لىرى مېنىڭ ئاستانەمگە بىر بارغۇچە سىزنىڭ ئاستانىڭىزگە ئون مەرتىۋە بارغاي. ھەرقانداق دۇئايى تەلەپنىڭ ئالتۇن ئاچ- قۇچىنى سىزگە بەردىم. دۇئا قىلماق بىزدىن، ئىجابەت قىلماق سىزدىن بولغاي. بوۋام رەسۇلىللانىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ ھەر-

قانداق تەلىپى بولسا سىزنىڭ ئاستانىڭىزدە راۋا بولغاي. ھەر-قانداق كىشى سىزنى قويۇپ بىزنىڭ ئاستانىمىزگە بارسا دۇ-ئالىرى ئىجابەت بولماس. ئاستانىڭىزگە كەلگەنلەرنىڭ سول مۈرىسىگە كۈمۈش تامغىڭىزنى بېسىپ قويۇڭ. بىزنىڭ ئاستا-نىگە بارغانلارنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە مەن ئالتۇن تامغىنى بېسىپ قوياي. قىيامەت كۈنى بوۋام رەسۇلىللا شاپائەت تەختىگە ئول-تۇرغاندا، ئۈممەتلىرىنىڭ تامغا نىشانىسىگە قاراپ شاپائەت قىلغاي! — دەپتۇ ھەزرىتى ئىمام جەپىرى سادىق.

ھەزرىتى ئىمام ئاسىم ھىجرىيە 148 - يىلى باھار پەس-لىدە شاھادەت تېپىپتۇ. لەشكىرىي ئىسلام ئۇنىڭ نامىزىنى كاتتا چۇشۇرۇپ يەرلىكىگە قويۇپتۇ.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، «ئىمام ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىگاھى[1]»غا يەنە شېھىت بولغان خوجە ئابدۇراخمان باغدا-دى، خوجە سەئىدىن باغدادى، خوجە ئەختەم باغدادى، خوجە پەھلۇللا باغدادى، خوجە ئەھمەد خۇراسانى، خوجە نېئمەتۇللا خۇراسانى قاتارلىق نۇرغۇن زاتلار دەپنە قىلىنغانىكەن.



① ئىمام ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىگاھى — بۇ قەبرە لوپ ناھىيىسى جىيا يېزى-سىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان.

# ئىماملىرىم

ئىمام مالىك ئەكبەر، ئىمام مالىك ئەسقەر دېگەن ئىككى تالىپ ھەزرىتى موللامدىن دەرس ئالىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ھەزرىتى موللامنىڭ مەدرىسىسىگە دەرس ئالغىلى مېڭىپتۇ. ئۇلار بىرەر چاقىرىم ماڭغاندا تاڭ قاراڭغۇسى بولۇپ، يىراقتىن بىر ئوت كۆرۈنۈپتۇ، بۇ ئوت بىر ئېتىزدا ئايلىنىپ يۈرگۈدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئىككى ئىمام ئوت كۆرۈنگەن جايغا بارسا، بىر ياش بالا ئۆيىنىڭ مۆڭگۈزىگە چىراغ بېكىتىپ، بويۇنتۇرۇقتا چىراغ ئېسىپ قوش ھەيدەۋاتقۇدەك. بۇلار ھېلىقى بالىدىن: «نېمە ئۈچۈن قوشنى كېچىدە ھەيدەيسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ھەزرىتى موللام تېغى غارىدا بىر ئەجدىھا بار، ئۇ ھەپتىدە بىر ئادەم يەيدۇ. يۇرت چوڭلىرى نۆۋەت بىلەن ئادەم بېرىشنى توختام قىلىپ قويغان. ئەتە نۆۋەت ماڭا كېلىدىكەن. مېنىڭ بىر تۇل ئانام بار ئىدى، مەندىن باشقا بالىسى يوق. دادام كىچىكىمدە ئۆلۈپ كېتىپ، مەن بىچارە ئانام بىلەنلا قالغان. بۇ بۇغدايىنى تېرىپ بېرەي، دەپ قوش ھەيدەۋاتىمەن» دەپتۇ.

ئىماملارنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، بۇ ئەھۋالنى ھەزرىتى موللامغا خەۋەر قىلىپ، يۇرتنى بالادىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھەزرىتى

مۇللام: «غەيرىتىڭلارغا رەھمەت، سىلەر ياش، مەن بولسام يا-شانغان، ئۆلۈم يېقىنلاشقان ئادەم، مەن جەڭ قىلاي» دەپتۇ. «سىلى بولسىلا مۇدەررىس، نۇرغۇن تالىپلار سىلىگە قاراش-لىق، بۇ ۋەزىپىنى مەن ئادا قىلاي» دەپ ئىمام مالىك ئەكبەر يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىپ، ھەزرىتى مۇللامنىڭ ماقۇللۇقىنى ئاپتۇ.

ئىمام ئەكبەر بىلىگە ئۆتكۈر ئىككى قىلىچنى تېڭىپ، بىر قىلىچنى تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ، كۈن قىزىل بول-غاندا بىر لەۋقۇا ئېشەككە قومۇش ئارتىپ غار ئاغزىدا توختى-تىپ قويۇپتۇ. ئىمام مالىك ئەكبەر بولسا ئېشەكنىڭ ئارقى-سىدا تۇرۇپتۇ ھەم ئىككى كۆلچەك تەييارلاپ، بىرىگە كۆك ئىنەكنىڭ سۈتىنى، يەنە بىرىگە سېرىق ئىنەكنىڭ سۈتىنى تولدۇرۇشنى، زەھەرلىنىپ ئوڭ يېنىغا يىقىلسا، كۆك ئىنەك سۈتىدە، سول يېنىغا يىقىلسا، سېرىق ئىنەك سۈتىدە يۇيۇشنى تاپىلاپتۇ. شۇنداق قىلسا زەھەر تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن. سۈتمۇ يىغىلىپ بوپتۇ. كۆك ئىنەك ئاز بولۇپ، سۈتىدە كۆل-چەك تولمىغاچقا، ئاقساقاللار سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. كۈن چىقىش بىلەن تەڭ ئەجدىھا غاردىن بېشىنى چىقىرىپ دەم تارتقانىكەن، ئېشەك بىلەن قومۇشنى يۇتۇپتۇ، ئاندىن يەنە بىر دەم تارتقانىكەن، ئىمام مالىك ئەكبەر ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا بوراندەك كەپتۇ، بىلىگە تاڭغان ئىككى قىلىچ ئەجدىھانىڭ ئاغزىنى ئىككى تەرىپىدىن كېسىپ تىلىپ مېڭىپتۇ، قولىدا توغرىسىغا تۇتۇپ تۇرغان قىلىچ يۈرەك - باغرىنى تىلىپ مېڭىپتۇ. ئەجدىھا ئۆلۈپتۇ. ئىمام مالىك ئەكبەر تىرىك چې-قىپ جامائەتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، زەھەرلەنگەنلىكتىن ئوڭ يې-نىغا يىقىلىپتۇ. ئۇنى كۆك ئىنەك سۈتىدە يۇيۇپتۇ، ئەمما سۈت سۇ ئارىلاش بولغاچقا، زەھەرنى قايتۇرالماپتۇ. ئىنىسى ئىمام مالىك ئەسقەر ئاكىسىنى ھارۋىغا سېلىپ تالىپلار بىلەن

ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار قىزىل جىلغا بىلەن قارا جىلغىنىڭ سۇلىرى قوشۇلىدىغان كېچىككە كەلگەندە، زەھەرلەنگەن ئىمام مالىك جان ئۈزۈپتۇ. جەسىتى ئېگىز دۆڭگە دەپنە قىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي «ئىماملىرىم»① دەپ ئاتىلىپتۇ.

① ئىماملىرىم ــ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزا تەۋەسىدە.

# كۆك گۈمبەز

بۇرۇنقى چاغلاردا پەرغانە تەرەپتىن ھەببە ھەجەم ئىسىم-لىك بىر باي ئايال كېلىپ، ئاتۇش ئىكساقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. بۇ ئايال ئاشلىق جازانىخورلۇقى بىلەن شۇغۇللى-نىدىكەن، ئېرىشكەن بايلىقىغا يەر ـ زېمىن سېتىۋالىدىكەن.

ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشلىق جازانىسىنى سۈيلەپ دېھ-قانلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قول ـ ئىلكىدە بولمىغان بۇ دېھقان ھەببە ھەجەمگە كۆپ قېتىم ھال ئېيتىپ بىر-مەزگىل سەۋر قىلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھەببە ھەجەم: «ئەگەر ئاشۇ دېھقانىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان گەپ راست بولسا، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭ ھالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمايمۇ؟» دەپتۇ ـ دە، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ.

ھېلىقى دېھقانىنىڭ ئايالى ھەببە ھەجەمنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، ئالدىغا داستىخان سېپتۇ. بىراق، پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كەلگىنى پەقەت ئىككى دانە زاغرا نېنى ۋە بىر دانە ئارپا نېنىلا بوپتۇ. ئايال داستىخانغا قاراپ بۇلارنىڭ ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالاي دەپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆي ئىچىنى زەن قويۇپ كۆزىتىپتۇ. دېمىسىمۇ، ئۆي ئىچىدە پۇلغا يارىغۇدەك ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك، بىسات

دىگەنلەر يوق ئىكەن. بىراق، شۇ ئارىدا ئوچاقتىكى قازاندىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بۇرنىغا پىشقان گۆش ھىدى ئۇرۇلۇپتۇ. ئېھتىمال گۆش پىشۇرۇۋاتقان چېغى، ئۇنى نەدىن تاپقاندۇ؟ گۆش تېخى پىشمىغان چېغى، قايتىپ كەتسەم ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن، ئازراق كۈتمەيمۇ، دەپ ئويلاپتۇ ھەببە ھەجەم. ئۇ خېلى ئۇزاق كۈتۈپتۇ، ئالدىغا گۆش ئەكېلىنمەپتۇ. كەتمەكچى بوپتۇ، بىراق ئۆي ئىگىسى «گۆش يەپ ماڭمامسىز» دېمەپتۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئەلەم بوپتۇ.

ھەببە ھەجەم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يېتىپ قاپتۇ ۋە مۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ: ئۇ ئاپئاق ئېھرام باغلىغان قىياپەت بىلەن ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بىر قەبرىستانلىق ئىچىدە تۇرغۇدەك. تاسادىپىي بىر گۈمبەز يېرىلىپ، ئىچىدىن بىر توپ يىلان، بىر توپ چايان چىقىپتۇدەك. يىلانلار ئۇنىڭ پۇتلىرىغا يۆگىلىپ يامىشىۋاتقۇدەك، چايانلار ئۇنىڭ بارماقلىرىنى چىشلەۋاتقۇدەك، بىراق ئاغرىمىغۇدەك. شۇ ئەسنادا قەبرە ئىچىدىن ئاق پەرەنجىلىك بىر ساھىبجامال چىقىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچراتقان ھالدا: «سەن دېگەن بىر جازانىخور! سەن باشقىلارنىڭ قان ـ تەرى بىلەن ياشاۋاتىسەن. سەن ئۆلىسەن. بىراق، بۇ قەبرىستانلىققا يولىغۇچى بولما. بۇ قەبرىستانلىقتا سەندەك جازانىخورغا ئورۇن يوق!» دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ھەببە ھەجەم ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، چۈشىنى ئەسلەپ داد ـ پەرياد چېكىپتۇ، ئۇزۇن يىغلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئالدىنقى كۈنى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلمىغان ئايال كىرىپتۇ. ھەببە ھەجەم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۇنى كۆرپىگە تەكلىپ قىپتۇ، ئۇزۇن ئىززەت ـ ئىكراملاردىن كېيىن ئۇنىڭدىن:

— تۈنۈگۈنكى قازاندىكى گۆشكە نېمە ۋەجىدىن مېنى

تەكلىپ قىلغۇڭىز كەلمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا:

— ھۆرمەتلىك خېنىم، ئۆزلىرىگە ئۇ گۆشنى تەكلىپ قىلىشقا ھەقلىق بولمايتتى، — دەپتۇ.

— ھارامىمىدى؟ — دەپتۇ ھەببە ھەجەم دەرھاللا.

— يوقسۇ، — دەپتۇ ئايال، — ئاڭلىشىمىزچە، ئاز - تولا يېسە ھارام ئەمەس ئىمىش.

— ئاپلا! — دەپتۇ ھەببە ھەجەم ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، — ئەسلىدە سىلەر ئېشەك گۆشى پىشۇرۇۋاتقانىكەن-سىلەر - دە!

— شۇنداق ئىدى، — دەپتۇ ئايال بوزلاپ يىغلىغىنىچە.

— مەندىن نېمىشقا ئاشلىق سورىمىدىڭلار؟ — دەپتۇ ھە-ببە ھەجەم ئەجەبلىنىپ.

— ئۆسۈمىدىن قورقتۇق، — دەپتۇ ئايال ئېسەدەپ تۇرۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەببە ھەجەم قاتتىق ئازابلىنىپ-تۇ، چۈنكى ئۇ جازانىخورلۇق ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالغانلىقى تۈپەيلى، ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

ئەتىسى جۈمە كۈنى ئىكەن. ھەببە ھەجەم تاھارەت ئې-لىپ، ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ جۈمە نامىزىغا ئىـ-كىساق جامەسىگە كىرىپتۇ، ناماز ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— مۆھتەرەم جامائەت، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا شۇنى ئېلان قىلايكى، بۈگۈندىن باشلاپ كىمدە ئېلىشىم بولسا ئې-لىشتىن ۋاز كەچتىم. ئولتۇرغان ئۆيۈم ۋاپاتىمدىن كېيىن جامائەتنىڭ مۈلكى بولۇپ كەتسۇن. پۈتكۈل يەر - زېمىنىمنى ئىكىساق كەنتىگە ۋەخپە قىلىۋەتتىم. بۈگۈندىن باشلاپ تاكى

نەپسىم ئۇزۇلگۇچە خۇدادىن گۇناھىمنى تىلەپ تائەت ـ ئىبادەت قىلغايمەن، — دەپتۇ.

ئارىدىن مەلۇم يىللار ئۆتۈپ ھەببە ھەجەم ۋاپات بوپتۇ ھەمدە ئىكىساققا دەپنە قىلىنىپتۇ. كېيىنچە ئىكىساق خەلقى مۇسابايوفقا[1] ئۇنىڭ قەبرە گۇمبىزىنى ياسىتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ بۇ پەزىلەتلىك مۇساپىر ئايالنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاستىن ئاتۇشتىن توپا ئەكەلدۈرۈپ، قەشقەردىن تۆگە بىلەن پىششىق خىش يۆتكەپ كېلىپ گۇمبەزنى بىنا قىلدۇرغانىكەن. گۇمبەز رەڭگى كاھىشلاردا زىننەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن «كۆك گۇمبەز» دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇ چاغلاردىن تاكى ھازىرغىچە خەلق ھەببە ھەجەم دەپنە قىلىنغان بۇ كۆك گۇمبەز ئەتراپىغا يىغىلىپ ئۇنىڭ نامىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىكەن، قەسىدە ئوقۇيدىكەن.



[1] مۇسابايوف — ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر باي. 1809 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1895 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

# قۇربان ئاتام مازىرى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، كوچادا پۇتكول سۇ ئىشلىرىغا قارايدىغان قۇربان ئاتام ئىسىملىك بىر ئادەم بولغانىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئادەم: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن، مېنى ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغنىڭ چوققىسىغا ئاچىقىپ قويۇڭلار، مەن كۆزۈم يەتكەنلا يەرگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىمەن. مېنى تاغنىڭ چوققىسىغا ئاچىققىچە يەرگە قويماي كۆتۈرۈپ مېڭىڭلار، ئەگەر جەسىتىمنى يول ئۈستىدە قويساڭلار كۆتۈرەلمەيسىلەر» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇربان ئاتام ئۆلۈپ قاپتۇ. كىشىلەر يىغا - زار قىلىشىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىككە قويماقچى بولۇپ ئۇنى تاغقا ئېلىپ مېڭىپتۇ. تاۋۇتنى كۆتۈرگەن كىشىلەر تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا قۇربان ئاتام ھايات ۋاقتىدا ئېيتقان سۆزنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تاۋۇتنى قويۇپتۇ، ئەمما ئىككىنچىلەپ كۆتۈرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇربان ئاتامنى شۇ يەرگە دەپنە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سوخو قاتارلىق چەت جايلارنى قۇربان ئاتام كۆرەلمىگەچكە، ئۇ يەرلەردە سۇ ئازلاپ قاپتۇ. كېيىن كىشىلەر قۇرغاقچىلىق بولغاندا تاغقا بېرىپ قوي ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ، نەزىر بېرىدىغان بوپتۇ. بارا - بارا قۇربان ئاتامنىڭ قەبرىسى مازارغا ئايلىنىپتۇ.

# قىرمىش ئاتام مازىرى

رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەمنان ئىبنى كەلىخ (سۇلتانى سەيدۇل قىرمىش مۇسلىمىن) قەھقەر جادۇ ئاتەشپەرەس كۇپپار بىلەن جەڭ قىلىپ، تاغ بويلاپ ھازىرقى قىزىلتاغنىڭ يېنىغا چېكىنىپتۇ. بۇ پايانسىز ئوتتەك ئىسسىق سايدا ساھابىلەر ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپتۇ، ئاتلار ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. ھەمنان خۇداغا سېغىنىپ: «ئىبارا خۇدايا، بىز بۇ دەشتتە ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ، جان ھەلقۇمغا يەتتى، بىزگە شىپالىق ئاتا قىلغايسەن...» دەپتۇ. تۈن كېتىپ تاڭ سەھەردە ھەمنان چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئۇنىڭغا: «ھەي ھەمنان! كۆزۈڭنى ئاچ، دۆڭدىكى يوغان قارا تاشنى يۆتكىسەڭ، بۇلاق ئېچىلىپ سۇ چىقىدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەمنان ئويغىنىپ، غازاتچىلارنى باشلاپ بېرىپ، چۈشىدە كۆرگەن ئۆيدەك يوغان تاشنى يۆتكىشى بىلەن تەڭلا سۇلار فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بۇ بۇلاققا چارچى (باشبۇلاق) دەپ نام بېرىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئاخىرىدىن يەنە بىرقانچە بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىپ، توگمەن چۆرۈلگۈدەك سۇ ھاسىل بولۇپ، كۆمتۈرۈپ قويغان تەڭنىگە ئوخشايدىغان دۆڭدىن پەسكە چۈشۈپلا يوقىلىپ كېتىپتۇ.

ھەمنان ئىبنى كەلىخ سۇنى تاپقاندىن كېيىن، سۇنىڭ

بويىغا چېدىرلارنىڭ ياغاچلىرىنى سۇغۇرۇپ تىكىپتۇ. چېدىرنىڭ ياغاچلىرى زايە بولماي كۆكلەپتۇ. بۇ سۆگەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى هازىرقى قاراسۆگەت ياكى سېرىقسۆگەتنىڭ يوپۇرماقلىرىغا زادىلا ئوخشاشماپتۇ. شۇڭا، بۇ سۆگەتلەر «چېدىرسۆگەت» دەپ ئاتىلىپتۇ. كۆسەيدىن كۆكلىگەن كۆسەيتېرەكنىڭ قوۋزاق ۋە يوپۇرماقلىرى سۇۋادان تېرەككىمۇ، قارا تېرەككىمۇ ياكى تاغ تېرەكلىرىگىمۇ ئوخشاشماپتۇ. شۇڭا، بۇ تېرەكلەر «كۆسەيتېرەك» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەمنان ئىبنى كەلىخ بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، مۇشۇ يەردە ئاتەشپەرەسلەر تەرىپىدىن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەنىمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان مازارغا ئايلانغانىكەن[①].

① قىرمىشئاتام مازىرى — بۇ مازار ئونسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان.

# يەتتە قىز قەبرىسى

رىۋايەت ۋە ھېكايە قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت ۋە ھېكايە قىلىدۇكى، تۇرپان ۋاڭلىرى دەۋرىدە تۇرپان كونىشەھەر ئەتراپىدا بىر كەمبەغەل ئايال ياشايدىكەن، ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ھۆر - پەرىلەردىن قېلىشمايدىكەن. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىلا ئەمەس، ئەقىل - پاراسىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى قىزنىڭ گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىكەن. شۇڭا قىزنى بىر كۆرگەن كىشى ئاشىقى بىقارار بولۇپ ئۇيقۇدىن بىدار بولىدىكەن، ئاش - ناندىن قالىدىكەن.

قىز ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا تولۇشىغا ئەلچىلەر كېلىپ قىزنىڭ قولىقىنى قىزىتىپ، كۆڭلىگە ئارام بەرمەپتۇ. ئەلچىلەر ئىچىدە قازىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەرمۇ، داموللىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەرمۇ، دوتەيگە ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىكەن. ئىشقىلىپ، قولىدا پۇلى بارلارنىڭ ھەممىسى ئۇ زۇلدۇرمەي ئەلچى كىرگۈزۈشكە باشلاپتۇ. قىزنىڭ كېسەلچان، ئاق كۆڭۈل، ساددا، قولىدىن يەۋاتقان ئېشىنى تارتىۋالسىمۇ يەردىن يۇقىرى قارىمايدىغان مۆمىن ئانىسى كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئابرۇيى - ئىززىتىنى دەپ، ھەممىسىنى خوش -

خوش بىلەن يولغا سېلىپ، ئەلچىلەرنى نائۇمىد قويغانلىقىدىن ئەپۇ سوراپ يولغا سالىدىكەن.

قىز دادىسى ھايات ۋاقتىدا دادىسىدىن ئۆگەنگەن بىلىم-لىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بوش ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇيدى-كەن، باشقا ۋاقىتلىرىدا كېسەلچان ئانىسىغا تاماق ئېتىپ بې-رىدىكەن، ئۆي ۋە تالا - تۈزنىڭ ئىشلىرىنى تىنىم تاپماي چېۋەرلىك بىلەن ئىشلەيدىكەن.

كۈنلەر تۈنلەرگە ئۇلىشىپ، ئايلار يىللارغا ئۇلىشىپ، قىز ھەش - پەش دېگۈچە ئون بەش ياشقا كىرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا قوشنىسىنىڭ ئوغلىمۇ قىز بىلەن تەڭ چوڭ بوپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئابدۇغېنى بولۇپ، قەددى - قامىتى كې-لىشكەن، ئېغىر - بېسىق، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق ئىكەن. ئاب-دۇغېنى دائىم ئۇلارنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلىد-شىپ بېرىدىكەن. شۇ جەرياندا قىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ - چىقىپ، بوش ۋاقىتلىرىدا بىللە ئويناپ، بىر - بىرىگە ئې-جىل بولۇشۇپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەل بېشىغا بالا - قازا يېغىپ، جۇڭ-غار قوشۇنلىرى تۇرپانغا تاجاۋۇز قىلىپ بېسىپ كىرىپتۇ. ئابدۇغېنى «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بول-ماس» دەپ جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا مەردلىك بىلەن ئاتلىنىپتۇ. قىز قايغۇ ياشلىرىنى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈپ، يىگىتنى ئەل - يۇرت ئۈچۈن غازاتقا ئۇزىتىپ، خۇدادىن ئامانلىق تىلەپتۇ... قىزنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى قېرى كېسەلچان ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئې-لىش، يىگىتنى كۈتۈپ يولغا قاراپ تەلمۈرۈش، سېغىنىش بىلەن ئۆتۈپتۇ.

قىزنىڭ كېلىشكەن قامىتى، يېڭىدىنلا كۆتۈرۈلگەن

كۆكسى ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈ-رۈۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ باي ــ غوجاملار ئىچى ئاداپ، ئالد-قىنىنى ئالىقىنىغا سۈركەپ، ئەلچىلەرنى تىنىم تاپتۇرماي ئە-ۋەتىشكە باشلاپتۇ.

قىز ئۆز ئەقىدىسىدىن يانماي، ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، نائۇمىد قايتۇرۇۋېتىپتۇ. قىز پەقەت ئۆزىنى ئابدۇ-غېنىغا ئاتىغانىكەن. ئەمما، كوچىدا يۈرگەن بىكار تەلەپلەر، قىمارۋازلار، قۇلاقكەستىلەر ھەر خىل پىتنە ــ ئىغۋا، ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، قىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپتۇ. بەزى-لەر: «قىز بۇزۇلغان، بۇلغانغان، شۇڭا باي ــ غوجاملارنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ، بولمىسا شۇنچىلىك ئېرىشىش تەس بولغان ئابروي، پۇل، مال ــ مۈلۈكتىن قۇرۇق قالامتى؟» دې-يىشسە، ئەلچىلىرى قايتۇرۇلغان باي ــ غوجاملار «قول يەتمە-گەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك، قازىغا ئەرز سۇنۇپ: «بۇزۇل-غان قىز كۆزىمىزدىن يىراق بولسۇن، بولمىسا يۇرتىمىزغا بالا ــ قازا كېلىدۇ» دېيىشىپتۇ. قازى: «قىز مېنىڭ ئەلچى-لىرىمنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ دەردى ئىچىگە توشۇپ، ئەلەمدىن يېرىلىپ كېتەي دەپ، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەنىكەن. ئۇ قولىغا ئەرز چىققان كۈندىن باشلاپ ئىچ ــ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، «ئەل بىزار ــــ خۇدا بىزار» دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ، قىزنى دەرھال سوراقخانىغا چاقىرتىپتۇ. قىز ئۆزىنىڭ نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلمىگەچكە، قازىنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ تۇ-رۇپتۇ. قازى قىزغا ھۆرپىيىپ:

ــــ سەن يۇرتىمىزنىڭ نامىغا داغ چۈشۈردۈڭ، ئۆلۈمگە لايىقسەن! ــــ دەپتۇ. قىز:

ــــ نېمە داغ چۈشۈردۈم، نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىقمەن؟ ــــ دەپتۇ. قازى ھۆركىرىگەن ھالدا:

— سەن نېمە ئۈچۈن دەپ سورايسەنغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئې-كەنلىكىنى بىلمىسەڭ، مەن ئېيتىپ بېرەي: شەرىئەتتىمىزدە قىزلار توققۇز ياشتىن ئون ئىككى ياشقا كىرگۈچە ياتلىق بولىدۇ، ئەمما سەن ئون يەتتە ياشقا كىرىپمۇ تېخى قېرى قىز بولۇپ يۈرسەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ سەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەن، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. سېنىڭ مۇنداق يۈرۈ-شۈڭ يۈرتىمىزغا بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ، — دەپتۇ. قىز:

— مەن پاك، خۇدا گۇۋاھ ! — دەپتۇ.

— سېنىڭ ھەربىر سۆزۈڭنى ئاڭلاش خۇدا ئالدىدا قاتتىق گۇناھتۇر، ئاغزىڭنى يۇم ! — دەپتۇ قازى، ئاندىن، — سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى يول بار: بىرىنچى، سېنى كىمگە ياتلىق بول دې-سە شەرتسىز ماقۇل بولىسەن. بۇنىڭغا ماقۇل دېمىسەڭ، ئىككىن-چى يول، سېنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ! — دەپتۇ قىزغا تەھدىت سېلىپ. بۇنى ئاڭلىغان قىز ئىككىلەنمەي:

— مەن ئىككىنچى يولنى تاللىدىم، — دەپتۇ. قازى كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز مەغرۇر ھالدا:

— چۈنكى، مەن پاك، مېنىڭ پاكلىقىمنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قازى غەزەپلەنگەن ھالدا:

— بۇ بۇزۇق ئالجىپ قاپتۇ. يۇرتىمىزنى بالا - قازادىن ساقلاش ئۈچۈن چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەيلى ! — دەپتىكەن، ئەتراپتىكىلەرمۇ: «ئۆلتۈرەيلى !» دەپ چۇقان كۆ-تۈرۈشۈپتۇ. قىز:

— ئۆلۈش ئالدىدا مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، — دەپتۇ. قازى:

— قېنى تېز ئېيت، نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپ ھۆر-

كىرەپتۇ. قىز قىلچە ھودۇقماي:
— مەن ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىر يۇيۇنۇپ، كىيىم - كې-
چەكلىرىمنى يەڭگۈشلىۋالسام. مېنى مۇنار ئۈستىدىن تاشلاپ
ئۆلتۈرسەڭلار، — دەپتۇ. قازى شۇنچە ئېگىز مۇنار ئۈستىدىن
تاشلىساق ئۆلمەي قالامتى، دەپ ئويلاپ:
— بولىدۇ، تەلىپىڭنى ئورۇندايلى، بولمىسا سېنىڭ كۆ-
زۈڭ ئوچۇق كېتىپ قالمىسۇن، — دەپ قىزنىڭ تەلىپىگە
قوشۇلۇپتۇ.
قىز يۇيۇنۇپ، كېپەن كىيىپ، كېسەلچان ئانىسى بىلەن
خوشلىشىپ چىققاندا، ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ھەم-
مە ئادەمنىڭ كۆزى قىزغا مىختەك قادىلىپتۇ. ئۇلار يۇرتى-
مىزنى بۇلغىدىڭ، يۇرتىمىزنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتىڭ دېگەندەك
قىلىپ، قىزغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىپتۇ. قىزغا بىرەر
كىشىمۇ ھېسداشلىق قىلماپتۇ.
قىز ھېچبىر ئىككىلەنمەي مۇنار ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇ
پۈتىدىكى كېپەننى باغلىغان رەخت پارچىسىنى يېشىۋېتىپ،
مۇناردىن ئۆزىنى تاشلاپتۇ.
قىزنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن نادان كىشى-
لەر مۇنار ئەتراپىدا سانجاق - سانجاق بولۇشۇپ، بىر - بى-
رىنى ئىتتىرىشىپ، ئىسسىقتا تەرلەپ - تەپچىرەپ تۇرۇشقا-
نىكەن. قىز مۇناردىن سەكرىگەندە، ئۇلار قورقۇپ، چۇرقىرى-
شىپ كېتىپتۇ. قىز مۇناردىن دەسلەپتە تىك چۈشۈپتۇ. كې-
پەننىڭ تېگى ئوچۇق بولغاچقا، كېيىن شامال قاپلىشىپ
قىزنى ئۇچۇرۇپ، ئاستا - ئاستا پەسلەپ، مۇناردىن ئاللاھازەل
يىراق قەدەمچە جەنۇب تەرەپكە چۈشۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن نادان
خالايىق «تۇۋا» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇپ: «بۇ قىز خۇدا يۇرتى-

مىزغا ئەۋەتكەن ھۆر - پەرىزات ئىكەن، بىلمەي قاپتىمىز، ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك قىپتىمىز» دېيىشىپ، قىزنىڭ شامال كۈچىدىن ئامان قالغانلىقىنى بىلىشمەي، ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، يەرگە قويماي ئۆيىگە ئەكەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىز ئەل - جامائەتنىڭ نەزىرىدە ئىززەت - ئابرۇيلۇق قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بۇ ئىش بولۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭغار تاجاۋۇز - چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كەتكەن ئابدۇغېنى ئۇرۇشتا قەھرى - مانلىق كۆرسىتىپ «باتۇر» دېگەن نام بىلەن ئۇرۇشتىن ساق - سالامەت قايتىپ كەپتۇ. قىزمۇ ئەل - جامائەتكە قوشۇلۇپ يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. يىگىت بىلەن قىز ئۇچراشقان چاغدىكى ئەھۋالنى كۆرگەن ئەل - جامائەت قىز - نىڭ كۈتكىنى ئابدۇغېنى باتۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ توي قىلىپ ئۇلارنى قوشۇپ قويۇپتۇ. يىگىت بىلەن قىز مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى باشلاپتۇ. كېيىن ئۇلار يەتتە پەرزەنت كۆرۈپتۇ، يەتتىلىسى قىز ئىكەن. بۇ يەت - تە قىز ئايپىسىغا ئوخشاش بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل ئىكەن.

ئۇلار شۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەر - نىڭ بىرىدە يۇرتقا ۋابا كېسىلى تارقىلىپتۇ. بۇ شۇم كېسەل باتۇرنىڭ يەتتە قىزىغىمۇ يۇقۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

غېنى باتۇر قىزلىرىنى مۇنارنىڭ جەنۇب تەرىپىگە دەپنە قىپتۇ.

مانا مۇشۇ قەبرىلەر ھازىرغىچە «يەتتە قىز قەبرىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

# سەئىدخان غوجام مازىرى

قەدىمكى زامانلاردا تۇرپاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېدىر-لىق ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كىچىك بۇلاقلار بار بولۇپ، بۇ يەر-گە ئۇزۇن زامانلارغىچە ئادەم ئاياغ باسمىغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سەئىد ئىسىملىك دېھقان بۇ جايغا كېلىپ قاپتۇ، بۇ يەرگە تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، دېھ-قانچىلىق سايمانلىرىنى ئەكېلىپ، بوز يەر ئېچىپ يەر تېرىش-قا كىرىشىپتۇ، كۆزلۈكى ئەجرىگە يارىشا مول ھوسۇل ئاپتۇ. كېيىنچە مەھەللىدىن يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر سەئىد دېھقان-نىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ جايغا كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ. بارا ـ بارا بۇ جايدا ئادەملەر كۆپىيىپ مەھەللە-لەر پەيدا بوپتۇ. بىر جۈمە كۈنى سەئىد دېھقان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى شۇ جايدىكى ئېگىزرەك تۆپە-لىككە دەپنە قىلىپ، چىرايلىق گۈمبەز ياساپ قويۇپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈمبەز ئەتراپى كېڭىيىپ خېلى چوڭ مازارلىققا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇ يەردە سەئىد دېھقان-نى خاتىرىلەپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشىدىغان بوپتۇ. كې-يىنچە ئۇ يەرنىڭ نامى «سەئىدخان غوجام» دەپ ئاتىلىپ، ئەتراپتىكى يۇرت ـ مەھەللىدىكى كىشىلەر بۇ يەرگە زىيارەت-كە كېلىدىغان بوپتۇ.

# ئەمچەككۆجام مازىرى

ئىلگىرىكى زاماندا بىر قىيتىملىق ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلۈپتۇ، بەزىلىرى يارىلىنىپتۇ. دۈشمەنلەر شۇ ئەتراپتىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئانىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئانىسىز قالغان بوۋاقلىرىنى ئېمىتىشكە مەجبۇرلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق قايتا ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنلەرنى قوغلاپتۇ. بۇ ئانا شۇنىڭدىن كېيىن «دۈشمەنلەرنىڭ بالىسى ئەمگەن ئەمچەكنى كېرەك قىلمايمەن» دەپلا ئۆز ئەمچىكىنى كېسىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئاشۇ كېسىپ تاشلىۋېتىلگەن ئەمچەك چۈشكەن جاي كېيىن مازارغا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇ ئانىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بۇ مازارنى «ئەمچەككۆجام»[1] دەپ ئاتاپتۇ.



① ئەمچەككۆجام — ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق داۋانچىڭ بازىرىنىڭ شەرقىدىكى تاغدا.

# تاغۇتاش، ئۆڭكۈر، دەريا ـ ئۆستەڭ، كۆل ـ بۇلاقلار توغرىسىدا



تاغۇتاش، ئۆڭكۈر، دەريا ـ ئۆستەڭ،
كۆل ـ بۇلاقلار توغرىسىدا



# بوغداتېغى

## 1

رىۋايەتچىلەر تاغ ـ داۋانلار، دېڭىز ـ ئوكيانلار، ئېقىن دەريا، باغۇبوستانلار تارىخى ئۈستىدە رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، دۇنيا يارالغىنىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ ۋە لېكىن ئادەم ئاتام تۆرەلگەندىن ھازىرغىچە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ماكان (ئۈرۈمچى) دېڭىز ئورنى ئىكەنمىش. قاچاندۇ بىر زامانلاردا يەر يېرىلىپ، زېمىندىن ئوت كۆتۈرۈلۈپ، دېڭىز سۈيى غايىب بولۇپ، بۇ يەر ئوت دۇنياسىغا ئايلىنىپ، بارلىق مەۋجۇدات ۋە تاغۇتاشلار نەچچە مىڭ يىل كۆيۈپتۇ. خۇدانىڭ بۇ قەھر ـ غەزىپىگە چىدالمىغان زېمىن خۇداغا نالە قىپتۇ. زېمىنىنىڭ نالىسىدىن ئاسمان زىلزىلىگە كېلىپ ئەرشئەلا تەۋرەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ زېمىنغا نەزەر ساپتۇ. بۇ چاغدا كۇھىقاپىنىڭ يەتمىش قەۋەتلىك دەرۋازىسى ئېچىلىپ، شامال چىقىپ تۆت گىرداب، سەككىز قىرغاقتىكى چاڭ ـ توزان، تۇپراقلارنى سۈرۈپ ئوت دۇنياسىنى كۆمۈپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىن ئاستىدا قالغان قىپقىزىل ئاتەش ـ چوغ ئۈنچە، مەرمەر، ياقۇت كەبى يەتمىش ئىككى خىل مەدەنگە ئايلىنىپتۇ.

رىۋايەتچىلەر كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، ئارىدىن قانچە ئۇزۇن يىللار ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئەمما قاچاندۇ بىر زامانلاردا بۇ يەردە ھايات باشلىنىپتۇ. تاغۇتاشلار كۆكىرىپ، ئېكىنزارلار ياپيېشىللىقتا پۈركىنىپتۇ. مەشرىقتىن مەغرىبكە سوزۇلغان تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ئادەمزات ياشاشقا باشلاپتۇ. قاچاندۇ بىر چاغدا، قاتتىق يەر تەۋرەپ زېمىندىن ئەرشكە تاقاشقۇدەك ئوت كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئىس ـ تۈتەك قاپلاپتۇ. جاھان يورۇغاندا كىشىلەر كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان بىر ھەيۋەت تاغنى كۆرۈپتۇ. كىشىلەر بۇ ۋەقەدىن ھەيران ـ ھەس بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە، بۇ تاغدىن پات ـ پات ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تاغ يېرىلىپ، نەچچە ئون پاتمان تاشلارنى ئەتراپقا ئاتىدىغان بوپتۇ. ئېتىلغان تاشلار داۋانچىڭ، سايۋۈپۈلارغىچە بارىدىكەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن تاغ نەچچە مىڭ گەز ئۆرلەيدىكەن. كىشىلەر بۇ تاغنىڭ ئىلاھىي قۇدرەت كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تاغنى ئىلاھ دەپ تونۇپ بەيئەت قىلىدىغان بوپتۇ.

رىۋايەتچىلەر كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، كېيىن بۇ يەر راسا ئاۋاتلىشىپ، مال ـ ۋارانلار كۆپىيىپتۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئالمان بىلەن سالمان دېگەن ئىككى يۈرت ئاقساقىلى ئىلاھىي تاغدا ئىبادەت قىلىپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئاغزىدىن كۆپۈك چاچراۋاتقان بىر ئاق بۇغرا ئۇياندىن بۇيانغا ئۆتۈپتۇ. بۇغرىنىڭ ھۆركىرەشلىرى خۇددى تاغ يېرىلغاندا چىققان قاتتىق ئاۋازغا ئوخشايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەل ـ جامائەتكە بۇ «تاغنى بۇغرا» دېيىشنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ تاغ «بۇغرا» دېيىلىدىغان بولغانىكەن، قانداق قىلىپ

«بوْغدا»غا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ھېچ كىشى بىلمەيدىكەن.

## 2

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاغقا نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن ئىلاھ، دەپ كىشىلەر چوقۇنغانىكەن. بۇتپەرەسلەر زامانىدا بۇ تاغقا تۆت يۈز مىڭ بۇت ياسىلىپ، بۇتپەرەسلەر بۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانىكەن. سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام ئېچىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، قۇدرەت ئىلاھى بىلەن تۆت يۈز تۆگە بۇتقا جان كىرىپ، ئىمان ئېيتىپ، غازاتقا قاتنىشىپتۇ. كېيىن بۇغراخان:

— ئەي مەخلۇقلار، يۈز مىڭ يىل لاي پېتى تۇرۇپ خۇداغا ئىبادەت قىلدىڭلار، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولۇپ سىلەرگە جان ئاتا قىلدى. ئەمدى مۇشۇ تاغ سىلەرگە مەنسۇپ، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تۆگىلەر بۇ تاغنى ماكان قىلىپ ياشاپتۇ. ئەركەك تۆگە يىلدا بىر قېتىم كۆيلەيدىكەن، ئۇ چاغدا خۇدىنى يوقىتىپ، كۆپۈك چاچرىتىپ، ھۆركىرەيدىكەن. كىشىلەر بۇنىڭدىن تۆگىنىڭ بۇغرىسى تۇتقانلىقىنى بىلىدىكەن. كېيىنچە كىشىلەر بۇ تاغنى «بۇغرا تاغ» دەپ ئاتاشقانىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام ئېچىپ جاھانغا مەشھۇر بولغاندىن كېيىن، خەلق بۇ تاغقا «بۇغراخان» نامىنى بەرگەنىكەن، دېيىلىدۇ.

## 3

رىۋايەتچىلەر بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار تارىخى ئۇستىدە رىۋايەت قىلىپ مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ:

تەخمىنەن بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام ئىچىپ تۇرپان دىيارىغا كەلگەن-مىش، بۇ يەردىكى بۇتپەرەس كاپىرلارغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلغانمىش. كاپىرلار بۇتلىرىنى مەيدىسىگە تېڭىپ «ئى لات، ئى مانات، ئۇززەئى سەنەم، مەدەت قىلغايسەن، بىز ساڭا مەڭگۈ سادىقدۇرمىز» دەپ جاھىللىق قىلىپ ئىمان ئېيتماي جەڭگە داخىل بولغانمىش. بۇ چاغدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان پالۋان ئەھمىدى زەمچى، ئىمىر قۇ-تەيبە ھەم ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك لاۋۇلەشكەر بىلەن دۈش-مەن سېپىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئالتە ئاي جەڭ قىلغانمىش. جەڭ شۇنداق قىزىغانكى، ئۆلۈكلەر بېشى ساي تېشىدەك دۆۋىلە-نىپ، قانلار دەريا بولۇپ ئاققان. رىۋايەتچىلەر بۇ يەردە بولغان جەڭنى شۇنداق سۈرەتلەيدۇكى، ئىككى تەرەپتىن ئۇرۇلغان ئو-مۇتلار ئاۋازى تاغۇتاشلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى، ئېتىلغان ئوقيالار سايىسىدىن كۈن نۇرى چۈشمەيتتى، قىلىچلار بىسىد-دىن يانغان ئوت گويا چاقماق چېقىلغاندەك قاراڭغۇ تۈننى يورۇتاتتى.

رىۋايەتچى كېيىنكى ئىشلارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلدى، ئاشلىق - تۈلۈك ئازايدى، لەشكىرى ئىسلام ھارسىندى. بۇ چاغدا سۇتۇق بۇغراخان لەش-كىرى ئىسلامنى باشلاپ ئۇرۇمچىگە يېنىپ كەلدى. بۇ كۈن-لەردە ئىمىرقۇتەيبە لەشكەرلىرى قۇتۇبىدا (رىۋايەتچى قۇتۇبى دېمەك — قۇتەيبە دېمەكتۇر، دەيدۇ)، پالۋان ئەھمىدى زەمچى قوشۇنى ماناستا، سۇتۇق بۇغراخان قوشۇنى ئۇرۇمچى ئەۋلىيا-تاغ (ئىلگىرى بۇ تاغ ئەتىمدىن - كەچكىچە تۇتەكتە كۆرۈنمە-گەچكە، كىشىلەر غايىبتاغ، ئەۋلىياتاغ، شەيتانتاغ دەپ خىل-مۇخىل ئاتاشقان)دا تۇرىدۇ. تۇرپان بۇددىستلىرى بىلەن

ئىسلام لەشكىرىنى ئۈرۈمچى دەرياسى بۆلۈپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە بۇددىستلار جۇڭغارلار بىلەن بىرلىشىپ كۈچ توپلاپ تويۇقسىز سۇتۇق بۇغراخان لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. جەڭدە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوڭ پۇتىغا زەھەرلىك ئوق تېگىپ يارىلىنىدۇ. بۇغراخان ئىلاھىي تاغقا چېكىنىپ ئالتە ئاي داۋالىنىدۇ. ئۇرۇش داۋام قىلىدۇ. بۇغراخاننىڭ لەشكىرى يەنىلا ئەۋلىياتاغدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئىلاھىي تاغقا «بۇغراخان» دەپ، ئەۋلىيا تاغقا «يامانلار تېغى» (باتۇرلار تېغى) دەپ نام بېرىدۇ. قەدىمكى تىلىمىزدا باتۇر، جەڭگىۋار «يامان» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا «ر» «د» ئوقۇلۇپ، «بۇغرا» «بۇغدا» بولۇپ قالغانىكەن.

## 4

ۋائىزلار جەڭنامىلەردىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن سۇتۇق بۇغراخان ئىككى يۈز مىڭ ئاق ئاتلىق لاۋۇلەشكەر بىلەن ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن كونا تۇرپانغا كەلدى. ئۇ زاماندا كونا تۇرپان قەلئەسىنى دەقيانۇس دېگەن بىر چىركىن بېسىپ ياتقانىكەن. سۇتۇق بۇغراخان دەقيانۇسنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئۇ ئىسلامغا كىرمەي، بەلكى تۈمەنمىڭ لەشكەرنى باشلاپ جەڭ مەيدانىغا ھازىر بولدى. ئىككى تەرەپ سۈلھى - مۇرەسسەسىز جەڭ باشلىدى. قاتتىق جەڭ بولغان بىر كۈنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوڭ پۇتىغا زەھەرلىك ئوق تەگدى. سۇتۇق بۇغراخان يارىلانغاندىن كېيىن بۇتپەرەسلەر گويا بۆرە قويغا ئېتىلغاندەك ئىسلام لەشكەرلىرىگە باستۇرۇپ كەلدى. ئىسلام لەشكەرلىرى سارا-

سىمىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىلاھىي تاغدىن تۇمەنمىڭ ئاق نار تۆگە (بۇغرا) ھۆركىرەپ، نەرە تارتىپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كۆپپارلارنى تېپىپ، چىش-لەپ، تىرىپىرەن قىلىپ، ئىسلام لەشكىرىنى غەمدىن خالاس قىلدى ۋە ھايال ئۆتمەي تۆگىلەر ئۆز ماكانى ئىلاھىي تاغقا چىقىپ غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تاغ «بۇغرا تېغى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغانمىش.

## 5

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ يەر ئەسلىدە باغۇبوستانلىق، گۈل - گۈلىستانلىق گۈزەل بىر جاي ئىكەن. بۇ يەردە يەتتە-مىش ئىككى خىل كېسەلگە داۋا شىپالىق كۆل ۋە تۈمەن چەشمىلەر (بۇلاق) بار ئىكەن. بۇ يەرگە تېخى ئادەمزات ئايىغى يەتمىگەن زامانلاردا، بۇ جاينى كۆھىقاپتىكى پەرىزاتلار سەيلە - ساياھەت ماكانى قىلىپ، ھەر كۈنى تۈن يېرىمىدا بۇ يەرگە كېلىپ شىپالىق كۆلدە يۇيۇنىدىكەن.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جايغا ئادەمزات قەدىمى يې-تىپتۇ. ئادەمزاتلار كۈندۈزلىرى ناشايان ئىشلارنى قىلسا، كې-چىلىرى پەرىزاتلارنىڭ پاك بەدىنىگە كۆز سېلىپ، سەيلە - ساياھىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپتۇ. ئادەمزاتنىڭ بۇ قىل-مىشىدىن يىرگەنگەن پەرىزاتلار خۇداغا — بەزىلەر قىرىق يىل دېسە، بەزىلەر تۆت يۈز يىل دەيدۇ — ئىبادەت قىلىپ، ئا-دەمزاتنىڭ بۇ قىلمىشىدىن ئۆزلىرىنى خالاس قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇدرەت ئىلاھى بۇ زېمىننىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ زېمىن ئاستىدىن قىرىق مىڭ گەز كۆتۈرۈپ زېمىن ئۈستىگە قويۇپ-

تۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تاغ بىنا بوپتۇ. زېمىندىكى شىپالىق كۆل ۋە مىليون چەشمىلەر گويا بىر پىيالە سۇنى كۆتۈرگەندەك داۋالغۇماي تاغ ئۈستىگە بىنا بوپتۇ.

## 6

قەدىمكى زاماندا بىر ئەۋلىيا ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى بۇغداتۇ ئىكەن.

بۇغداتۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە جاڭگالغا قوي باققىلى مېڭىپتۇ. ئۇ ئېلىپ ماڭغان قوي توقسان توققۇز تۇياق ئىكەن، مىنگەن ئېتى ئۈچ پۇتلۇق بوز ئات ئىكەن. ئۈچ تايغىنىنىڭ قۇيرۇقى يوق بولۇپ، ئۇ ئىتلار قويلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ بىللە ماڭىدىكەن. بۇغداتۇ جاڭگالدا مىڭ يىل قوي باققان بولسىمۇ، لېكىن توقسان توققۇز قويى يۈز بولماپتۇ، ئۈچ پۇتلۇق ئېتى تۆت پۇتلۇق بولماپتۇ، ئىتلىرىنىڭ قۇيرۇقى ئۇزارماپتۇ.

بۇغداتۇ مەن ئۆزۈم ئەۋلىيا تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن قىلغان ئىشىمنىڭ نەتىجىسى چىقمايدۇ؟ دەپ كۆپ ئويلىنىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئويىنى جاڭگالدا ئۆزىگە دائىم سۇ توشۇپ بېرىدىغان بىر كەمپىرگە ئېيتىپ بېرىدىكەن. كەمپىر: «سەۋر قىل، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى مۇراد ـ مەقسىتىڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ. سەن بۇ ئىشنى ھەرگىز ئاتا ـ ئاناڭغا ئېيتقۇچى بولما. ئەگەر ئېيتىپ قويىدىغان بولساڭ، ئەۋلىيالىق مەرتىۋەڭدىن قۇرۇق قالىسەن» دەيدىكەن.

بۇغداتۇ كەمپىرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، ئەۋلىيالىق مەرتىۋەم قولدىن كېتىپ قالمىسۇن، دەپ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا زادى ئېيتماپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىمۇ بالىمىز كۆپەيگەن

قويلارنى ۋاقتىنچە بىرگە كۆرسەتمەي يۇرگەن بولۇشى مۇم-
كىن، ئۇنىڭ ئەمگەك نەتىجىسى بەربىر ئائىلىمىزگە تەئەللۇق
بولغاندىكىن سورۇشتۇرۇپ نىمە قىلاتتۇق، دەپ يۇرۇۋېرىپتۇ.
بۇغداتۇ بىر كۈنى ئويلىنىپ، دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە
سىغدۇرالماي، بولغان ۋەقەنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئاتا -
ئانىسى ئوغلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بول-
غاندىن كېيىن كۆپ ئۆكۈنۈپتۇ ۋە: «بالام، بۈگۈندىن باشلاپ
ئۇسسۇلۇقۇڭ ئۈچۈن سۇنى بىز ئەكېلىپ بېرەيلى، كەمپىر
ئەكەلگەن سۇنى ھەرگىز ئىچمىگىن» دەپتۇ. ئەتىسى قاق
چۈش ۋاقتىدا بۇغداتۇنىڭ ئۇسسۇلۇقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاتا -
ئانىسى جاڭگالنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن، كەمپىر كۈنپېتىش
تەرىپىدىن بىر ھېجىر سوغۇق سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىپ-
تۇ. كەمپىر بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك
سۇنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. بۇغداتۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بولسا بۇ
چاغدا تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنىكەن. بۇغداتۇ كەمپىرنىڭ سۇ-
يىنى ئىچكىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ سۇ ئەكې-
لىۋاتقىنىنى، شۇ سۇنى ئىچمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ
ئۆزرىخاھلىق بىلدۇرۇپتۇ. كەمپىر:
— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ سۈيۈمنى ئىچىپ
ھېچقانداق رەھمەت - ھەشقاللايىڭ يوق، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە
كەلگەندە مېنىڭ سۈيۈمنى ياراتمايدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟! —
دەپ كايىپتۇ. بۇغداتۇ:
— سىزنىڭكىنىمۇ ئىچىمەن، ئەمما بۈگۈنچە ئالدى بىلەن
ئاتا - ئانامنىڭ سۈيىنى ئىچىمەن. ئۇلار يىراق يول يۇرۇپ
مىڭ بىر مۇشەققەتتە ماڭا سۇ ئەكەلسە ئۇنى ئىچمىسەم
بولامدۇ ؟ — دەپتۇ. كەمپىر:
— ئۇنداق بولسا ساڭا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز سۇ ئې-

لىپ كەلمەيمەن، — دەپ قېيىدىغان بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپ-
تۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ سۇ ئەكېلىشى ئۈچۈن توققۇزئوت دەر-
ياسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بۇغداتۇ،
كەمپىر بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ،
كەمپىرنى چاقىرىپ:

— بوپتۇ، بۈگۈن ئالدى بىلەن سېنىڭ سۈيۈڭنى ئىچەي،
ئەتىدىن باشلاپ كىمنىڭ سۈيىنى ئىچىشنى ئۆزۈم بەلگىلەي-
مەن، بۇنىڭ ئۈچۈن رەنجىمەيسەن، — دەپ كەمپىرنىڭ قولى-
دىن ھېجىرنى تارتىۋېلىپ بىر ئوتلىشى بىلەن تەڭ ئاتا - ئا-
نىسى يېتىپ كەپتۇ ۋە:

— توختا، بالام، بۈگۈن يەنە ئازدىڭ، دەرھال ئارقاڭغا
قارا، — دەپتۇ. بۇغداتۇ دەرھال ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا،
توقسان توققۇز ياماۋۇز توقسان توققۇز ساغلىقىنىڭ بالىسىنى
تېزلىك بىلەن يەۋاتقۇدەك. كەمپىرنىڭ چىرايىدا قان قالماپ-
تۇ. بۇغداتۇنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، غەزەپ ئوتى پە-
لەككە يېتىپتۇ - دە، قولىغا قامچىسىنى ئېلىپ كەمپىر
باشلىق توقسان توققۇز ياماۋۇزنى ئۇر - سۇر قىلىپ قوغلاپ
مېڭىپتۇ.

ئەسلىدە بۇغداتۇ ھەر قېتىم كەمپىرنىڭ سۈيىنى ئى-
چىۋاتقان دەقىقىدە، ياماۋۇزلار كەمپىر بىلەن كېلىشىپ قوي-
غىنى بويىچە تاپ باستۇرماي يېتىپ كېلىپ قوزىلارنى يەپ
قورسىقىنى تويدۇرىدىكەن، ئاتىنىڭ بىر پۇتىنى كېسىپ ئېلىپ
توقماق قىلىدىكەن، ئىتلارنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈپ چاچ سالى-
دىكەن. شۇ ياپلاقتىكى باشقا پادىچىلارنىڭ ماللىرىنىمۇ
شۇنداق قىلىپ يەيدىكەن. شۇ ياپلاقتىكى باشقا قىرىق مىڭ پا-
دىچى كەمپىرنىڭ بۇ ھىيلىسىنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئەدىپىد-
نى بېرىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئەۋلىيالىق

سوپەت بولمىغاچقا، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانىكەن.

بوغداتۇ يالماۋۇزلار بىلەن قىرىق كۈن قاتتىق ئېلىشىپ ئۇلارنى يوقىتىپتۇ. بوغداتۇ ئۆزىنى مىڭ يىل ئەخمەق قىلغان كەمپىر ۋە يالماۋۇزلارنى ئۇجۇقتۇرغانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ كەمپىرنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇزۇن يىل ئاتا ـ ئانىسىدىن سىر ساقلىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىغانلىقى ۋە گېپىنى ئاڭلىماي كەلگەنلىكىنى ئويلىغاندا ئىچ ـ ئىچىدىن قاتتىق ھەسرەتلىنىپتۇ. ئۇ، نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانامغا ئېيتمىغان بولغىيدىم، ئەسلىدە ئەۋلىيانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەۋلىيا بولىدىكەن ئەمەسمۇ، دېگەنلەرنى قايتا ـ قايتا ئويلاپ ئۆكۈنۈپتۇ. نەتىجىدە، خۇشاللىقىنى ھەسرىتى بېسىپ چۈشۈپتۇ. بوغداتۇ تەڭرىگە يېلىنىپ:

— ئەي، ئۇلۇغ تەڭرىم، مەن ئەمدى ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا قانداق بارىمەن؟ ! يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ! — دەپ ئىلتىجا قىلغانىكەن، تەڭرىدىن:

— ئەقلىڭگە باركاللا ! ئەۋلىيالىقنى ساڭا مىڭ يىل بەردىم. ھازىر مىڭ ياشقا كىردىڭ. بۇ مىڭ يىل ئەۋلىيالىق ئىشلىرىڭنىڭ تەييارلىق باسقۇچى. ئەۋلىيالىقنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىتلا ئىشلىتىپ مىڭ يىلدا ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىشنى ئورۇندىدىڭ. مۇبادا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەن يۈز كېلەلمىگۈدەك بولساڭ، يەنە بىر ئىشنى بېجىرگىن، — دېگەن سادا كەپتۇ.

— ئۇلۇغ تەڭرىم، مەن ئاتا ـ ئانامنى رازى قىلىش ئۈچۈن قانچە يىل جاپا چەكسەم مەيلى، — دەپتۇ بوغداتۇ.

— ئۇنداق بولسا، داداڭنى دولاڭغا ئېلىپ، ئاناڭنى ئىككى قولۇڭ بىلەن كۆتۈرۈپ، ئۆزۈڭ پادا باققان يايلاقتا قىرىق

مىڭ قېتىم شەرقتىن غەربكە ئايلاندۇرۇپ چىققىن. شۇ چاغدا
پۈتۈن خالايىق ساۋابلىق ئىشىڭنى كۆرۈپ تەسىرلەنسە، ئاندىن
سەن ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكنى مەنمۇ ۋە ئاتا ـ ئاناڭمۇ كەچۈ-
رىمىز، ـــ دەپتۇ تەڭرى.

بۇغداتۇ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاتا ـ ئانـ-
سىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي بىرىنى يۈدۈپ، بىرىنى قولىدا
كۆتۈرۈپ يايلاقنى قىرىق مىڭ قېتىم ئايلىنىپتۇ. تەڭرى ئۇ-
نىڭ چىدامىلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى ئىنسان سۈپىتىدە ها-
يات قالدۇرسام، بۇ دۇنيادا ھېچقانچە قەدىر ـ قىممىتى بول-
مايدۇ، شۇڭا ئۇنى ئەۋلىيا تېغىغا ئايلاندۇرۇۋېتەي، دەپ ئەمر
قىلغانىكەن، بۇغداتۇ بىلەن ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلۇپ چوڭ
بىر تاغقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ تاغ شۇنىڭدىن باشلاپ
«بۇغداتۇ تېغى» دەپ ئاتىلىپتۇ، كېيىنچە ئۆزگىرىپ «بۇغدا
تېغى» دېيىلىدىغان بوپتۇ. بۇغدا تېغى دېگەنلىك ـــ ئەۋلىيا
تېغى دېگەنلىك ئىكەن.

بۇغداتۇنىڭ دادىسىنىڭ بېشى ئاق بولغاچقا، بۇغدا تېغـ-
ىنىڭ چوققىسىمۇ ئاق ئىكەن. ئۇ شىمالغا قاراپ تۇرغانلىقى
ئۈچۈن ساقال ـ بۇرۇتلىرى قارىغايغا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.
بۇغداتۇنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقى چوڭ بىر كۆلگە ئايلىنىپـ-
تۇ، ئۇ كۆل «بۇغدا كۆلى» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئاتا ـ بالا ئىكـ-
كىسىنىڭ ئارىسىدا سۇ سىرغىپ چىقىپ كەمپىر بىلەن يالـ-
ماۋۇزلارنىڭ بېشىغا قۇيۇلىدىكەن، ئاشقىنى باشقا ياققا ئېقىپ
كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدىكەن. ئۇ سۇ بىر كۈن
توختاپ قالسا، كەمپىر ۋە يالماۋۇزلار باش كۆتۈرۈپ چىقار
ئىمىش.

دېمەك، بۇغدا تېغى، بۇغدا كۆلى مانا مۇشۇنداق بارلىققا
كەلگەنىكەن.

## ئىدىقۇت تېغىنىڭ پەيدا بولۇشى

### 1

قەدىمكى زاماندا تۇرپان ناھايىتى باياشات، ئاۋات بىر يۇرت ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بوغدا تېغىدا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەجدىھا ھەر يىلى ئەتىيازدا بوغدا تېغىدىن تۇرپانغا چۈشۈپ مال - چارۋا، زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، بەلكى پۇقرالارنىمۇ يەپ يۇرتتا مىسلىسىز چوڭ ئاپەت بولۇپ قاپتۇ. يۇرتنىڭ خاقانى ئەجدىھانى يوقىتىشقا نۇرغۇنلىغان پالۋانلارنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەجدىھاغا تەڭ كېلەلمەي ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە بۇ يۇرتتىن ئاجايىپ بىر پالۋان چىقىپتۇ. ئۇ خاقاندىن ئەجدىھانى يوقىتىشقا ئاتلىنىشقا ئىجازەت بېرىشنى سوراپتۇ. خاقان ئەگەر پالۋان يىگىت ئەجدىھانى يوقىتىپ قايتىپ كەلسە، قىزىنى بېرىپ ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالماقچى بوپتۇ. ئەمما، يىگىت پەقەت ئۆز ئەل - يۇرتىنى بۇ بالا - قازادىن خالاس قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىكەن.

قىش ئۆتۈپ ئەتىياز كېلىپ ئەجدىھانىڭ بوغدا تېغىدىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. يىگىت مىسران قىلىچىنى ئېلىپ، دۇلدۇل ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئېتىنى

ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ، ئەجدىھانىڭ يولىنى توسۇپ بىر قىيا تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا يىگىت قارد-سا، ئەجدىھا كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ مىسران قىلىچىنى قولىغا ئې-لىپ ئەجدىھانىڭ يولىنى توسۇپتۇ. ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ پالۋان يىگىتكە ھۇجۇم قىپتۇ. پالۋان يىگىت مىسران قىلىچىنى كۆتۈرۈپ قەھر - غەزەپ بىلەن ئەجدىھاغا ئېتىلىپتۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېلىشىشىدىن يەر - زېمىن تىترەپ لەرزىگە كەپتۇ. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئەجدىھا پالۋان يىگىتنى دەم تارتىپ سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ، پالۋان يىگىت قىلىچىنى توغرا تۇتۇپ ئەجدىھاغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا پالۋان يىگىتنىڭ مىسران قىلىچى ئەجدىھانى ئوتتۇرىدىن تىلىپ تاشلاپتۇ. ئەجدىھا ئۆلگىنىگە تەن بەرمەي تولغانغانىكەن، يىگىت ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى چې-گىپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەجدىھانى چېپىشقا باشلاپ-تۇ. پالۋان يىگىت توققۇز قېتىم قىلىچ ئۇرغاندا ئەجدىھا تۆت پارچە بولۇپ جېنى چىقىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەجدىھا ئاخىر تاغقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئىدىقۇت تېغى ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىمىش. ئىدىقۇت تېغىدىكى توققۇز ئېغىز جىلغا ئەجدىھانى چاپقاندا پارچىلانغان تاشلاردىن ھاسىل بول-غانىكەن. بۇ تاغ كېيىنچە يالقۇنتاغ دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

## 2

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زامانلارنىڭ زامانىسىدا ئىدىقۇت تېغىنىڭ ئورنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر گۈزەل باغ ئىكەن. بۇ باغدا دۇنيادىكى ھەر خىل گىياھلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدى-كەن، يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە بۇ باغ گۈللەپ - ياشناپ

تۇرىدىكەن. بۇ باغنى ئالىپ ئاتلىق مەشھۇر باتۇر يىگىت شاھىنىڭ گۈزەل قىزىنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتاپ بىنا قىلغانىكەن.
ئالىپ بىلەن مەلىكە بىر - بىرىگە بەكمۇ كۆيۈمچان ئىدىكەن، بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن، ئۇلار بۇ باغدا دائىم بىللە ئويناپ تاماشا قىلىدىكەن. بۇ مەملىكەتنىڭ شاھى ئادىل، خەلقى ئەمگەكچان، تۇرمۇشى قوۋناق ئىكەن. قەھرىمان ئالىپ شاھ لەشكەرلىرىگە سەركەردە ئىكەن.
ئالىپ بىلەن مەلىكىنىڭ سۆيگۈسىدىن خەۋەر تاپقان شاھ پۈتۈن ئەلنى توي - تاماشىغا ئېيتىپ، قىرىق بىر كۈن توي قىلىپ، بۇ ئىككى ياشنىڭ بېشىنى چاتماق بوپتۇ.
توي باشلىنىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە ياقا ئەلدىن بۇ مەملىكەتنى بېسىۋېلىش غەرىزىدە ياۋ لەشكەرلىرى كەلگەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي توختاپ، پۈتۈن ئەل دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىپتۇ. مەلىكىمۇ سۆيگەن ۋاپادارى ئالىپقا مىسران قىلىچ تەقدىم قىپتۇ ۋە ئۇنى جەڭ مەيدانىغا ئۇزىتىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتكەندە ئالىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ جەڭدە مەردلەرچە قۇربان بولغانلىقى ئاڭلىنىپتۇ. ياۋۇز دۈشمەن دەبدەبە بىلەن بۇ جايغا باستۇرۇپ كەپتۇ. بۇ ياۋۇزلۇقنى كۆرگەن مەلىكە دۈشمەنگە چەكسىز غەزەپ - نەپرەت، ئۆز ئېلى ۋە سۆيگۈسىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن گۈزەل باغقا كەپتۇ - دە، ئانا تۇپراقنى باغاشلاپ يېتىپ ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپتۇ. شۇ ھامان بۇ چەكسىز باغنىڭ ئورنىدا يالقۇنلىنىپ كۆيۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغ بارلىققا كەپتۇ. تاغدىن چاقنىغان يالقۇنلۇق ئوتلار دۈشمەنلەرنى كۆيدۈرۈپ يەر بىلەن يەكسان قىپتۇ. كىشىلەر قايتىدىن بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ. خانىش قىزنىڭ خاتىرە ئورنىدا قالدۇرغان ئۈنچە - مارجانلىرىنى بۇ دىيارغا چاچقانىكەن، ئۇنىڭدىن بۇ

ۋادىدىكى ئۈزۈمزارلىق باغلار بارلىققا كەپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۈزۈملەر ئۈنچە ـ مەرۋايىتقا، قىزىل سايۋا بولسا قىزىل ياـ قۇتقا ئوخشايدىكەن. تاغنىڭ تاڭ شەپىقىدەك نۇرلۇق بولۇشى قىزنىڭ ئەل ـ يۇرتى ۋە سۆيگۈسىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىـ تى، بۈيلۇقتىكى تامچە بۇلاق گۈزەل مەلىكىنىڭ خۇشاللىق كۆز يېشى ئىمىش ...



# تەڭگەتاغ

بۇرۇنقى زاماندا ئاسماندا بىر ئىلاھ، يەردە بىر ئىلاھ بار ئىكەن. ئاسمان ئىلاھىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، كۈن دېسە كۈندىن گۈزەل، ئاي دېسە ئايدىن گۈزەل، لەۋلىرى ھېقىقەتتەك قىزىل، چىشلىرى ئۈنچىدەك سۈزۈك ئىكەن، خۇمار كۆزلىرى كىشىنى مەھلىيا قىلار ئىكەن. شۇ چاغلاردا يەر ئىلاھىنىڭمۇ بىر ئوغلى بولۇپ، باتۇرلۇقتا ئەل ئىچىدە يېگانىكەن.

بىر كۈنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى يەتتە قەۋەت ئاسماننى ساياھەت قىلىپ بولۇپ، ئاخىر كائىناتنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، تاسادىپىي سۇلىرى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، ياپيېشىل مايسىلىرى دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرغان، دەل - دەرەخلىرى ئۇپۇققا تۇتاشقان، ھەر خىل قۇشلىرى خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان، يول بويلىرىدا لەيلى - ئەتىرگۈللىرى دىماغنى يارغۇدەك پۇراق چاچقان، بېھىشتىنمۇ گۈزەل جاينى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ يەر ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسى ئىكەن. ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى بۇ يەرنى بىر كۆرۈپلا ھوشىدىن بىدار بوپتۇ - دە، ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ كېتىشنى ئۇنتۇپ شۇ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ياپيېشىل چۆپلۈك ئۈستىدە بەخىرامان ئۇيقۇدا ياتقىنىدا يېقىنلا بىر يەردىن نەي ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ نەي چېلىۋاتقان كىشىگە قارىماق بوپتۇ،

بىراق كۆزلىرىنى ئاچالماپتۇ. نەي ئاۋازى بارغانسېرى يې-
قىنلاپتۇ، ئاخىر قىزنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ.
قىز كۆزلىرىنى غۇۋا ئېچىپتۇ، قارىسا، يېنىدا بۇرۇتلىرى
ئەمدىلا خەت تارتقان، قاۋۇل، كېلىشكەن بىر يىگىت تۇرغۇ-
دەك. «ئاھ» دەپتۇ قىز يىلاندەك تولغىنىپ. «ئاھ» دەپتۇ يى-
گىتمۇ ئۇنىڭ لالىدەك قىزارغان لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى يېقىپ.

بۇ ئەھۋالنى جاھاننەما ئەينىكىدە كۆرۈپ تۇرغان ئاسمان
ئىلاھى تۇمەنلىگەن سېھىرگەر نۆكەرلىرىنى يەر ئىلاھىنىڭ
زېمىنلىرىنى، بولۇپمۇ ئاغۇ يېزىسىنى كۇكۇم ـ تالقان قى-
لىپ، توپىسىنى دېڭىزغا چېچىۋېتىش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. يى-
گىت بىلەن قىز ئاسمان ئىلاھىنىڭ نۆكەرلىرى بىلەن ئوتتۇز
كۈن ئېلىشىپتۇ. ئاخىر ئاسمان ئىلاھىنىڭ سېھىرگەر نۆكەر-
لىرى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ خەۋەر
ئاسمان ئىلاھىغا مەلۇم بولغۇچە توققۇز ئاي توققۇز كۈن
ئۆتۈپتۇ.

ئىككىنچى قېتىم ئاسمان ئىلاھى ئۆزى كەپتۇ. ئۇ سې-
ھىر بىلەن يىگىتنى ھالاك قىپتۇ. ئۆز گېپىگە كىرمىگەن
ساھىبجامال قىزنى تۇغۇلغىنىغا بىر كۈن بولغان بالىسى
بىلەن «سۇرىتى مۇبەددەل» ① قىلىپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

ھازىرمۇ تەڭگەتاغدا بالىسىنى ئېمىتىپ تۇرغان شۇ قىز-
نىڭ تاشقا ئايلانغان شەكلى بار.



① سۇرىتى مۇبەددەل ـــ شەكلىنى ھەر خىل نەرسىلەرگە ئۆزگەرتىۋېتىش.

# ئالتۇنتاغ

كىرورەن ۋە پىشامشان پادىشاھلىقلىرى پەيدا بولۇشتىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ جاينىڭ جەنۇبى ئۆركەشلەپ دولقۇنلاپ تۇرىدىغان چەكسىز كەتكەن دېڭىز ئىكەن. بۇ جايدىكى كىشىلەر مۇشۇ دېڭىزدىن بېلىق تۇتۇپ ۋە ئەتراپتىن ئوۋ ئوۋلاپ، ھالال ئەمگەك بىلەن ئىناق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى تۇساتتىنلا دېڭىز سۈيى چايقىلىپ پۇتكۈل دېڭىز دەھشەتلىك دولقۇنلاشقا باشلاپتۇ. ئارقىدىنلا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك گۈلدۈرماما پەيدا بوپتۇ. ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ باقمىغان بېلىقچىلار قورققىنىدىن تورلىرىنى تاشلاپ جاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىپتۇ. ئاز ساندىكىلىرى ئامان قاپتۇ، كۆپ ساندىكىلىرى دېڭىزنىڭ شىددەتلىك دولقۇنىدا ھالاك بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن كىشىلەر قارىغۇدەك بولسا، دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ساپسېرىق بىر تاغ پەيدا بوپتۇ، تاغنىڭ ئەتراپىدىكى سۇ بولسا ۋاراقشىپ قايناۋاتقۇدەك، ئۆلگەن بېلىقلارنىڭ تولىلىقىدىن سۇ يۈزى كۆرۈنمەپتۇ. پۇتكۈل ئالەم تونۇردەك قىزىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر بۇ سېرىق تاغنىڭ سىرى ئۈستىدە تالاش - تارتىشقا چۈشۈپتۇ. بەزىلەر «بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە قىلغان شاپا-

ئىتى» دېسە، بەزىلەر «بۇ ئالامەتلەر زېمىننىڭ كۆيۈشىنىڭ بېشارىتى» دەپ جەزم قىپتۇ. قانداقلا قىلمىسۇن، ئۇلار بۇ سېرىق تاغنىڭ سىرىنى يېشەلمەپتۇ. ئۇيان تارتىپ، بۇيان تارتىپ ئاخىر بۇ سېرىق تاغنىڭ سىرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن تاغ يۈرەك پالۋانلارنى ماڭدۇرۇپتۇ. بۇ تاغقا بېرىشتا پەقەت سۇ يولى بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلگەچكە، پالۋانلار كېمە بىلەن مىڭ بىر مۇشەققەتتە تاغقا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلار يېقىن بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، پارقىراپ تۇرغان سېرىق تاغنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئالتۇن ئىكەن. پالۋانلار ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىپ، پۇت - قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى كېسىپ قان قىپتۇ[1]، ئاندىن قىلىچ، خەنجەرلىرى بىلەن كېسىپ ئادەم بېشىدەك، ئات كاللىسىدەك چوڭلۇقتىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. بۇ تاغنىڭ سىرى ئاخىر ئېچىلىپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۆز ئېھتىياجىغا تۇشلۇق ئالتۇن ئېلىپ، ئۈنچىدىن ئۈزۈك، بىلەزۈك ۋە زىرە ياساپ خوتۇن - قىزلىرىغا زىننەت بۇيۇملىرى قىلىپ بېرىپتۇ، ھەتتا ئۆي جابدۇقلىرىنىمۇ ئالتۇندىن ياساۋاپتۇ، ئېشىنىغانلىرىنى سېتىپ باياشات ياشاپتۇ. كېيىنچە «پالانچى يەردە ئالتۇنتاغ پەيدا بوپتۇ، تاغنىڭ ھەممىلا يېرى ئالتۇن ئىكەن» دېگەن خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، تېزلا يىراق - يېقىندىكى ئەللەرگە تارقىلىپتۇ. بەزى ئەللەر خەلقى ئۆز دۆلىتىدە تۇرۇپمۇ ساپسېرىق نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇنلارنى چۈشەپ ياتالماپتۇ.

ھەممىلا جايدا ئالتۇنتاغنىڭ شۆھرىتى پۇر كېتىپتۇ. ئالتۇن ئېلىش، ئالتۇنتاغنى كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسىدە تەرەپ - تەرەپتىن نەچچە - نەچچە تۈمەنلىگەن ئادەم ئالتۇنتاغ تەرەپكە

---

[1] قان قىلىش — ئەجىرسىز قىممەتلىك بايلىققا ئىگە بولغاندا، ئۇنىڭ غايىب بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىلىنىدىغان بىر خىل خۇراپىي ئادەت.

ئېقىپتۇ. ئالتۇنتاغ كىشىلەر تويى قاينىمىدا قاپتۇ. توپىلانغان كىشىلەر ساپسېرىق ئالتۇننى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزۇپ، ئۆز-ئارا قىرغىنىشىپ، ئالتۇنتاغنى بۆلۈشىۋاپتۇ. كىشىلەر كۆپەيگەنچە ئالتۇنتاغ يېتىشمەي جېدەل - ماجىرا تۇغۇلۇپ، ئۆز-ئارا قىرغىنچىلىق باشلىنىپتۇ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئالتۇن ئۈچۈن بىگۇناھ ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكى تاغدەك دۆۋىلىنىپ، قانلىرى ئېقىن ياساپ تۆۋەنگە ئېقىشقا باشلاپتۇ. تاغ قاپتاللىرى، چوققىلار قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ.

ئىنسانلارنىڭ بۇ قەبىھ زوراۋانلىقىدىن تاغ غەزەپكە كەپتۇ، لېكىن ئالتۇنتاغنىڭ يەر يۈزىدىن يوقىغۇسى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىنساپ - تەۋپىقىنى سىناش ئۈچۈن تاش - تۇپراققا سىڭىپ كەتمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇنتاغنىڭ كۆپ قىسمى كىرەكسىز تاشلارغا ئايلىنىپتۇ، ئاز بىر قىسمى تاش - شېغىللار ئارىسىغا سىڭىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا لەئەل - ياقۇت، ھەتتا ئالتۇندىنمۇ قىممەت تاشلارغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار ئالتۇنغا ئىلگىرىكىدەك ئەجىرسىز ئېرىشەلمەستىن، ئەمگەك سىڭدۈرىدىغان، ئالتۇننى ئۆز ئېھتىياجىغا تۇشلۇق ئاز - ئازدىن ئالىدىغان بوپتۇ. ئالتۇنتاغ پەيدا بولۇپ شۇنچە يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ تاغقا چىقىپ ئالتۇن كولايدىكەن، ئەمما بۇ ئالتۇنلار تېخىچە تۈگىمەپتۇ.

ئالتۇنتاغنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ دېڭىز سۈيى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، سۇمۇ كۆپ ئازلاپتۇ. كېيىنچە كىشىلەر بۇ تاغنىڭ شىمالىغا يىغىلغان سۇنى يۇلتۇز كۆلى[①]، جەنۇبىغا يىغىلغان سۇنى بولسا كۆكنۇر كۆلى[②] دەپ ئاتاپتۇ.

---

① يۇلتۇز كۆلى — ھازىرقى لوپنۇر كۆلى.

② كۆكنۇر كۆلى — ھازىرقى چىڭخەي كۆلى.

# تۈز تاغ

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شىكارغا چىقىپ تاشمىلىقنىڭ[1] غەربىدىكى تاغ باغرىغا كەلگەندە ئوزۇق ـ تۈلۈكى، تۇزلىرى تۈگەپتۇ. ئوردىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئوزۇق ـ تۈلۈك ئالدۇرۇپ كەپتۇ، لېكىن ئەۋەتكەن ئادەم تۇز ئەكەلمەپتۇ. تاماق تۇزسىز بولسىمۇ شىكار كۆڭۈللۈك بولغاچقا، پادىشاھ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قاپتۇ ۋە تۇز تېپىشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن بىر ئاپقۇر تۇز تېپىپ كەپتۇ. شىكار ئاياغلىشىپ پادىشاھ قايتماقچى بولۇپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاشپىزى ئازغىنا ئېشىپ قالغان تۇزنى تۆكۈۋەتمەكچى بوپتۇ. پادىشاھ بىلەن شىكارغا چىققان دانا بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇ شىكاردا كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئەسلىدە شاھنىڭ ئەقىل كۆرسىتىدىغان خاس مەسلىھەتچىسى ئىكەن. ئۇ كىشى ياتقان ئورنىدىن سەل مىدىرلاپ: « ئۇلۇغ شاھىم، تۇز پۈتۈن تائامغا مەززە كىرگۈزىدىغان ئۇلۇغ نەرسە، ھەممىمىز ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىپ، تۇزنى مۇشۇ تاغقا چاچايلى. دۇئايىمىز ئىجابەت بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بۇ تاغ

---

[1] تاشمىلىق ــ قەشقەر كونىشەھەرگە تەۋە يېزا.

تۈزتاغقا ئايلانسا، پۈتۈن ئىنسانلار بەھرىمەن بولسا» دەپتۇ. دۇئا ئىجابەت بولۇپ قىزىلتاغ تۈزتاغقا ئايلىنىپتۇ. بۇلار قايتىش ئالدىدا ھېلىقى كېسەل كىشىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ «مېنى مۇشۇ جايغا قويساڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. ئۇ جان ئۈزگەندە ۋەسىيىتى بويىچە تاغ باغرىغا قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ تاغنى قەدىرلەيدىغان بوپتۇ.



# چەشتاغ

قەدىمكى زاماندا تاشمىلىق خەلقى هازىرقى چەشتاغ ئور-نىنى هەر يىلى خامان قىلىدىكەن، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئورنى ئېگىز، شاماللىق، تۇپرىقى قاتتىق بولغانلىقتىن، خامان ئۇ-چۇن بۇنىڭدىن ياخشى ئورۇن يوق ئىكەن. هەر يىلى بۇغداي پىشقاندا ئۇنچىلەرنى بۇ چوڭ خامانغا توپلاپ، ئۆزئارا ياردەم-لىشىپ خامان ئېلىشىدىكەن. ئورما ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ خاماندا باراۋەت قىلىپ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن.

بىر يىلى بۇغداي بەك ئوخشاپتۇ، بۇغداينىڭ كۆپلۈكىدىن خامانغا پاتماي قاپتۇ. دېھقانلار خالىس نىيەت بىلەن بۇغدايلى-رىنى بىر يەرگە چەشلەپتۇ. بۇغداي گويا تاغدەك دۆۋىلىنىپتۇ. مۆتىۋەرلەر خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكەت بېرىشىنى تىلەپ چەشنى بىر كېچە قوندۇرۇپ، ئەتىسى كۆن بىلەن تەڭ ئۇسى-دىغان بولۇپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

ئەپسۇسكى، ئەتىسى چەشنى ئۇسۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، تاشمىلىقنىڭ غەربىدىكى ئۇلۇغئارت دەشتىدىن زوراۋان، سۆ-رۈن تەلەتلىك، بەتبەشىرە قاراقچىلار بېسىپ كەپتۇ. خەلقنىڭ قەهر ـ غەزىپى تېشىپتۇ. ئۇلار ئارا، كالتەك، گۈرجەك، توقماقلارنى ئېلىپ، تولۇق قوراللانغان قاراقچىلار بىلەن ئې-لىشىپتۇ. قاراقچىلارنىڭ نەيزە ـ قىلىچلىرى ئارىسىدا نۇر-

غۇنلىغان ئەزىمەتلەر ھالاك بوپتۇ، گەز دەريا سۈيى قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. قاراقچىلار قىيقاس - چۇقان قىلىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئات، تۆگىلىرى بىلەن بۇغداي چەشنىسىنىڭ ئۇس-تىگە چىقىپ غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن بەزمە قىلىشقا باشلاپ-تۇ. دەل شۇ چاغدا قىرغىندىن ئامان قالغان خەلق ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى يىغلىشىپ خۇداغا قاتتىق نالە - پەرياد قىپتۇ ۋە: «ئى خۇدا، بىر يىللىق قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن بۇغداينى ئۇلار ئەكەتكۈچە، ئۇنى بىر تاغقا ئايلاندۇرۇۋەتسەڭ. بىچارە بەندىلىرىڭنىڭ ئاھۇزارىنى ئاڭلىساڭ، تەلىپىنى ئىجا-بەت قىلساڭ، بىزمۇ سادىر قىلغان گۇناھىمىزنى تونۇپ ھەق-قىڭگە ئىبادەت قىلساق» دەپ قاتتىق ئاھ ئۇرۇشۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا خەلقنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولۇپ، قاراقچىلار ئات - تۆگىلىرى بىلەن چەشكە قوشۇلۇپ تاغقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ تاغنى «چەشتاغ» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. چەشتاغ ئۈستىدىكى تۆگىنىڭ ۋە ئاتنىڭ شەكلىدىكى تاشلار ئەنە شۇ قاراقچىلارنىڭ تاشقا ئايلانغان ئات - تۆگىلى-رى ئىكەن. شۇ قىرغىنچىلىقتا شېھىت كەتكەن ئەزىمەتلەرنى خەلق چەشتاغ باغرىغا دەپنە قىپتۇ.



# قومال تاغ

بۇرۇنقى زاماندا ئاتۇشتا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھ ئۆزى ئادىل، ھەققانىيەتچى، ئەمما دېگىنىدىن يانمايدىغان ئادەم ئىكەن.

ئەنە شۇ پادىشاھنىڭ يالغۇز بىر ئوغلى بولغانىكەن. شاھزادىنىڭ ئىسمى تۆمۈر بولۇپ، ئوردىدا ئوقۇپ پاراسەتلىك يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ. شاھزادە تۆمۈر ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى دادىسىغا مۇنداق بىر تەلەپ قويۇپتۇ:

— ئەي شاھىنشاھ دادا، مېنى ئوردىدا تەربىيىلەپ چوڭ قىلدىڭىز، يېشىم چوڭىيىپ بىر يىگىت بولۇپ قالدىم. سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى ئاقلاش، سىزنىڭ ھەقىقىي ئوغلىڭىز بولۇش ئۈچۈن تەلەپكە لايىق بولدۇممۇ، يوق، دەپ ئۆزۈمنى دەڭسەپ كۆرگىنىمدە بەزى تەرەپلەردە يېتەرسىزلىكىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. مەندىكى كەملىك تەرەپنى ئوردىدا تۇرۇپ تولۇقلىغىلى بولمايدىكەن. ئىجازەت بەرگەن بولسىڭىز، جاھان ئايلىنىپ، تەربىيىلىنىپ كەلسەم.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قېنى ئېيتقىنا، ئوغلۇم، سەندە قايسى ھۈنەر، قايسى پەزىلەت كەملىك قىلدى؟

— مەن تېخى جاھاننى كۆرۈپ - بىلىپ باقماپتىمەن، ئۇردا ئەھلىدىن باشقىلارنىڭ قانداقلىقىنى چۈشىنىپ باقماپتىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

پادىشاھ يالغۇز ئوغلىغا بەك ئامراق بولغاچقا، ئۇنى سىرتلارغا چىقىرىشقا زادىلا كۆزى قىيمايدىكەن ھەم ئوغلىنىڭ تەلپىنى رەت قىلىۋېتىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن، شۇڭا تەڭلىكتە قېلىپ ۋەزىرلىرىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— شاھزادىنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇنلۇق، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىرى شاھقا، — شاھزادە تەخت ۋارىسى بولغانىكەن، پۇقرالارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى بىلىپ باققىنى تۈزۈك. بىلمىگەنلىرىنى تولۇقلاپ بىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن جاھان كېزىپ باققىنى ئەلۋەتتە دۇرۇس ئىشتۇر.

شۇنىڭ بىلەن شاھ ئوغلىغا ئىجازەت بېرىپ، قىرىق تۆگىگە مال جابدۇپ، قىرىق يىگىتنى قوشۇپ، شاھزادە تۈمۈرنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. شاھزادىگە ئەگىشىپ ماڭغان قىرىق يىگىتنىڭ ئىچىدە قوۋۇز ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا شاھزادىنىڭ بىخەتەرلىكىنى جېكىلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئوغلۇمنىڭ ئامانلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئامان - ئېسەن ئەكەلگىن، ئەگەر بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە كاللاڭنى ئالىمەن !

قوۋۇز پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ، قىرىق يىگىتنى باشلاپ شاھزادە بىلەن مېڭىپتۇ.

شاھزادە كۆپ مەملىكەتلەرنى ئايلىنىپتۇ، ماللىرىنى سېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ئايلىنىپ ئاخىر ئاققاش شەھىرىگە كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. ئەنە شۇ بىرنەچچە كۈن

ئىچىدە شاھزادە شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ. قىز شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىكەن.

قىز يولدا ئاتلىق كېلىۋاتقانىكەن، نۇرغۇن كەپتەرلەر قىزنىڭ يېنىدا، بېشى ئۈستىدە ئۇچۇپ ئايلىنىپ، دولىلىرىغا قونۇپ يۈرگەن، قىزنىڭ كەينىدە قىرىق كېنىزەك كېلىۋاتقانىكەن.

شاھزادە قىزنى بىر كۆرۈپلا ئېسىنى يوقىتىپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ. بۇ چاغدا قىرىق يىگىت سارايدا قالغانىكەن.

ئەسلىدە بۇ قىز شۇ يەردىكى خاننىڭ قىزى بولۇپ، ئىسمى ئايگۈل مەلىكە ئىكەن. مەلىكە ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كېنىزەكلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى باغقا ئوينىغىلى ئات مىنىپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ بېشىدا ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەر قىز ئالاھىدە تەربىيىلىگەن، گەپ ئۇقىدىغان، خەت توشۇيالايدىغان كەپتەرلەر ئىكەن.

قىز شەھەر سىرتىغا چىقىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا بىر ھادىسىگە يولۇقۇپتۇ.

قىزنىڭ مىنگەن ئېتى شاش بىر ئات ئىكەن. ئاخىرقى بىر مەھەللىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، يول بويىدىكى تاملاردىن بىرى قىزنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىزلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. تامنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن ئۈركۈگەن ئات ئۆزىنى يانغا ئاتقانىكەن، كەپتەرلەر بىلەن ئوينىشىپ خاتىرجەم كېتىۋاتقان مەلىكە ئاتنىڭ ھەردىكىتىگە ماسلىشالماي ئاتتىن يىقىلىپتۇ، لېكىن بىر پۇتى ئۈزەڭگىدىن چىقماي ئاتقا سۆرىلىپ قاپتۇ. تاسادىپىي يۈز بەرگەن ھادىسە بىلەن مەلىكىنىڭ بېشىغا ئەزرائىل سايە تاشلاپتۇ. كېنىزەكلەر چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئات مەلىكىنى سۆرەپ كەينىگە قاچقانىكەن، شاھزادە ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئاتقا

ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇركۈگەن ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتۇۋاپ-تۇ، شۇنىڭ بىلەن قىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ.

قىز ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، بىر يىگىت ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۆلەپ ئولتۇرغۇدەك، ئۇ يىگىت شۇنداق قاۋۇل، چىرايلىق ئىكەنكى، قىز تېخى ئۇنداق كې-لىشكەن يىگىتنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. قىز يىگىتكە تەشەك-كۇر ئېيتىپتۇ، كۆڭلىدە بولسا يىگىتكە كۆيۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە شاھزادىنى باغقا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىپ-تۇ. شۇ كۈنى ئۇلار باغدا تۈنەپ قاپتۇ.

شاھزادىنىڭ سارايغا بارمىغىنىنى كۆرگەن قوۋۇز قىرىق يىگىتنى پۈتۈن شەھەرنى ئاختۇرۇپ، شاھزادىنى تېپىپ كې-لىشكە بۇيرۇپ، ئۆزىمۇ تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ، تاپالماپ-تۇ، كېچىچە ئاختۇرۇپتۇ، تاپالماپتۇ. تاڭ ئاتقاندا شاھزادىنىڭ قىرىق كېنىزىكى بار بىر مەلىكە بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قوۋۇز باشلىق يىگىتلەر خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ئال-دىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ، ھال - ئەھۋالىنى سوراپتۇ. ئەمما، شاھزادە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ قوۋۇز شاھزادىنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ.

خان مەلىكىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قۇتقۇزغان يىگىتنى ئوردىغا چاقىرىپتۇ - دە، نۇرغۇن مال - دۇنيا سوۋغا قىپتۇ، لېكىن شاھزادە سوۋ-غىلارنى ئالماپتۇ.

— قىزنىڭ جېنىنى قۇتقۇزغان يىگىت مال ئۈچۈن قۇتقۇزمايدۇ، — دەپتۇ شاھزادە. خانمۇ خۇرسەن بوپتۇ.

شاھزادىنىڭ ئۇ يەردە يەنە كۆپرەك تۇرغۇسى بار ئىكەن، لېكىن قوۋۇز بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەن-سىرەپ، شاھزادىنى قايتىشقا زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە نا-

ئىلاج قايتىپتۇ. ئۇ قايتىدىغان چاغدا مەلىكە بىر جۈپ كەپ-تەر بېرىپتۇ ۋە شاھزادىگە:

— بۇ كەپتەرلەر، سىزنىڭ قانداق گەپ - سۆزىڭىز بولسا خەتكە يېزىپ پۇتىغا چىگىپ قويسىڭىز، ماڭا يەتكۈزىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە قايتىپتۇ.

شاھزادە مەلىكىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىشق - پىراق دەستىدىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قاپتۇ، چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ سارغىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ كۈندە بىر پارچە خەت يېزىپ كەپتەرنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويىدىكەن، كەپتەر خەتنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدىكەن. شاھزادە مەلىكىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ سەل ئارام تاپىدىكەن.

شاھزادىنىڭ ھالى توغرىسىدا پادىشاھ ئىشنىڭ تەكتىنى بىلمەكچى بولۇپ، قوۋۇزنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— ئېيتقىنا، شاھزادىگە قانداق كېسەل يېپىشىپتۇ؟

— ئەي كەرەملىك شاھىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قوۋۇز، — شاھزادە بالاغەتكە يەتتى، سىز ئاتىلىق قەرزىڭىزنى ئادا قىلسىڭىز، شاھزادە ساقىيىدۇ.

پادىشاھ ئىشنىڭ تېگىنى بىلگەندەك بولۇپ، ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ، باشقا بىر پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە ئەلچى ماڭدۇرۇپتۇ. لېكىن، بۇ ئىشنى شاھزادە ئاڭلاپ، ئۇ مەلىكىگە ئۆيلىنىشكە ئۇنىماپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كې-لىپ قوۋۇزنى چاقىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن راستىنى ئېيت، شاھزادە بىرەر قىزغا ئاشىقمۇ؟

قوۋۇز بولغان ئىشنى پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادى-شاھ ئىشنىڭ تېگىنى بىلىپ ئويلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاققاشلىق مەلىكىنى شاھزادىگە ئېلىپ بېرىشكە زادىلا رازى-

لىقى يوق ئىكەن. بۇنىڭمۇ بىر سەۋەبى بار ئىكەن.
ئەسلىدە پادىشاھ ئاققاش خاننى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا ئۈندەپ، بىر پارچە خەت ئەۋەتكەنىكەن. ئاققاش خانى بۇ خەتنى رەت قىلىپ جاۋاب يازغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭ تەۋەسىگە قوشۇن تارتماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋاتقانىكەن. شۇڭا، پادىشاھ شاھزادىنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ ئاققاش تەرەپكە بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىگە پايلاقچى سېلىپ قويۇپتۇ. شاھزادە بەزىدە كېچىلەپ يۈرۈپ، مەلىكە بىلەن ئۇچرىشىپ يەنە قايتىپ كېلىدىكەن. پايلاقچىلار شاھزادىنىڭ كېچىلەپ ئاققاشقا بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى شاھقا مەلۇم قىلغانىكەن، شاھ شاھزادىنى ئوردىدىن سىرتقا چىقارماسلىققا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئوردا دەرۋازىسىدىن زادىلا چىقالماپتۇ. شاھزادە مەلىكە بىلەن زادىلا ئۇچرىشالمىغاندىن كېيىن، يەنە كەپتەر ئارقىلىق مەلىكىگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ. پايلاقچىلار شاھزادىنىڭ كەپتەرلىرىنىڭ سىرىنىمۇ شاھقا مەلۇم قىلىشقانىكەن، شاھ بۇيرۇق بىلەن كەپتەرلەرنىڭ كاللىسىنى يۇلۇپ تاشلاتقۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىنىڭ چىرايى تېخىمۇ زەپىراندەك بولۇپ كېتىپتۇ.
شاھزادە بارغانسېرى زەئىپلىشىپ، بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوردىنىڭ راۋىقىغا چىقىپ جەنۇبقا، يەنى ئاققاش تەرەپكە قاراپ ئولتۇرىدىكەن. ئاققاشنى ئوغرۇقنىڭ ئايىغىدىكى تاغ توسۇپ تۇرسىمۇ، شاھزادە دائىم شۇ تاغقا قاراپ ئولتۇرىدىكەن.
بىر كۈنى شاھ پايلاقچىلاردىن:
— شاھزادە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
پايلاقچىلار:

— شاھزادە ھەر كۈنى ئەتىگەندىن - كەچكىچە تاغقا قاراپ ئولتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ پادىشاھ، — دەرھال بۇنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىڭلار !

پايلاقچىلار شاھزادىدىن سوراپتۇ:

— ئەي شاھزادىمىز، كۈندە شۇ تاغقا قاراپ ئولتۇرىسىز، بۇنىڭ نېمە مەنىسى بار؟

شاھزادە ئېيتىپتۇ:

— بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇ تاغنىڭ كەينىدە يارنىڭ يۇرتى ۋە ئۆزى بار.

پايلاقچىلار ئېيتىپتۇ:

— يارنىڭ يۇرتى بىلەن ئۇنىڭ دىدارىنى تاغ توسۇپ تۇرسا، تاغقا قاراشنىڭ نېمە پايدىسى؟

شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

— ئۇنىڭ پايدىسى شۇكى، ئاشۇ تاغقا قارىسام، يارغا بولغان ئىشق خۇمارىم قانىدۇ، قارىمىسام ، يۈرەك - باغرىم ئوت بولۇپ يانىدۇ. ھەر قېتىم قارىسام، بۇ ئوتنى ئاشۇ خۇمارتاغ باسىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ دېگەنلىرىنى پايلاقچىلار شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ ئويلىنىپ قاپتۇ.

شاھزادىنىڭ ئىشق خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن دائىم تاغقا قارايدىغانلىقى، شاھزادىنىڭ ئۇ تاغنى «خۇمارتاغ» دەپ ئاتىغانلىقى توغرىسىدا گەپلەر ئوردا سىرتىغا يېيىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئوگرۇقنىڭ ئايىغىدىكى تاغنى «خۇ-مارتاغ» دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنى بىر كۆرمەكچى بوپتۇ - دە، راۋاققا چىقىپتۇ. قارىسا، شاھزادە تاغ تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان،

چىرايى سارغىيىپ، ئورۇقلاپ كەتكەن. پادىشاھ ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، شاھزادىنىڭ نابۇت بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، شۇنداق دەپتۇ:

— دۇنيادا ئىشق - مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن ئارتۇق قۇدرەتلىك ۋە سېھىرلىك كۈچ يوق ئىكەن. بەس، ئوغلۇم، مەن ساڭا قايىل بولدۇم! سېنى مۇشۇنچىۋالا دەردكە مۇپتىلا قىلغان مەلىكىنى ئېلىپ بېرىپ، سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي!

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاققاش شەھىرىگە لەشكەر تارتىپ بېرىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئاققاش خانىغا ئەلچى كىرگۈزۈپ، مەلىكىنى شاھزادىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «خۇمارتاغ» «قۇمال تاغ» دېيىلىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

# مۆلجەرتاغ

بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ ئورنى كاتتا دېڭىز بولۇپ، دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر تاغ چوقچىيىپ تۇرىدىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دېڭىز قۇرۇپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇ جايغا «تۈرك» دەپ ئاتالغان كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ بۇ يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ. شۇ زاماندا شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يول مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىكەن. كارۋانلار يىراقتىن مۇشۇ تاغنى مۆلچەرلەپ، تاغ تۈۋىدىكى يول بىلەن بالاساغۇن، تالاس شەھەرلىرىنى بېسىپ، فەرغانە، ئافغانىستان، پاكىستان، ئارساك (ئىران)، شام (سۇرىيە)، ئىراق، ئاناتولى، ھەتتا ۋىزانتىيىگە كېتىدىكەن. شۇڭا، كارۋانلار بۇ تاغقا «مۆلچەرتاغ» دەپ ئىسىم قويغانىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مۆلچەرتاغ» دېگەن ئىسىم ئۆزگىرىپ «مۆلجەرتاغ» بولۇپ قالغانىكەن.

# تاغدىن نېمە ئۈچۈن ئەكس سادا چىقىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر جاڭگالدا بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ياشايدىكەن. كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپ ئۇلار بىر ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بۇ باللار بويىغا يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ، بۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئوغلىنى تاغقا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاشقا ئەۋەتىپتۇ، قىزىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسى بازارغا كېتىپتۇ. ئۇلار بازاردىن تويلۇق ئاپتۇ. قىز ئۆگزىگە قوناق يېيىپ ئولتۇرسا، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى دەرەخكە بىر قاغا كېلىپ قونۇپتۇ ۋە : «ئەي قىزچاق، قوناقلىڭدىن بىر تال بەرسەڭ، مەن ساڭا مۇھىم بىر خەۋەر ئېيتىپ بېرىمەن» دەپتۇ. قىز دەرھال بىر چاڭگال قوناق بېرىپتۇ. قاغا قوناقنى يەپ بولۇپ: «قىزچاق، سېنى ئاكاڭغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن داداڭ بىلەن ئاپاڭ بازارغا تويلۇق ئالغىلى كەتتى» دەپتۇ.

قىز بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، دادىسى بىلەن ئاپىسى خېلى كۆپ نەرسىلەرنى قولتۇقلاپ كېلىۋاتقانىكەن. قىز شۇنى كۆرۈپلا بەدەر قېچىپتۇ، قېچىپتۇ، قېچىپتۇ...ئۇسساپ ھېرىپتۇ. شۇنداق قارىسا، دادىسى بىلەن

ئاپىسى ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقانىكەن. قىزنىڭ ماڭغۇچىلىكى قالمىغاچقا، يىغلاپ تۇرۇپ تاشقا يېلىنىپ مۇنداق مۇناجات قىپتۇ:

يېرىلغىن تاش يېرىلغىن، كىرىۋالاي قوينۇڭغا،
كەلگەنلەر تاپالمىسۇن، ياشاي سېنىڭ قوينۇڭدا.

قىزنىڭ نالىسى تاشنى ئېرىتىپتۇ، تاش يېرىلىپتۇ، قىز كىرىپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى كېلىپ يىغلاپتۇ، نالە قىپتۇ، لېكىن تاش يېرىلماپتۇ. ئۇلار نىمىدەپ چاقىرسا، قىزمۇ شۇنى دەپ دوراپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قىزىنى بىرنەچچە كۈن كۈتۈپتۇ، لېكىن قىز يەنىلا چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى قارغاپ: «ئۆمۈر بويى تاغ ئارىسىدا دورامچىلىق قىلىپ ئۆتكەيسەن» دەپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز تاغ ئارىسىدا قاپتۇ. ھازىرمۇ كىم تاغ ئارىسىدا توۋلىسا، ئەنە شۇ قىز ئۇنى دوراپ توۋلار ئىمىش، تاغدىن چىقىدىغان ئەكس سادا ئەنە شۇ قىزنىڭ ئاۋازى ئىمىش.

# چىم-چىم ئوغۇل

ناھايىتى قەدىم زاماندا كەلپىن قىلىن جاڭگاللىق ئىدى. كەن. بۇ يەردە ئورمانلار شۇنداق قويۇق ئۆسكەنىكەنكى، يەر يۈزىگە يىل بويى كۈن نۇرى چۈشمەيدىكەن. جاڭگاللىقتا ھەر خىل ھايۋانلار ۋە ئۇچارقاناتلار بەھۇزۇر قىيغىتىپ ياشايدى. كەن. ئادەمزات ناھايىتى ئاز بولۇپ، ساناقلىقلا ئىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەرگە تاشچوماق دېگەن بىر ئوۋچى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ تاشتىن ياسىۋالغان بىر چومىقى بولۇپ، ھەرقانداق ھايۋاننى شۇ چومىقى بىلەن ئوۋلىيالايدىكەن. خەلق ئۇنىڭ بۇ خىل ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ جاڭگاللىقتا كەپە ياساپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. تاشچوماق ئۆيلىنىپ، ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇلنى ئىنتايىن ئەركە بېقىپتۇ، ئۇنىڭغا توپا - چاڭ قوندۇرماي، نېمە تەلەپ قىلسا رايىنى قايتۇرماي، پەپىلەپ بالاغەتكە يەتكۈزۈپتۇ. ئوغلى چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوۋچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشنى ئېيتىپتۇ، ئوغلى ئۆگەنگىلى ئۇنىماپتۇ. باشقا ھۈنەرگە بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئوغلى قوبۇل قىلماپتۇ. ئاتا - ئانا ئىلاجسىز قېلىپ ئۇنى يەنىلا مەيلىگە قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇ بالا ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىس بولماي،

تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆگىنىپ قاپتۇ.

كۇنلەرنىڭ بىر كۈنى قاتتىق كەلكۈن كېلىپ، سۇ جاڭ-گال - سايلاردا ئادەم بويىدىن ئېگىز ئېقىپتۇ. تاشچوماق بى-لەن ئايالى ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئوغلى بىر دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. كەلكۈن بىر - ئىككى كۈن ئېقىپ ئۆتۇپ كې-تىپتۇ، ئەمما تاشچوماق بىلەن ئايالى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاتا - ئانىسىغا تايىنىپ ئۆگىنىپ قالغان ئوغۇل قورسىقى ئاچ ھالدا ئۇلارنى كۈتۈپتۇ، ئاخىر بولماي ئاتا - ئانىسىنى ئىز-دەشكە مەجبۇر بولۇپ، جاڭگال ئارىلاپ مېڭىپتۇ. بىر يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تاغ كۆرۈنۈپتۇ. بالا تاغ ئۇستىگە چىقىپ، ئۆزى كەلگەن جاڭگال تەرەپكە قاراپ ئاتا - ئانىسىنى چاقىرىپ توۋلاپتۇ، يىغلاپتۇ، ۋارقىراپتۇ، ئاخىر ئاۋازى پۈتۈپتۇ، كۆزىنىڭ يېشى قۇرۇپتۇ، كۆزى تېلىپ چى-مىلدايدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇ ۋارقىرىغانچە تاغدىن چۈشمەپ-تۇ، ئاتىسىنىڭ ھۇنىرىنى ئۆگىنىۋالمىغاچقا، ئاچلىقتىن دەر-ماندىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بىر پەرىشتە كېلىپ بالىنى يۆ-لەپ تۇرغۇزۇپتۇ. بالا يەنە كۆزىنى چىمىلدىتىپ قاراپ تۇرۇپ-تۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا: «ئىسمىڭىز چىم - چىم ئوغۇل بول-سۇن، ئورنىڭىز كەپە بولسۇن، جىسمىڭىز مۇشۇ تاغدا تاشقا ئايلانسۇن. ئاتا - ئانىسىغا ۋارىسلىق قىلمىغانلار سىزدىن ئىبرەت ئېلىپ، كىچىكىدىن باشلاپ چېۋەر، ئەقىللىق، ئىشچان، ھۇنەرۋەن بولسۇن، ئامىن» دەپتۇ - دە، كۆزدىن غا-يىب بوپتۇ. پەرىشتىنىڭ دۇئاسى تامام بولۇشى بىلەنلا ئىجابەت بوپتۇ، ئوغۇل شۇ سائەتتىن باشلاپ تاشقا ئايلىنىپ، تاغ ئۇستىدە قېتىپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ تاشقا ئايلانغان جىس-مىنى «چىم - چىم ئوغۇل»، بەزىلىرى «چىم - چىم ئوغلام» دەپ ئاتىشىپتۇ. كەلپىنىنىڭ قايسى يېزىسىدىكىلەر بولسۇن،

بۇ چىم - چىم ئوغۇلنى يىراقتىن كۆرەلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىم - چىم ئوغۇل ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلار ئىمىش، كېچە - كۈندۈز كىرپىك قاقماي كۆزىنى چىمىلدىتىپ ئاتا - ئانىسىنى كۈتۈپ تۇرار ئىمىش.

# ئەسھەبۇلكەھب

## 1

مىسىر شەھىرىدە پىرئەۋن خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ ئېلان قىپتۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەندۈرۈش مەقسىتىدە، بىر مۇشۇكنى بېشىغا چىراغ ئېلىپ قويسا ئۆرۈۋەتمەي ئولتۇرۇشقا ئۆگىتىپتۇ.

پىرئەۋن ئۆزىنىڭ بۇ ھىيلىسى بىلەن كىشىلەرنى ئالدىماقچى بولۇپ، تۆت مۆتىۋەر كىشىنى ئۆيىگە چاقىرىپ قىمار ئويناشقا كىرىشىپتۇ. مۇشۇك چىراغپاي بولۇپ بېرىپتۇ. قىمار خېلى ۋاقىت داۋاملىشىپتۇ، لېكىن مۇشۇك چىراغنى بېشىدىن چۈشۈرۈۋەتمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى تۆت كىشى مۇشۇكنىڭ «ئىتائەتمەن»لىكىگە گۇمانلىنىپتۇ. ئۇلار ئەتىسى پىرئەۋنىنىڭ مۇشۇكىنى سىناپ بېقىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار پىرئەۋنىنىڭ ئۆيىگە كېلىشىپتۇ. قىمار باشلىنىپ، مۇشۇك يەنە چىراغپاي بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. قىمار راسا قىزىۋاتقاندا ھېلىقى كىشىلەردىن بىرى مۇشۇكنىڭ ئالدىغا بىر چاشقاننى ئاستاغىنا قويۇپ بېرىپتۇ. چاشقاننى كۆرگەن مۇشۇك چىراغپاينى ئۆرۈۋېتىپ چاشقاننى قوغلاپ كېتىپتۇ. پىرئەۋنىنىڭ ھىيلىسى ئاشكارىلىنىپتۇ.

تۆت مۆتىۋەر ھەقىقىي خۇدانى ئىزدەش ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلارغا ئەگىشىپ بىر ئىتمۇ بىللە مې-ڭىپتۇ. ئۆز ھېلىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىدىن غەزەپ-لەنگەن پىرئەۋىن ئەسكەرلىرىگە ھېلىقى تۆت كىشىنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

پىرئەۋىن لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋات-قانلىقىنى سەزگەن تۆت مۆتىۋەر ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىتنى ھەيدىۋې-تىپتۇ، لېكىن ئىت ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ، ئۇرۇپمۇ بېقىپ-تۇ، ئىت ئارقىسىغا زادىلا قايتماپتۇ. ھېلىقى كىشىلەر ئاخىر ئىتنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ، ئىت ئارقا پۇتى بىلەن يەنىلا ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئىتنىڭ ئارقا پۇتلىرىنىمۇ كېسىپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئىت زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي بەندىلەر، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ھەقىقىي خۇدانى ئىزدەش يولىدا ئارقاڭلاردىن ئەگىشىپ كېلىۋاتىمەن. سىلەر پەقەت ئۆزۈڭلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا مېنىڭ پۇت - قوللىرىمنى كېسىپ تاشلىدىڭلار. لېكىن، مەن ھەقىقىي خۇدانى تاپمىغۇچە ھەرگىز يولۇمدىن قايتمايمەن، دومىلاپ بولسىمۇ ئارقاڭلاردىن ئەگىشىپ بارىمەن، — دەپتۇ.

بۇنىڭدىن ئۇلار قاتتىق تەسىرلىنىپ ئىتنى كۆتۈرۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل ماڭغاندىن كې-يىن بىر تاغ ئۆڭكۈرىنى تېپىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. پىرئەۋىن لەشكەرلىرى بۇ ئۆڭكۈرگە كىرمەكچى بولغانىكەن، كۈچلۈك بوران چىقىپ، ئۇلارنى ئۆڭكۈرگە كىرگۈزمەپتۇ. ئۇلار بوران-نىڭ توختىشىنى كۈتۈپ بىر يىل ساقلاپتۇ. بوران توختاپتۇ. لەشكەرلەر ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ ئۇلارنى تاپالماپتۇ. ئۆڭكۈر ئىچىدە يەنە بىر ئۆڭكۈر بار ئىكەن، ئەمما بۇ ئۆڭكۈرنى ئۆ-

مۇچۇك تورلىرى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، لەشكەرلەر بۇ يەردىمۇ ئادەم يوق ئىكەن دېيىشىپ، ئاخىر قايتىپ كېتىپتۇ.

تۆت كىشى ھېلىقى ئۆڭكۈر ئىچىدە توپتوغرا تۆت يۈز يىل ئۇخلاپتۇ. ئۇلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئارىدىن تۆت يۈز يىل ئۆتكەنلىكىنى سەزمەي، بىر بازارغا كەپتۇ. بۇلارنىڭ ياندىكى تەڭگىلەر دەقيانۇس زامانىسىنىڭ تەڭگىلىرى بولغاچقا بازاردا ئۆتمەپتۇ.

بۇ بازاردا ئولتۇرۇشلۇق بىر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇ بۇ تەڭگىلەرنى تونۇپ قېلىپ، دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ لەشكەر چىقىرىپ ئۇلارنى قوغلاپتۇ. ئۇلار قېچىپ بېرىپ ئۆزلىرىگە پاناھ بولغان ئەسلىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋاپتۇ.

ئاڭلىنىشلارغا قارىغاندا، تۆت نەپەر كىشى ھازىرمۇ شۇ ئۆڭكۈردە بار ئىمىش①.

## 2

بىر زامانلاردا دەقيانۇس پادىشاھلىقىدىن قېچىپ كەلگەن يەتتە ئەۋلىيا تۇرپاندىكى بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇپ، ئۇ جايدا ئۈچ يۈز يىل ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزلىرى دۆلەت قۇرۇپتۇ. بۇ دۆلەتنىڭ نامى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلىپ، ئالتە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. بۇ يەتتە ئەۋلىيا ئۆز ئۆمرىدىگە ئۇزۇن ھەم بەختلىك ئۆمۈر ئاتا قىپتۇ، ھەرقانداق غەم ــ قايغۇ ۋە نامراتچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ، پۇقرالارنىڭ مال ــ مۈلكىنى ئوت، سۇ، ئوغرىغا ئوخشاش ھەر خىل بالايىئاپەت-

---

① بۇ ئۆڭكۈر پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسىنىڭ تۇيۇق مەھەللىسى ئالدىدىكى تاغ قاپ-تىلىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە «ئەسھەبۇلكەھپ مازىرى» دېيىلىدۇ.

لەردىن ساقلاپ قاپتۇ. شۇ سەۋەبتىن «يەتتە ئەۋلىيا ئۆڭكۈ-
رى»گە جىمىكى كىشى سېغىنىپ تاۋاپ قىلىدىغان بوپتۇ.
ئىككىنقات ئايالللار يەتتە ئەۋلىيانىڭ نامى يېزىلغان قەغەزنى
سول بىقىنىغا ئېسىۋالسا تۇغۇتى يېنىك ۋە ئوڭۇشلۇق بولى-
دىكەن. تۇغماس ئايالللار بۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ قولىغا نېمە
چىقسا «بىسمىللا» دەپ يېسە، شىپا بولۇپ تۇغىدىكەن. كىشى-
لەر بۇ ئۆڭكۈرنى بىلىم ۋە بەختىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ھا-
زىرغىچە ئۇلۇغلايدىكەن.

# داراتاغ ئۆڭكۈرى

قەدىمكى زاماننىڭ قەدىمىدە بۇ داراتاغ[1] ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىكەن، تاغنىڭ ئۇستىگە قىينالمايلا چىققىلى بولىدىكەن. مانا شۇ زاماندا بىر ئەۋلىيا ياشىغانىكەن. بۇ ئەۋلىيا ئىلىم - تەھسىل قىلىشتا كامالەتكە يەتكەنىكەن، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنىمۇ ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن، ھەر قانداق ئاغرىق - سىلاققا دەم سالسا ياكى قولى بىلەن سىلاپ قويسىلا ساقىيىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ بىر ياغاچ چۆچىكى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوقۇپ قويسا، بىر چۆچەك تاماق تەييار بولۇپ قالىدىكەن. ئەۋلىيا بىر چۆچەك تاماق يەۋالسا، ئىككى - ئۈچ كۈن قانائەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ كۈن بويى قىلىدىغىنى ئىبادەت، قولىدىن كېلىدىغىنى ئەلگە شاپائەت ئىكەن. لېكىن، ئەۋلىيانىڭ خوتۇن، بالا - چاقىسى يوق ئىكەن. ئۇ قىش كۈنلىرىدە يالىڭاچ مېڭىپ يۈرىدىكەن، بىراق زادىلا توڭلىمايدىكەن، كېچىدىمۇ بىر خىشقا بېشىنى قويۇپ يېتىۋېرىدىكەن، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىكەن.

ئۇ زامانلاردا ئۇيغۇرلار قۇياشقا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نامىنى «كۈن قوۋمى» دەپ ئاتايدىكەن.

---

① داراتاغ — ئوستۇنئاتۇشنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ.

ئەۋلىيا يۈز ياشقا تولغان بىر كۈنى ئۇ ياشاۋاتقان تۇپراقتا بىر ئىش سادىر بوپتۇ.

مۇشۇ زېمىندا بىر يىگىت بىلەن بىر قىز ئاشىق - مە-شۇق بولۇپ قالغانىكەن. يىگىتنىڭ ئىسمى قىلىچ، قىزنىڭ ئىسمى ئايناز ئىكەن. يىگىت ئەۋلىيانىڭ يۈزلىگەن شاگىرت-لىرىنىڭ بىرى ئىكەن. قىز بولسا ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق بىر گۈزەل پەرى سۈپەت ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئەۋ-لىيانى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ. زىيارەتتىن قايتىۋاتقاندا ئاشىق يىگىت قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ مەشۇقى ئايناز يول بويىدا بىر تۈپ چىنار دەرىخى سايىسىدە مۇڭدىشىۋاتقانىكەن. پادىشاھ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قىزنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆ-رۈپ قاپتۇ - دە، قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ يىگىت بىلەن قىزنى سۈرۈشتۈ-رۈپتۇ، يىگىتنىڭ ئەۋلىيانىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ-تۇ. پادىشاھ مەقسەتكە ئەۋلىيا ئارقىلىق يەتمىسە بولمايدىغان-لىقىنى پەملەپ، ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە سالام بېرىپ:

— مەن سىلىگە پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئەكەلدىم. پادىشاھ ئايناز دېگەن قىزغا ئۆيلىنىشنى ئىختىيار قىلدى. بۇ تويغا سىلىنى ئەلچى بولۇپ بەرسۇن، دەپ پەرمان قىلدى. مەن شۇ پەرماننى ئېلىپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دەپتۇ.

ئەۋلىيا قىلىچ بىلەن ئاينازنىڭ ئاشىق - مەشۇقلۇقىنى بىلىپ تۇرغانىكەن. ئەۋلىيا قىلىچنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ، ئاذ-دىن ۋەزىرگە:

— ۋەزىر ئالىيلىرى، دۇنيادا ھەرقانداق يېتىلگەن نەر-سىنىڭ بىر ئىگىسى بولىدۇ. ئاينازنىڭ بىر ئاشىقى بار، مانا

ئۇ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ يىگىت ئۆز مەشۇقىنى پادىشاھقا ئۆتۈنۈپ بېرەمدۇ، يوق؟ قېنى سوراپ باقايلى، — دەپتۇ-دە، يىگىتتىن سوراپتۇ: ئەي يىگىت، سەن مەشۇقۇڭنى پادىشاھقا ئۆتۈنۈپ بېرەمسەن؟ پادىشاھ مەشۇقۇڭنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئويلىنىپ جاۋاب بەر.

— دۇنيادا ئۆز مەشۇقىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان يىگىت بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— ئۇ پادىشاھ، سەن بولساڭ پۇقرا، ئۇ سەندىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالسا، قانداق قىلىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەۋلىيا.

— جېنىم تېنىمدە بولسىلا، پادىشاھقا مەشۇقۇمنى بەرمەيمەن ! ئۆلۈپ كەتسەم، ئىلاجىم يوق، — دەپتۇ يىگىت.

ئەۋلىيا ۋەزىرگە قاراپ:

— پادىشاھقا ئېيتىپ قويۇڭ، بىر ھەقىقەتنى چەيلەپ، پادىشاھنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشقا مېنىڭ ۋىجدانىم ئۇنىمايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ جاۋابىم، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئوردىغا قايتىپ ئەۋلىيانىڭ جاۋابىنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئەۋلىيانىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بوپتۇ ۋە ئەۋلىياغا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ، ۋەزىرگە دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

— سىز لەشكەر باشلاپ بېرىڭ، قىزنى ھازىرلا ئوردىغا ئەكېلىڭ. قارشىلىق قىلغانلارنى دارغا ئېسىڭلار !

ۋەزىر لەشكەر باشلاپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قېچىشقا جابدۇنغان قىز بىلەن يىگىتنى ئۇچرىتىپتۇ. يىگىت قولىغا قىلىچ ئېلىپ لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىپتۇ. يىگىت بىرنەچچە لەشكەرنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. ۋەزىر قىزنى تۇتۇشقا ئەمر قىپتۇ. بىر قىسىم لەشكەرلەر قىزنى تۇتۇپ ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا يىگىتنى

لەشكەرلەر چېپىپ تاشلاپتۇ. قىلىچنىڭ چېپىلغىنىنى كۆرگەن ئاينار پەرياد بىلەن ۋارقىراپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. قىز ھوشىغا كېلىپ ھارۋىنى توختىتىپ، ۋەزىرگە:

— مەن قىلىچنىڭ جەستى بىلەن خوشلىشىۋالسام، رۇخسەت بەرسىڭىز، ئاندىن كېيىن ئوردىغا باراي، — دەپتۇ.

ۋەزىر ھارۋىنى ئارقىسىغا قايتۇرۇپتۇ. قىز ھارۋىدىن چۈشۈپ قىلىچنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بېشى ئۈزۈلگەن، قانغا بويىلىپ ياتقان گەۋدىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قىلىچنىڭ يېنىدىكى خەنجەرنى غىلاپتىن ئېلىپ ئۆزىنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ:

— ھەقىقىي مەشۇق ئۆز ئاشىقىدىن ئايرىلمايدۇ، — دەپ، يىگىتنىڭ جەسىتىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپتۇ.

قىزدىن ئايرىلغان ۋەزىر قۇرۇق قول ئوردىغا قايتىپ، ئەھۋالنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ - دە، پەرمان بېرىپتۇ:

— ئۇلارنى قاچۇرۇشنى پىلانلىغان ھېلىقى ئەۋلىيا. مەن ئۇنىڭدىن پۈتۈن دەردىمنى ئالىمەن. ھازىر بېرىپ، ئۇ ئەۋلىيانى ئوردىغا ئەكېلىڭلار!

پادىشاھ سوراق سورىمايلا «ئەۋلىيا دارغا ئېسىلسۇن!» دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار ئەۋلىيانى دارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ - دە، پۇت - قولىنى يېشىپ، قۇياشقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئەۋلىيا ئىبادەتكە ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ، ھەممە ئادەم نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي چەكچىيىپلا قاپتۇ. قاتتىق بىر شامال چىقىپ دار ياغىچى قاراسلاپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر چوڭ سۇمۇرغ قۇش ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئۈستۈمگە مىنىڭ» دەپتۇ.

ئەۋلىيا سۇمۇرغنىڭ ئۈستىگە مىنىشىگە سۇمۇرغ قانىتىنى يېيىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ- دە، غەربىي شىمال تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

دارىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلار ئېسىنى يىغىپ قارىسا ئەۋلىيا يوق، ئەۋلىيا سۇمۇرغنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئۇچۇپ يىراقلاپ كەتكەنىكەن. ئەۋلىيانى دارىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولى تۇتماس بولۇپ قاپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشاھ تەختتىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ پۇتى قايرىلغاندەك بولۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇ يىقىلىش بىلەن پادىشاھ زوۋانى تۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە بىر ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

سۇمۇرغ قۇشقا مىنىپ ئۇچۇپ كەتكەن ئەۋلىيا سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، داراتاغنىڭ ئۈستىگە كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تاغنىڭ ئۈستىدە يېشىل مەرۋايىتتەك بىر پارچە يەر تۇرغۇدەك، سۇمۇرغ ئاستا شۇڭغۇپ شۇ چىمەنلىككە قونۇپتۇ.



ئەۋلىيا چىمەنلىككە چۈشۈپ قارىغۇدەك بولسا ئوغلىقى بىلەن ئىككى ئۆچكە تۇرغۇدەك ۋە مېكىيانلارنى باشلاپ بىر قىزىل خوراز دانلاپ يۈرگۈدەك، ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇرغا بىر ئات باغلاقلىق بولۇپ، ئاتنىڭ يېنىدا بىر ئىت، يەنە بىر تەرەپكە قارىسا

ئاپئاق ساقاللىق بىر ئادەم ياتقۇدەك. ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىن بۇ دۇنيادىن خوشلىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىكەن.

ئەۋلىيا يەردە ياتقان بۇ مويسىپىتقا سالام قىلىپ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى يۆلىمەكچى بوپتۇ، لېكىن بوۋاي رەت قىپتۇ. ئەسلىدە بۇ بوۋايمۇ بىر ئەۋلىيا ئىكەن. ئۇنىڭغا قازانىڭ ۋاقتى يېتىپ، بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرغانىكەن. بوۋاي ئەۋلىيانىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن بۇ دۇنيادىن خوشلىشىۋاتىمەن. بۇ دۇنيانىڭ ياراتقىنىمۇ ئىككى يۈز يىل چەكتىم، ئىبادىتىنىمۇ ئىككى يۈز يىل ئادا قىلدىم. مەن بۇ خىلۋەتتە ياشىغىلى يۈز يىل بولدى. تەقدىر سىزنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنى پۈتكەن. مەن بۇ يەرنى سىزگە تاپشۇرىمەن. ئاۋۇ ئويۇقتا بىر كىتاب بار، ئۇ سىزگە مەندىن مىراس بولۇپ قالىدۇ. شۇ كىتابتىن نۇرغۇن ئەسرارى سىرلارنى بىلىسىز. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن مېنى كېپەنلەپ قويۇڭ. مېنى ئاۋۇ سۇمۇرغ مەن ياتىدىغان يەرگە ئەكېتىدۇ. سىز بۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىسىز. بۇ ھايۋانلارمۇ سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىدۇ. ئاۋۇ ئۈچكىلەر سىزنى سۈت بىلەن، توخۇلار تۇخۇم بىلەن باقىدۇ. ماۋۇ ئات ئۇچار تۇلپار، مىنىپ يالىنى سىلىسىڭىز، سىزنى ئۇچقانچە كۆزلىگەن يەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ماۋۇ ئىت ۋاپادار جانىۋار، سىزنى قوغدايدۇ، ئۆڭكۈرگە چىققانلارنى قوغلايدۇ. مەن سىزنى كۆپتىن بېرى كۈتۈپ ياتقان، قۇياش تەڭرى ئاخىر سىزنى ماڭا يەتكۈزدى. ئەۋلىيالارنىڭ ئەھدىسى مەزلۇملارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى توسۇش، يۇرتنىڭ ئامانلىقى، بەخت ـ تەلىيى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش، زالىملارنىڭ زۇلمىنى زېمىندىن كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىش.

ئەۋلىيا بوۋاي شۇنداق دەپتۇ ـ دە، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئەۋلىيا دەرھال ئۇ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تەييارلاپتۇ. ھېلىقى سۇمۇرغمۇ، ھايۋانلارمۇ كۆزىدىن مۆل ـ مۆل ياش تۆكۈپ تۇرغانىكەن. سۇمۇرغ قانات قاققانىكەن، بىر شامال چىقىپتۇ، سۇمۇرغ شۇئان ئەۋلىيا بوۋاينىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەۋلىيا شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ قاپتۇمىش.

ھازىرغا قەدەر بۇ يېشىل ھويلىدا ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى، توخۇلارنىڭ چىللىشى، قوي، ئۆچكىلەرنىڭ مەرىشىنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرۇشى شۇ زاماندىن قالغانىكەن. ئەۋلىيامۇ شۇ يەردە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن.

# نۇزۇگۇم ئۆڭكۈرى

شۇڭقار تېغىدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى تار، ئىچى كەڭ ئىكەن. نۇزۇگۇم ئۆز نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن ياۋۇز سۇلاننىڭ گەجگىسىگە خەنجەر ئۇرۇپ، سىرتتا قېچىپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىردا مۇشۇ ئۆڭكۈردە پاناھلىنىپتىكەن، قورسىقى ئاچسا، ئۆڭكۈر ئەتراپىدىكى بال ھەرىلىرىنىڭ ئۇۋىسىدىكى ھەسەل بىلەن ئوزۇقلىنىپ يۈرۈپتىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، نۇزۇگۇمنىڭ شۇڭقارتېغىدىكى غاردا يۈرگەنلىكىنى چېرىكلەر ئۇقۇپ قېلىپ، تۇتۇپ كېلىشكە چىقىپتۇ. چېرىكلەر غارنى كۆرۈپ، بۇ قاچقۇننى ئەمدى توشقاندىنمۇ ئاسان تۇتىمىز، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە بىر - بىرلەپ ئۆزلىرىنى ئېتىپتۇ. پاراسەتلىك نۇزۇگۇم ئالدىدا كىرگەن چېرىكنىڭ كۆكرىكىگە پەم بىلەن خەنجەر ئۇرۇپتۇ. چېرىك شۇ ھامان يىقىلىپ، قولىدىكى قىلىچى چۈشۈپ كېتىپتۇ. قالغانلىرى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالماپتۇ. نۇزۇگۇم ئۆلگەن چېرىكنىڭ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چېرىكلەرگە قاراپ ئېتىلغانىكەن، ھەممىسى ئارقىسىغا قاراپ قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇستىلەپ نۇرغۇن چېرىك چىقىپ، ئۆڭكۈرنى مۇھاسىرىگە ئاپتۇ. چېرىكلەرنىڭ باشلىقى چېرىكلەرگە بۇيرۇق قىلىپ:

— ئىس قويۇپ، بۇرۇقتۇرما قىلىپ تۇتۇڭلار! — دەپتۇ. چېرىكلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئوتتۇن تېرىپ كېلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا ئوت يېقىپتۇ، بىراق ئىس ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ ماڭماپتۇ. بۇنى كۆرگەن چېرىكلەرنىڭ باشلىقى يەنە:

— ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى چىپپىپ يوغىنىتىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ. چېرىكلەر قولىدا نېمە بولسا شۇنىڭ بىلەن ھە - ھۇ دېيىشىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى چىپپىپ يوغىنىتىشقا كىرىشىپتۇ، نەچچە كۈن ئېتىشىپمۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى دېگەندەك يوغىنىتالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چېرىكلەرنىڭ ھەربىرى قارىغايدىن مەشئەل يېقىپ، غارنىڭ ئىچىنى يورۇتۇپ، قاتار تىزىلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. نۇزۇگۇم كىرگىنىنىڭ ئۇدۇللۇق كاللىسىنى ئاپتۇ. نۇزۇگۇم ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى نۇزۇگۇم ھالسىزلىنىپتۇ، ئاخىر دەرمانىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. ئامان قالغان چېرىكلەر بىھوش ياتقان نۇزۇگۇمنى باغلاپ ئەكېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆڭكۈر «نۇزۇگۇم ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

# تەلمەت

بۇرۇنقى زاماندا كۇچا دىيارى ئۆز ئالدىغا بىر پادىشاھلىق بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قوشنىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشمايدىكەن. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، كۆككە تاقاشقان تەڭرىتاغ چوڭ توسۇق ئىكەن. بۇ تاغدىن ھېچبىر جانلىق ئۆتەلمەيدۇ، دەپ قارىلىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كۇچا خانلىقى تەۋەلىكىدىن ئەمەت ئىسىملىك بىر كىشى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ خاننىڭ زىندانىغا قامىلىپتۇ. خان ئەمەتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ئەمەت دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىگە بېرىلگەن جازادىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، زىنداندىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئەمەت قاچقاندىن كېيىن پادىشاھ ھەممە يەرگە ئەمەتنى تۇتۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئەمەت كۇچا تەۋەلىكىدە تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى تاپالماي جانىنى ئالىقانىغا ئېلىپ، كۇچا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قېچىپتۇ. ئەمەت توختىماي ئىلگىرىلەپ، تاغ جىرالىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ چوڭ كۆل، كىچىك كۆللەرگە يېتىپتۇ. ھېچقانداق جانلىق ئۆتەلمەيدۇ دەپ قارالغان قار - مۇز قاپلىغان چوققىغا ئۆرلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياساۋۇللار داۋاملىق قوغلاۋېرىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى شاھقا خە-

ۋەر قىپتۇ. شاھ بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا ساقاللىرىنى قاماللاپ تۇرۇپ: «ھەي تەلۋە، ھەي تەلۋە ئەمەت !» دەپ تىترەپ كېتىپتۇ. بۇرۇندىن سىرلىق دەپ قارىلىپ، ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ ماڭمايدىغان بۇ داۋان يولى ئەمەتنىڭ تەۋەككۇل قىلىپ مېڭىشى بىلەن ئېچىلىپ، كارۋانلار قاتنايدىغان بوپتۇ.

كىشىلەر داۋان يولىنى پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە، «تەلۋە[①] ئەمەت داۋىنى» دەپ ئاتاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، «تەلۋە ئەمەت» «تەلەمەت»كە ئۆزگىرىپ، بۇ داۋان «تەلەمەت داۋىنى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.



① تەلۋە — قارام دېگەن مەنىدە.

# دەريانى توسقان چوڭ تاش

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاسمان ئىلاھى بىلەن يەر ئىلاھى ئوتتۇرىسىدا يەنە جەڭ باشلىنىپتۇ. يىراقتىكى بىر دەريانى يەر ئىلاھى ئاتۇشقا باشلاپ كەلگەندە، ئاسمان ئىلاھى غەزەپلىنىپ، خۇپىيانە ھالدا يەر ئىلاھىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. يەر ئىلاھى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىنىڭمۇ دۈشمەن قولىدا ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئۇنى تاغ بۆركۈتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

ئاسمان ئىلاھى يەر ئىلاھىنىڭ ئوغلى تۇپراق باتۇرنى تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر ئىلاھى باشلاپ كەلگەن دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا بىر يوغان تاشنى توسۇپ قويۇپ، «ئىلاھلار ئەتتى، ئەرلەر ئاچالماس» دەپ، بەش بارمىقىنىڭ ئىزىنى تامغا قىلىپ بېسىپ قويۇپتۇ[1]. شۇنىڭ بىلەن ئاسمان ئىلاھى ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ.

يەر ئىلاھىنىڭ ئوغلى تۇپراق تا ھازىرغىچە شۇ تاغلاردا ھەسرەت چېكىپ، تاغ بۆركۈتى بولۇپ ياشاۋېتىپتۇ. ئۇ ئاخىر زامان بولغاندا يەنە ئەسلىگە كېلەر ئىمىش، كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ، ئاسمان ئىلاھىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتۇش تاغلىرىنى يەنە شۇنداق گۈزەللەشتۈرەر ئىمىش.

---

① ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاتۇش بىلەن قىرغىزىستان چېگرىسىدا بىر دەريا بولۇپ، ئۇنى يوغان بىر تاش توسۇپ تۇرىدىكەن. ئەگەر شۇ تاش بولمىسا، ئۇ دەريا ئاتۇش تەرەپكە ئاقاتتىكەن. بۇ تاش ئۈستىدە ئاسمان ئىلاھىنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى ھازىرمۇ بار ئىكەن.

# زەرەپشان

بۇرۇنقى زاماندا يەكەن پادىشاھىنىڭ بىر مەلىكىسى[1] بار ئىكەن. ئۇ ئاجايىپ گۈزەل ۋە غارايىپ كۆچتۈڭگۈر ئىكەن. ئۇنىڭ سايىسىنى كۆرسە تاغلار تىترەپ، دەريالار دولقۇنلىنىپ شاۋقۇن سالىدىكەن، يەر ـ زېمىن لەرزىگە كېلىدىكەن.

«بىر جۈپ مۆڭگۈزۈم بىلەن دۇنيانى تىرەپ، ئويۇنچۇقتەك ئوينىتىمەن» دەپ لاپ ئۇرغان قوش مۆڭگۈزلۈك ئىسكەندەر پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ يەكەن زېمىنىغا ئاياغ باسقان كۈنلەردە، بۇ مەلىكە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ قەدىمىي ئوردىسى قۇم باسقان لەڭگەردىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. قاتتىق ئېلىشىش جەريانىدا مەلىكە ئىسكەندەرنىڭ تۈمەنىڭ ئەسكىرىنى مەغلۇپ قىپتۇ. قانلار دەريا بولۇپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى شۇ قان دەرياسىدا چايقىلىپ، ئالتۇن دەرياسىنى ھاسىل قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەريانىڭ ئىسمى «زەرەپشان» (ئالتۇن ئاقىدىغان دەريا) دەپ ئاتىلىپتۇ.

---

[1] بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ مەلىكىنىڭ ئىسمى سۇلئى سۇما ئىكەن.

# تەلۋىچۈك دەرياسى

موڭغۇل ئىستىلاچىلىرى قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. شۇ چاغدا قەشقەرنى ساقلاۋاتقان پالۋانلاردىن تۆت يۈز تۆت پالۋان شەھەردىن چىقىپ، ئوغۇساق يېزىسىدىكى دۆڭگە خەندەك ياساپ ئىستىھكام قۇرۇپتۇ. تاجاۋۇزچى قوشۇن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ دەريادا توسۇلۇپ قاپتۇ. ئىككى قوشۇن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۇرۇپ راسا جەڭ قىپتۇ. ھەر ئىككىسى چېكىنمەپتۇ. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە، تاجاۋۇزچى قوشۇنغا غەزەپ - نەپرىتى تولۇپ تاشقان تۆت يۈز تۆت پالۋان دەريادىن ئۆتۈپ تىغمۇتىغ جەڭ قىلىش ئۈچۈن سۇغا سەكرەپ قارشى قىرغاققا ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پالۋانلارنىڭ سەردارى ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ «سۇغا چۆكۈۋېلىڭلار !» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. قىساس ئوتى قەلبىدە يانغان پالۋانلار سۇغا چۆكمەي بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئۆز باتۇرلىرىنىڭ ھاياتىنى كۆزدە تۇتقان سەردار: «ھەي تەلۋە، چۆك !» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. پالۋانلار چۆكۈپ، قارشى قىرغاققا ئۆتۈپ، تاجاۋۇزچى قوشۇن بىلەن قوچاقلاشما جەڭ قىلىپ، دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە شۇ قېتىمقى جەڭنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ دەريانىڭ ئىسمىنى «تەلۋىچۈك» دەپ ئاتاپتۇ.

# قارايۈز

ئۆتكەن زاماندا يالقۇنتاغنىڭ باغرىدىكى دىياردا بىر تۇل خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن كىچىك قالغان بىر ئوغلى بولۇپ، بۇ ئوغۇل بەستلىك، قامەتلىك بىر يىگىت بو-لۇپ يېتىلىپتۇ. بۇ ئوغۇل ئۆزى ياشىغان يۇرتتىكى نامرات خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش كويىغا چۈشۈپتۇ - دە، تەڭ-رىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى جىلغا سۈيىنى ئۆز يۇرتىغا باشلىماق بوپتۇ. بۇ يىگىت شۇ ئارزۇدا مېتىن ۋە كەتمەن تەييارلاپتۇ ھەم سەپەرگە جابدۇنۇپتۇ. ئۇ سەپەرگە ماڭغان چې-غىدا ئاپىسىغا: «ئاپا، سىز ھەر كۈنى ماڭا تاماق ئاپارغان ۋاقتىڭىزدا تۆگىنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇڭ. مەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندا ئالدىڭىزغا كېلىمەن. سىز ھەرگىز مېنى كۆرىمەن، دەپ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقماسلىققا ۋەدە بېرىڭ ھەم ۋەدىگە ۋاپا قىلغايسىز» دەپتۇ - دە، يولغا راۋان بوپتۇ.

يىگىت ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن زور غەيرەت - شىجائەت بىلەن ئىشلەپتۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ئۇرغان مېتىنىدىن ئۆيدەك - ئۆيدەك يوغانلىقتىكى تاشلار ھەر تەرەپكە ئوت چاچرىتىپ پارچىلىنىدىكەن. كەتمەننى ھەر-بىر قېتىم چاپقاندا كىچىك - كىچىك دۆڭ - يوتىلارنى تۈز-لىۋېتىدىكەن. يىگىت ئاچقان زومرەتتەك سۇلار ئېرىق بويلاپ

پەسكە قاراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. يىگىت ئېرىق چېپىپ خېلىلا ئاۋۇتۇپتۇ. ھەر كۈنى ئوغلىغا تاماق توشۇيدىغان ئاپىسىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، ئوغلىنىڭ سىرلىق ئىشىنى كۆرمەكچى بوپتۇ. بىر كۈنى ئاپىسى قوڭغۇراق ئاسقان تۆگىنى خېلى يىراق بىر جايغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوغلىنىڭ ئىشىنى كۆرۈپتۇ. ئوغلى ئاندىن تۇغما ھالدا كۈچەپ ئىشلەۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن ئاپىسى ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ خىجىل بوپتۇ ـ دە، كەينىگە يانماقچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىگىت «كەينىڭگە قارا» دېگەندەك بىر ئاۋازنى ئىشىتكەندەك بوپتۇ ـ دە، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ ئاپىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. نومۇستىن ئۆزىنى يوشۇرۇشقا جاي تاپالمىغان يىگىت ھەسرەت بىلەن: «ھەي ئاپا، ۋەدىگە ۋاپا قىلماي، قارايۇز بولدىڭىز» دەپ خىتاب قىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۈستەڭدىكى سۇ دەھشەت بىلەن قەھرلىك دولقۇنلىنىپتۇ ـ دە، تېرەك بويى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە بىردىن پەسىيىپ يىگىتنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئاپىسى بۇنى كۆرۈپ ئۆز ئىشىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ، يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان ئېگىز بىلىنىپتۇ ـ دە، ئوغلى سۇ باشلىغان جىلغا ئىچىدە يىغلاپ ـ قاقشاپ يۇرۇپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ جىلغىنىڭ نامى شۇنىڭدىن كېيىن «قارايۇز» دەپ ئاتالغانىكەن.

# پەرھاد ئۆستىڭى

چىن شاھزادىسى پەرھاد ئۆزگە يىراق بولمىغان بىر قوشنا ئەلنىڭ گۈزەل مەلىكىسى شىرىنغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بۇ مەلىكىمۇ پەرھادنى بىر كۆرۈپ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەتنىڭ شىرىن كۈنلىرى باشلىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە، شىرىننىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان ئىران شاھى خىسرەۋ ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ، نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. كۆڭلىدە پەقەت پەرھادلا بولغان شىرىن نىمە قىلاردىنى بىلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ. ئۇ كۆپ ئويلاپ شۇنداق قارارغا كەپتۇ: «خىسرەۋ ئالەمگە ئايان بولغان زالىم شاھ. ئەگەر ئۇنىڭ تەلىپىنى دەرھال رەت قىلسام، لەشكەر تارتىپ زورلۇق بىلەن ئەل - يۇرتنى ۋەيران قىلىدۇ، پۇقرالىرىمغا ئازاب سالىدۇ، پەرھاد بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇش قارارىم ھەم بەربات بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئورۇندىيالمايدىغان بىر شەرت قوياي» دەپ ئەلچىلەرگە شۇنداق ئېيتىپتۇ: «يۇرتۇمنىڭ غەربىدىكى تاغلىقتىن باشلاپ شەرقىدىكى چوڭ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئۆستەڭ قازسۇن. ئۇنىڭ سۈيى زەر (ئالتۇن) بولسۇن، ھەرقانداق چوڭ كالىنىمۇ ئېقىتىپ كېتەلەيدىغان بولسۇن. ئەنە شۇ ئۆستەڭنى كىم بۇرۇن قېزىپ چىقسا، مەن

شۇنىڭغا تېگىمەن.» شېرىنىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلىغان پەرھاد خۇشاللىق بىلەن بىستۇن تاغلىرىنى يېرىپ، ئۆستەڭ قېزىشقا ئاتلىنىپتۇ. خىسرەۋ شاھ بولسا دەرغەزەپ بولۇپ، لەشكەر تەييارلاپ، قورال كۈچى بىلەن شېرىنىنىڭ يۇرتىغا بېسىپ بارماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ بىر دانا ۋەزىرى:

— ئۇنداق نامەردلىك قىلىسىڭىز، نامىڭىزغا ئۇيات بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي، باشقىچە ئامال تاپايلى، — دەپ خىسرەۋگە تەسەللى بېرىپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. تاغ يۈرەك پەرھاد قورام تاشلارنى يۇنۇپ، جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ھەيۋەتلىك بىر ئۆستەڭ قېزىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خىسرەۋ ساراسىمىگە چۈشۈپ، جادۇگەر كەمپىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. كەمپىر:

— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇيمىز، خاتىرجەم بولسىلا، مەلىكە شېرىن پەقەت سىلىگىلا تەئەللۇق، — دەپ بىر ھىيلە ئويلاپ، دەرھال پەرھادنىڭ يېنىغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ شېرىننى كۈتۈپ تۇرغان پەرھادنىڭ قېشىغا كېلىپ راسا كۆز يېشى قىپتۇ. پەرھاد ھەيران بولۇپ كەمپىردىن سوراپتۇ:

— ئى ئانا، نېمىشقا نالە قىلىپ يىغلايسىز؟

شۇندا جادۇگەر كەمپىر پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىپ، پەرھادنىڭ باش - كۆزلىرىنى سۆيۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ جاھاننىڭ مەلىكىلىرى بەكمۇ ۋاپاسىز ئىكەن. مەلىكە شېرىن سەندەك دانا، باتۇر يىگىتتىن خىسرەۋ شاھنى ئارتۇق بىلىپ، ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. سەن ئۈمىد باغلاپ يۈرگەن ئۇ مەلىكە سېنى ئەسلەپمۇ قويماي، ھازىر شاھ ئوردىسىدا بەھۇزۇر ئويناۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ساڭا

ئىچىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان پەرھاد شىردەك ھۆركىرەپ بېشىنى بىستۇن تېغىغا بىر ئۇرغانىكەن، تاغ پارچە - پارچە بولۇپ يېرىلىپ، ئۇ قازغان ئۆستەڭدە سۇ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپتۇ. پەرھادنىڭ بېشى نەچچە پارە بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ سائەتتە كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ پەرھادنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن مەلىكە شىرىن بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، «پەرھادسىز ماڭا مۇنداق ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى !» دەپ يېنىدىن ئالماس خەنجىرىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە سانجىپتۇ ۋە شۇ ھامان پەرھادنىڭ جەسىتى ئۈستىگە يىقىلىپ جان بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئۆستەڭنىڭ نامى «پەرھاد ئۆستىڭى» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «پەرھاد ئۆستىڭى»نىڭ نامى «زەرەپشان»غا ئۆزگەرگەنىكەن.



# زەمىن

چاغاتاي خان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، جاي - جايلاردىن يەر - سۇ سېتىۋېلىپ مەخسۇس خانلىققا قارايدىغان قىپتۇ ھەمدە بۇ يەر - سۇلارنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم تەيىن قىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قەشقەر توققۇزاقتىنمۇ يەر - سۇ سېتىۋېلىپ، يەرلەرنى باشقۇرۇشقا مانان ئىسىملىك بىر كىشىنى، سۇلارنى باشقۇرۇشقا زەربىن ئىسىملىك بىر كىشىنى بەلگىلەپتۇ. ئۇ يەرنىڭ قايسى خانغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ھەم باشقۇرغۇچىنىڭ كىملىكىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن «چاغاتاي مانان» دەپ ئاتاپتۇ ۋە بارا - بارا خەلق ئارىسىدا «چىغمان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

سۇلارنى باشقۇرغۇچى زەربىن بولسا، شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنى ئىشلىتىپ سەكسەن تاشلىق سۇ پاتقۇدەك بىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپتۇ ۋە بۇ ئۆستەڭگە «قالماقئۆستەڭ» دەپ نام بېرىپتۇ. زەربىن ئۆستەڭنى چاپتۇرۇپ سۇ باشلىغاندىن كېيىن، بىر سۇ باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىپتۇ ھەمدە سۇلارنى بىرىنچىدىن ئونىنچىغىچە دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇپتۇ. بىرىنچىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە بولغان سۇلار مەخسۇس خانلىقنىڭ زېمىنىنى، تۆتىنچى، بەشىنچى دەرىجىلىك سۇلار ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ زېمىنىنى، ئالتىنچى، يەتتىنچى دەرىجىلىك

سۇلار بايلارنىڭ زېمىنىنى، سەككىزىنچى، توققۇزىنچى، ئونىنچى دەرىجىلىك سۇلار يۇقىرالارنىڭ زېمىنىنى سۇغىرىدىكەن. كېيىنكى ۋاقىتتا توققۇزاقتىكى ئاشۇ سۇ باشقۇرۇش ئورنى باشقۇرغۇچىنىڭ نامى بىلەن «زەربىن» دەپ ئاتىلىپ، بارا - بارا خەلق ئاغزىدا «زەمىن» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.



# ئاقئۆستەڭ

ئىلگىرى غۇلجىدىكى دېھقانلار تاغ سۈيى بىلەن تېرىقچى-لىق قىلىدىكەن. سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن پايانسىز يەر بوز-يېتىپ تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن دېھقانلارنىڭ ئىچى پۇشىدىكەن. شۇ يوسۇندا خېلى كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ، بىراق ئۇلار ئارمىنىغا يېتەلمەي يۈرۈپتۇ. كېيىن ئۇلار قاش دەرياسىدىن توپتوغرا كۆنپېتىشقا قارىتىپ، بوزىيېپ تۇرغان يەرنىڭ قاق ئوتتۇرى-سىنى بويلىتىپ بىر ئۆستەڭ ئالماقچى بوپتۇ. چوروق ھېكىم دېگەن كىشى بۇ ئۆستەڭنى قەيەردىن باشلاپ، قەيەرگە ئاپىرىشنى، قانداق چېپىشنى سىزىپ بېرىپتۇ. دېھ-قانلار چوروق ھېكىمنىڭ سىزىقىدىن قىل نېرى - بېرى كەتمەي ئۆستەڭنى چېپىۋېرىپتۇ. ئۆستەڭ 1825 - يىلى چې-پىلىپ بوپتۇ.

ئۆستەڭ پۈتۈپ، تومىنى ئېچىپ سۇ باشلاش ۋاقتى كەل-گەندە، دەريا بويىغا كېلىپ پەستە كۆۋەرەپ ئېقىۋاتقان قاش سۈيىنى كۆرگەن بىرى:

— بۇ بىر ئەخمەقلىق، ئويماندىن دۆڭگە سۇ باشلىغان نەدە بار؟ نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان ئەجىر بىكار كېتىدىغان بوپتۇ - دە، ئەستاغپۇرۇللا، — دەپ ساقىلىنى سىيپاپتۇ. گەپنىڭ ئاچچىقلىقىدىن زەردىسى قاينىغان چوروق ھېكىم:

— تەقسىر، سۇ قانچىلىك ئېگىزدىن دومىلاپ چۈشسە، شۇنچىلىك ئېگىزگە دومىلاپ چىقالايدۇ. بۇنى ئۆز ئۆمرىدە بىرەر قېتىم غول ئېرىقنى ياقىلاپ باقمىغان ئادەم نەدىن بىلىدۇ، — دەپتۇ - دە، ھېلىقى كىشىگە كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۆستەڭ چاپقانلارنى باشلاپ ئۆستەڭنىڭ ئېغىزىغا بېرىپ تومنى ئاچتۇرۇپتۇ. سۇ ئۆستەڭگە چۈشۈپ شارقىراپ ئېقىپتۇ. ئۆستەڭنىڭ قىرىدا تۇرغان كىشىلەر قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. كىشىلەر: «ئاق ئۆستىڭىم، ئاق ! ئاق ئۆستىڭىم، ئاق !» دەپ ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرىنى بويلاپ سۇ بىلەن تەڭ توختىماي يۈگۈرۈپتۇ. سۇ مەنزىلگە يەتكۈچە «ئاق ئۆستىڭىم، ئاق ! ئاق ئۆستىڭىم، ئاق !» دېگەن سادا زادىلا توختىماپتۇ. ئۆستەڭگە باشلانغان ئۇلۇغ سۇ قاش دەرياسىدىن چىقىپ تاكى سۈيدۈڭكۈرەگىچە راۋان ئېقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆستەڭ چاپقانلار خۇشال بوپتۇ، «ئۆستەڭگە سۇ چىقمايدۇ» دېگۈچى يەرگە قاراپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك «ئەجرىمىز زايە كەتمەي ئۆستەڭدە سۇ ئاقتى، تىلىكىمىز ئەمەلگە ئاشتى» دەپ، ئۆستەڭگە «ئاقئۆستەڭ» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

# كارىز

## 1

رىۋايەت قىلىنىشىچە، چوققىسى ئاپئاق قار، ئېتىكى بوك - باراقسان تەڭرىتاغنىڭ بىر قانىتى بولغان ئىدىقۇت تېغى ئورنىدا غايەت زور بىر ئەجدىھا بار ئىكەن. يىرتقۇچ ئەجدىھا ھەر يىلى كۆزدە باغ - ئورمانلارنى چەيلەپ، جان - جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئادەملەرنى يەپ، پۈتۈن يۇرتقا تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپتۇ. ئەلنىڭ نالىسى ئەرشكە يېتىپتۇ. كۆك تەڭرىسى غەزەپ بىلەن قۇم - بوران ياغدۇرۇپتۇ، ئەجدىھا ياتقان يېرىدە كۆمۈلۈپ قاپتۇ. كۆك تەڭرىسى زېمىننى كولاپ توپا - تاشلىرىنى ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپتۇ، دۆۋىلەنگەن تاش - توپىلار ئىدىقۇت تېغىنى پەيدا قىپتۇ. ئويۇلغان زېمىن تۇرپان ئىكەن. كۇن تەڭرىسى قۇم - تاشلارنى چوغدەك قىزدىتىپ، مومدەك ئېرىتىپ قاتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەجدىھا ئۇنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. ئادەملەر، جان - جانىۋارلار ۋە ئۇچار قۇشلار ئىلگىرىكىدەك باياشات ياشاشقا باشلاپتۇ.

كۆك تەڭرىسى ۋە كۇن تەڭرىسىنىڭ غەزىپىدىن كېيىن پۈتۈن ئىقلىمغا يامغۇر ياغماپتۇ. گۈل - گىياھ، باغۋاران، ئېتىز - ئېكىنزارلار قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئادەملەر نالە - پەرياد

قىلىشقا باشلاپتۇ. كۆك تەڭرىسى قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ، ئۇ ئىدىقۇت تېغىنىڭ قىپقىزىل چوغدەك هارارىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، تەڭرىقۇت تېغىنىڭ بىر ئېقىن سۈيىنى ئايرىپ بېرىپتۇ. شارقىراپ ئېقىپ چۈشكەن ئېقىن سۇ ئىدىقۇت باغرىدىن ئايلىنىپ ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلۇپتۇ. دەريا سۈيى تۈمەنلىگەن ئۈچار قۇشلارنى، بۇغا - ماراللارنى، گۈلىستان باغلارنى، تېرىمچىلارنى شادلاندۇرۇپتۇ. تېرىمچىلار هېسابسىز يەرلەرگە بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىپتۇ. مالچىلار قوي، كالا، ئات، تۆگىلەرنى بېقىپتۇ. يىللار يەنە باياشاتچىلىقتا ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىز ئېقىن سۇ توختاپ قاپتۇ. يۇرت ئاقساقاللىرى كېڭەش قىلىپ ئىدىقۇت تېغىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر تۈركۈم پالۋانلارنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار تاغ باغرىغا يېتىپ كېلىپ ئاغزىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئەجدىهانىڭ تاغ باغرىدىكى سايدا سۇنى توسۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇزۇن زامانلار تاغ ئاستىدا ياتقان ئەجدىها تاغنى كولاپ تېشىپ چىققانىكەن. ئۇ ئىدىقۇت تېغىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە ئاسمانكۆل ياساپ، سۇنى ئەنە شۇ كۆلگە قاچىلىۋالغانىكەن. پالۋانلار كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ ئەجدىهانى يېڭەلمەي هالسىزلىنىپتۇ. ئۇلار مىڭ تەسلىكتە جېنىنى ئېلىپ يۇرتقا قايتىپ كەپتۇ. ئاقساقاللار كېڭىشىپتۇ، دانىشمەنلەر ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. سۇنى ئەجدىهاغا تۇيدۇرماي يەر ئاستىدىن ئېقىتىپ كېلىش ئۈچۈن كىشىلەر نۇرغۇن قۇدۇقلارنى كولاپتۇ، ئارقىدىن ئۇلارنى يەر ئاستىدىن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپتۇ. سۇ ئېقىنى يەر ئاستىدىن ئېقىپ كەپتۇ. كېيىن ئۇ «كارىز» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## 2

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇغدا تېغىدا قوي بېقىپ يۈرگەن بىر پادىچى يىگىتنىڭ بىر توپ قويلىرى يوقىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت قويلىرىنى ئىزدەپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قويلىرىنى ئىزدەپ ئىسسىقتا كۆپ ئازاب چېكىپتۇ، پۇت-لىرى قىزىق قۇمدا كۆيۈپتۇ، چاڭقاپ لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلىپتۇ. ئۇ ئاخىر قويلىرىنى بىر قۇمۇشلۇقتىن تېپىپتۇ. بۇ چاغدا يىگىت ئۆزىمۇ، قويلىرىمۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن-نىكەن. يىگىت ئەتراپىنى شۇنچە ئايلىنىپمۇ بىرەر تامچە سۇ تاپالماپتۇ، ئاخىر بىر چىملىقتا قۇدۇق كولاشقا باشلاپتۇ. كۈن پېتىپتۇ، ئاي چىقىپتۇ، ئاي ئولتۇرۇپ كۈنمۇ چىقىپتۇ. پا-دىچى كولىغان قۇدۇقتىن ئاخىر سۈپسۈزۈك مەرۋايىتتەك سۇ چىقىپتۇ. بۇ سۇنى پادىچى ھەم پادىچىنىڭ قويلىرى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپتۇ. كېيىنچە ئادەملەر پادىچى يىگىتنى دوراپ قۇدۇق كولاپتۇ ۋە قۇدۇقلارنى يەر ئاستىدىن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ سۇنى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كارىز پەيدا بوپتۇ.

# ئايدىڭكۆل

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا بىر بوستانلىق يۇرت بولۇپ، بۇ يۇرتتىكى بىر ئۆلىما كىشىنىڭ ئارزۇلۇق بىرلا قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز شۇنداق ساھىبجامال ئىكەنكى، يۇرت بويىچە ھېچقانداق قىز گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىكەن. ئۆزى ناھايىتى چېچەن، ھەرقانداق ئىشتا چېۋەر بولۇپ، بۇ يۇرتتىكى ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، باتۇر، مەرد بىر يىگىت بىلەن ئاشىق - مەشۇق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇلارنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزمەكچى بولۇپ، توينى قۇربان ھېيت كۈنى ئۆتكۈزۈشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ھېيت يېقىنلىشىپ توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندە، بىردىنلا ئاسماندا ئاي كۆرۈنمەي، مۇسۇلمانلار ئادەت بويىچە ھېيت نامىزىنى ئۆتىيەلمەپتۇ. ھېيت بولمىغاندىكىن، مەسلىھەت بويىچە توي قىلىشقىمۇ بولماپتۇ.

بۇ يۇرتتا ئەتراپى قويۇق دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارغا پۈركەنگەن بىر كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيى ھەرقانداق كىسەلگە شىپا ئىكەن. ئاشىق - مەشۇقلار ھەر كۈنى ئاخشىمى ئاشۇ كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاچ، ئۆزلىرىنىڭ ۋىسال كۈنىنى كۈتۈپ، ئاسماندا ئاينىڭ چىقى-

شىنى تىلەيدىكەن. شۇ تەرىقىدە ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار ئادىتى بويىچە كۆل بويىدا ئولتۇرسا، بىردىنلا كۆلنىڭ ئىچى، ئاندىن پۈتۈن ئەتراپ يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تولۇن ئاي نۇر چېچىپ تۇرارئىمىش. ئاينىڭ نۇرى بارغانسېرى پۈتكۈل جاھاننى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، يۇرت ئەھلى خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ، ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپتۇ. تاڭ يورۇش بىلەنلا ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ، ئارقىدىن ساما، مەشرەپلەر قىزىپتۇ. يىگىت بىلەن قىزنىڭ تويىمۇ باشلىنىپ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ.

بۇ كۆلنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان يېقىن - يىراقتىكى كىشىلەر ئات - ئېشەكلىرىگە مىنىشىپ كېلىپ، كۆلدىكى خاسىيەتلىك زەمزەم سۈنى قاپاق - قاچىلىرىغا ئېلىپ، ئۆز يۇرتلىرىدىكى كۆلگە قۇيۇپ قويغانىكەن، ئۇ كۆلنىڭ سۈيىمۇ شىپالىق سۇغا ئايلىنىپ، نەچچە يۈز يىلغىچە قۇرۇپ كەتمەي، سېسىپ قالماي، سۈپسۈزۈك پېتى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ خاسىيەتلىك كۆلنى «ئايدىڭكۆل»[1] دەپ ئاتاپتۇ.

① ئايدىڭكۆل ــ ئاقسۇ تەۋەسىدىكى بىر كۆلنىڭ نامى.

# مارجانبۇلاق

بۇرۇنقى زاماندا كۆچادا بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن بىر گۈزەل قىزى بار ئىـ. كەن. باينىڭ قىزى دادىسىنىڭ چاكىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن، چاكارمۇ قىزنى ياخشى كۆرىدىكەن. باي تېخىمۇ يۇقىرى ئابـ. رۇي، پۇل، مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن قىزىنى پادىشاھقا كېـ. نىزەكلىككە سوۋغات قىلماقچى بوپتۇ. باي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن چاكىرىنى يىراق يەردىكى بىر ھاشارغا ئەۋەتىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن پادىشاھقا كېـ. نىزەك بولۇشنى راۋا كۆرمەي قېچىپ كېتىپتۇ. قىز شۇ قاچقانچە ئادەم ئايىغى يەتمىگەن بىر يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى بۇ يەرگە كەلمەس، دېگەن ئوي بىلەن بىر ئېگىز دۆڭنىڭ يېنىدا كەپە تىكمەكچى بولۇپ يەرنى كولاپتىكەن، ئۇ يەردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ئۇنى يەنە كولاپ، چۆرىسىگە تاش تىزىپ سۇنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئاپتۇ، ئۆزىمۇ بۇلاق يېنىغا كەپە تىكىپ شۇ يەردە ھايات كەچۈرۈپتۇ. قىز دائىم يارىنى كېلىپ قالامـ. دىكىن، دەپ ھەر كۈنى كەپە يېنىدىكى دۆڭگە چىقىپ ئەتراپقا قارايدىكەن. بىر كۈنى ئادىتى بويىچە دۆڭگە چىقسا، يىراقتىن شاھ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپتۇ. لەشكەرلەرمۇ قىزنى كۆرۈپ ئاتـ.

لىرىغا قامچا ساپتۇ. قىز قېچىشقا ئامال تاپالماي ئۆزىنى كە-
پىنىڭ يېنىدىكى بۇلاققا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. لەشكەرلەر دەرھال
كېلىپ بۇلاققا شۇنچە قارىسىمۇ قىز كۆرۈنمەپتۇ، ئۇلارنىڭ
كۆرگىنى پەقەت قىزنىڭ بويىنىدىكى مەرۋايىت مارجان بوپتۇ.
لەشكەرلەر قىزنىڭ مارجىنىنى بولسىمۇ ئالغاچ كېتەيلى، دەپ
ئويلاپ مارجاننى ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئالالماي قۇرۇق
قول كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. قىزنىڭ يىگىتى بۇ شۇم خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ھاشاردىن قېچىپتۇ. ئۇ قىز ئۆلگەن
ھېلىقى جايغا كەلگەندە ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ، شۇ پېتىچە
بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. يىگىتنىڭ تېنى مەجنۇنتاللارغا
ئايلىنىپ، قىز كولىغان بۇلاقنىڭ سۈيى بىلەن كۆكلەپ
ئەتراپنى يېشىللىق قاپلاپتۇ. كېيىنچە بۇ جايدا ئادەملەر ئول-
تۇراقلىشىپتۇ. بۇ بۇلاقتىن قىزنىڭ مارجىنى كۆرۈنگىنى
ئۈچۈن، بۇ يەر «مارجانبۇلاق» [1] دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

① مارجانبۇلاق ــ كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى
بىر بۇلاقنىڭ نامى.

# نورۇز بۇلاق

مەھمۇد قەشقەرى «مۇق يولى» ئارقىلىق باغدادقا ئۆتۈپ، ئۇ يەردە ئۇزۇن يىللار ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ، ئازىقتا سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلغانىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن تالىپلىرى بار بولۇپ، ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا ئۆز تالىپلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۇرتىدىكى چەشمە بۇلاققا چىقىپ، ئۆزئارا نورۇزلۇق، غەزەل - بېيىتلار ئالماشتۇرۇپ سەيلە قىلىشىدىكەن، شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ بارىدىكەن. تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىمۇ شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاينىڭ نامى «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتىلىپتۇ، نورۇز بۇلاقنىڭ خاسىيىتى ئەتراپقا تارقىلىپتۇ. تەرەپ - تەرەپلەردىن، يىراق شەھەرلەردىن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى ئۆلىمالار، تالىپلار شۇنىڭدىن بېرى بۇ جاينى «ئىلىم بۇلىقى»، «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم بۇلىقى» دەپ ئۇلۇغلاپ، نورۇز بۇلاقنى زىيارەتگاھ قىلىشىپتۇ. كېيىنكى ئۆلىما - ئالىملارمۇ ئەنە شۇ ئادەت بويىچە تەربىيىلىگەن تالىپلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىمىنى مۇشۇ نورۇز بۇلاقتا ئۆتكۈزۈپ، ھەزرىتى موللام (مەھمۇد قەشقەرى) دىن ئىجازەت ئېلىش ئادەت بولۇپ قالغانىكەن.

# ئۈستىخان بۇلاق

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئىدىقۇت خانلىقى تە-ۋەسىدە بىر گۈزەل يايلاق بولغانىكەن. بۇ يايلاقنىڭ ئوت-چۆپ ۋە گۈللىرىدىن تارقالغان خۇش پۇراقتىن بۇلبۇللار مەست بولسا، ئوت - چۆپنىڭ مول لۇقىدىن بۇغا - مارال لار ئەگىپ كېتەلمەيدىكەن. بۇ يايلاقتا سەمەت ۋە تۇرسۇن دېگەن ئىككى پادىچى قوي باقىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەمسال بولۇپ بار - يوقنى تەڭ كۆرۈشىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار-نىڭ ئاياللىرىلا ئەمەس، سەمەتنىڭ قىزى گۈزەلنۇر بىلەن تۇرسۇننىڭ ئوغلى تاشپولاتمۇ بىر - بىرىگە ئامراق ئىكەن.

ئاي - يىللار ئۆتۈپ تاشپولات بىلەن گۈزەلنۇر تەڭلا ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىغا ياردەملىشىپ قوي باقىدىغان بوپتۇ. تاشپولات ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشكە، چىلبۆرىلەرنى ئوۋلاشقا ھېرىس ئىكەن. گۈزەلنۇر بولسا ناخشا ئېيتىشقا، كەشتە تىكىشكە ماھىر ئىكەن. ئۇلار ساپ ھاۋادا ئەركىن - ئازادە چوڭ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئېجىل-لىقىدىن ئاتا - ئانىلىرىمۇ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق ياشىشى ئۈچۈن تاشپولاتنى ئوقۇتۇشنى قارار قىپتۇ.

تاشپولات ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا گۈزەلنۇر يىگىتكە

بىر جۇپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن ياغلىق يوللۇق قىپتۇ. تاشپولات بولسا قىزغا ئەۋلادىدىن مىراس قالغان ئالتۇن دەستىلىك شەمشەرنى خاتىرە ئورنىدا قالدۇرۇپتۇ.

گۈزەل، خاتىرجەم كۆڭلەر ئۆزۈنغا سوزۇلماپتۇ، چۈنكى بۇ يايلاقتا ماخچا دېگەن بىر مەخلۇق پەيدا بوپتۇ. ئۇ يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاق ئەتراپىنى ماكان تۇتۇپ، بوغا - مارالىلارنى ئوۋلاشقا باشلاپتۇ، كېيىنچە قوي پادىلىرىنى يەيدىغان بوپتۇ. بۇ يايلاقتا ئۇنى يوقاتقۇدەك بىرەر قابىل ئەزىمەت چىقماپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يۇرت ئاقساقىلى يايلاققا كەلگەنىكەن، ماخچا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: «ئەگەر سەن ھەر كۈنى بىر ئادەم بىلەن بىر ھايۋاننى ئالدىمغا ھازىر قىلمىساڭ، مەن سېنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەل - يۇرتۇڭنى ۋەيران قىلىمەن» دەپ ھۆركىرەپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى ماخچىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ شەرتىگە كۆنۈپتۇ ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر كۈنى بىر ئادەم بىلەن بىر قوينى بۇلاق بېشىغا ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ. دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئادەم ۋە قويلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇلاق سۈيىمۇ يىراقلارغا ئاقالمايدىغان بوپتۇ. ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلاپتۇ.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاشپولات ئوقۇشىنى تۈگىتىپ يايلاققا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ يىراقتىنلا ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ قەدىمىنى تېزلىتىپتۇ. ئۇ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپتۇ، بۈگۈنكى يىغا - زارنىڭ سەۋەبى گۈزەلنۇر ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇڭا، ئۇ دەرھال ئالماستىن گۈزەلنۇرنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىقىنى يۇرت ئاقساقىلىغا خەۋەر قىپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى ماقۇل بولغاندىن كېيىن تاشپولات ئاتا - ئانىلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرى ۋە گۈزەلنۇر

بىلەن خوشلىشىپتۇ. گۈزەلنۇر تاشپولاتقا:

— بۇ شەمشەر ماڭا سىزنى كېچە - كۈندۈز ياد ئەتكۈزۈپ ھەمراھ بولغاندى، بۈگۈن ئۇ سىزگە ھەمراھ بولۇپ مېنى ئەسلەتسۇن، — دەپ تاشپولاتقا شەمشەرنى قايتۇرۇپتۇ. تاشپولات يېنىدىن قولياغلىقنى چىقىرىپ گۈزەلنۇرغا سۇنۇپتۇ. گۈزەلنۇر قولياغلىقنى ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىغا چىگىپ قويۇپتۇ. تاشپولات ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە گۈزەلنۇرنىڭمۇ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— يىغلىماڭلار. مەن سىلەرنىڭ ھىممىتىڭلار بىلەن ئۇ مەخلۇقتىن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن! — دەپ ۋەدە بېرىپ بۇلاق ئەتراپىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

تاشپولات كەلگەندە، ماخچا بۇلاق بويىدا ئۆزى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق كېلىشىنى كۈتۈپ يىراقلارغا تەلمۈرۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ تاشپولاتنى كۆرۈپ ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە شىددەتلىك ئېتىلىپتۇ، تاشپولات بولسا چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، كەينىدىن بىرنى تەپكەنىكەن، ماخچا يەرگە دۈم چۈشۈپتۇ. نەتىجىدە، ئىككى ئارىدا قاتتىق ئېلىشىش يۈز بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ماخچا يېڭىلىپ قاچماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا تاشپولات ئالتۇن دەستىلىك شەمشەرنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ماخچىنى چېپىپ پارە - پارە قىلىپ تاشلاپتۇ، بۇلاق ئەتراپىدىكى ئۇستىخانلارنى تازىلاپ سۇنى راۋانلاشتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاشپولات ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئائىلىسىگە تىنچ - ئامان قايتىپ كەپتۇ. ئەل - يۇرت ئۇلارنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈپتۇ. بۇلاقنىڭ ئەتراپىمۇ ئاستا - ئاستا گۈزەللىشىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇلاقنىڭ نامى «ئۇستىخانبۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

# هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدا



هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدا

[illegible]



[illegible]

# ئىت بىلەن ئادەمنىڭ دوست بولۇشى

نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى ئىتمۇ ياۋايى هايۋان قاتارىدا ياشايدىكەن. ئىت دائىم ئۆزىگە بىر دوست تېپىشنى ئويلايدىكەن. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر بۆرىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق باتۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولماقچى بوپتۇ. ئۇ ئەسلىدە ئەنە شۇنداق بىر قورقماس باتۇر بىلەن دوست بولۇش ئارزۇسىدا ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ بۆرىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بوپتۇ. كەچ كىرگەندە ئىت بۆرىنىڭ ئۇۋۇسىدا بىللە يېتىپتۇ. كېچىسى ئىت ئازراقلا تىۋىش بولسا چۆچۈپ، هاۋشىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا بۆرە:

— هەي، ئىت ئاغىنە، كېچىدە جىم ياتماي هاۋشىغىنىڭ نېمىسى؟ ئادەملەر بىلىپ قالسا، بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغۇ ! — دەپتۇ. ئىت كۆڭلىدە سەنمۇ قورقۇنچاق بىرنېمە ئىكەنسەن، دەپ ئويلاپتۇ – دە، تاڭ ئاتمايلا بۆرىنىڭ يېنىدىن كېتىپ قاپتۇ.

ئىت ماڭا – ماڭا بىر يەرگە كەلگەندە يوغان بىر ئېيىققا ئۇچراپتۇ. ئىت ئۆزىنىڭ دوست ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتقانىكەن، ئېيىقمۇ يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئىتنى ئەتراپنى سەيلە – تاماشا قىلدۇرغاچ ئۆز ئۇۋۇسىغا باشلاپ بې-

رىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. ئىت بىلەن ئېيىق بىرگە تۈنەپتۇ. يې-
رىم كېچە بولغاندا ئىت يەنە ئادىتى بويىچە تىۋىشقىمۇ، شە-
پىگىمۇ هاۋشىپتۇ. ئېيىقمۇ بۆرىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭغا نارازى-
لىق بىلدۈرۈپتۇ. ئىت ئىچىدە بۇنىڭ بەستى يوغان، ھەيۋەت-
لىك بولغىنى بىلەن بۇمۇ بىر قورقۇنچاق ئىكەن، دەپ ئويلاپ-
تۇ ـ دە، ئېيىقنىڭ يېنىدىنمۇ ئايرىلىپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ.

ئىت بىر كۈنلىرى يولۋاسقا يولۇقۇپتۇ. ئىت يولۋاسقا ئەگىشىپ تاغ ـ ئورماننى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئىت كۆرۈپتۇكى، تاغ ـ ئورماندا ياشاۋاتقان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى يولۋاسنى كۆرۈشى ھامان تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كۆزدىن غايىب بولۇۋاتقۇدەك. يولۋاسنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز باتۇر ئىكەنلىكىگە قايىل بولغان ئىت ئۇنىڭ بىلەن دوست بولماقچى بوپتۇ. كەچ كىرگەندە ئىت يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا بېرىپ يېتىپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا ئىت ئەتراپتىن ئازراق تىۋىش ئاڭلىغان ھامان يەنە ھاۋشىشقا باشلاپتۇ. يولۋاس بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئىت ئاداش، يېنىڭدا مەندەك بىر پادىشاھ تۇرسا، ئاد-چە ـ مۇنچە شەپىدىن چۆچۈپ نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ كېچە-لەردە مۇنداق كەلسە ـ كەلمەس ھاۋشىپ يۈرسەڭ، بىزنى پايلاپ يۈرگەن ئوۋچىلار ياتقان يېرىمىزدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ تاش-لىمامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئىت ئەڭ باتۇر جانىۋار دەپ ھېسابلىغان يولۋاسمۇ قورقىدىغان ئادەم دېگەن مەخلۇقنىڭ دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك ئىكەن-لىكىنى بىلىپ يولۋاستىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپ ئادەمنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

ئىت ئاخىر ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان بىر ئادەمنى ئۇچرى-تىپ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئادەم ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاشتۇرۇپ، هويلىسىدىكى مال
قوتىنىنىڭ يېنىدىن بىر جاي راسلاپ، ئالدىغا سۆڭەك ۋە نان
پارچىلىرىنى قويۇپ مېهمان قىپتۇ. ئىت قورسىقىنى تويدۇ-
رۇپ بەخۇدۇك ئۇخلاپ قاپتۇ.

تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا هويلا ئەتراپىدىكى شىپىر - شى-
پىر قىلغان ئاۋازنى سەزگەن ئىت بىردىن قاتتىق قاۋاپ كې-
تىپتۇ. ئىتنىڭ هاۋشىغىنىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەم قو-
لىغا توقماق كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋارقىراپ باشقىلارنىمۇ ئويغى-
تىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يېقىنلاپ قالغان بالا - قازادىن
ئامان قاپتۇ. ئاندىن ئادەم ئىتنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ،
ئۇنىڭغا يەنە ئارراق ئاش - نان بېرىپتۇ ۋە:

— يارايسەن، جانىۋار، مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى ساڭا ئوخ-
شاش بىرەر قاراۋۇلغا موهتاج ئىدىم. كېچىسى خالىغانچە
هاۋشىغىن، مەن هەرگىز خاپا بولمايمەن. سېنىڭ بىلەن ئۆ-
مۈرۋايەت دوست بولىمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەملەر ئىتنى كۈندۈرۈشكە باشلى-
غانىكەن.



# ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئۆچمەنلىكى

## 1

يىراق زامانلاردا ئىت بىلەن مۈشۈك كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ياشايدىكەن، ئادەملەر ئۆزلىرى نېمە يېسە، ئىت بىلەن مۈشۈككىمۇ شۇنى بېرىدىكەن. كېچىسى ئىت ئىسسىق كاڭدا ئۇخلىسا، مۈشۈك ئادەملەرنىڭ قوينىدا ئۇخلايدىكەن. كۈندۈزى ئىت هويلا - ئارامنى ئوغرى ۋە يىرتقۇچ هايۋانلاردىن ساقلىسا، مۈشۈك ئۆي ئىچىنى ئوغرى چاشقانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلايدىكەن. شۇڭا، ئادەملەر ئىت بىلەن مۈشۈكنى ناهايىتى ئەتىۋارلايدىكەن. ئىت كالانپاي، قوپال بولسىمۇ، لېكىن بەك ئاق كۆڭۈل، سادىق ئىكەن، يېگەن - ئىچكىنى غورىگىل بولۇپ قالسىمۇ، قانائەت قىلىپ ئۈنچىقمايدىكەن. مۈشۈك ئەپچىل، ئوماق بولسىمۇ، لېكىن ئالا كۆڭۈل، قۇۋ - مەككار ئىكەن، تويغۇچە يەپ - ئىچسىمۇ، قانائەت قىلماي، ئادەملەر كۆرمەستە ئۇنى - بۇنى ئوغرىلاپ يەۋالىدىكەن، تالاغا چىقىشتىن ئېرىنىپ ئوچاق ئىچىگە، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تەرەت قىلىپ كۆمۈپ قويىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۈشۈك ئادەملەرنىڭ يوق ۋاقتىنى پايلاپ تۇرۇپ، ئاسقۇدىكى گۆشنى ئوغرىلىقچە يەۋېلىپ ئېغىز -

بۇرنىنى پاك - پاكىز سۈرتۈپ، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئورۇن - كۆرپە ئۈستىگە چىقىپ ئۈگدەپ يېتىپتۇ. ئىت بولسا بوغۇزلانغان قوينىڭ قېنىنى يالاپ قانائەت قىپتۇ، لېكىن ئېغىز - بۇرنىنى سۈرتمەيلا ھويلا - ئارامنى كۆزەت قىلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى قايتىپ كېلىپ ئاسقۇغا قارىسا گۆش كۆرۈنمىگۈدەك. ئۇيان ئىزدەپتۇ، بۇيان قاراپتۇ، ھېچ يەردىن چىقماپتۇ، خاپا بولۇپ تۇرسا، مۈشۈك ئاستا مياۋلاپ قۇيرۇقى بىلەن تالادىكى ئىتنى ئىشارە قىپتۇ. ئۆي ئىگىسى گۇمان بىلەن چىقىپ ئىتقا قارىسا، ئاغزى - بۇرنى چۆردىسىدە قان يۇقى تۇرغۇدەك. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ھەي نائىنساپ، بارنى تەڭ كۆرۈۋاتساق، يەنە قانائەت قىلماي گۆش ئوغرىلاپ يېدىڭمۇ؟» دەپ ئىتنى تازا دۇمبالاپتۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ ئىتنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ، يادىغا يەتكەندە سۇيۇق - سەلەڭ ئاداپ چېلىپ بېرىدىغان، بولمىسا ئاشقان - تاشقان يۇندى، سۆڭەكلەرنى تاشلاپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئىت كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ ئۇۋاللىقىغا ئۇچراپ، ناھەق جازالانغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە ئادەملەرنى تاشلاپ كەتمەي، بەرگەنگە قانائەت قىلىپ ئۆي بېقىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئىت بىر توپىلاڭ يەردە مۈگدەپ ياتسا، مۈشۈك ئۆي ئىچىدىن چىقىپ ئۇيان - بۇيان قاراپتۇ - دە، شەپە چىقارماي كەلگىنىچە ھويلىدا دانلاپ يۈرگەن مېكىيانىنىڭ بىرنەچچە چۈجىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ يەپتۇ. ئىتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ھاۋشىغىنىچە مۈشۈككە ئېتىلىپتۇ. مۈشۈك ئۆي تەرەپكە قېچىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىقسا، ئىت ھاۋشىغانچە ئېتىلىپ كېلىۋاتقۇدەك، مۈشۈك «مىياۋ - مياۋ» قىلىپ زارلانغىنىچە قېچىپ كېلىۋاتقۇدەك، مې-

كىيان «قاق ـ قاق» قىلىپ پەيلىرىنى تۈزۈتۈپ ھازا ئېپ-چىۋاتقۇدەك، يەردە بىرقانچە ئۆلۈك چۈجە ياتقۇدەك. ئۆي ئىگىسى ئىشنىڭ ئۈجۈر ـ بۈجۈرىنى بىلىپ بولغۇچە، مۈشۈك ئۆي ئىگىسىنىڭ پۇچقاقلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپ، قۇيرۇقى بىلەن ئىتنى ئىشارە قىپتۇ. ئۆي ئىگىسى غەزەپلىنىپ: «ھەي تۇزەلمەيدىغان ئاچ كۆز لالما، ئۆيدە ساقلىسام، ئاسقۇدىكى گۆشنى ئوغرىلاپ يەۋالدىڭ، ھويلىغا چىقىرىۋەتسەم، چۈجىلەرگە كۈن بەرمىسەڭ، زادى بىزگە تىنچلىق بېرەمسەن ـ بەرمەمسەن؟» دەپ ئىتنى تازا كالتەكلەپتۇ.

ئىت ياخشى نىيىتى ئۈچۈن كالتەكلەنگەچكە، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ھويلا ئارقىسىغا قېچىپ بېرىپتۇ ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئىڭىشىپ يىغلاپتۇ، شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ مۈشۈككە ئۆچمەنلىكى كەپتۇ.

قىش كەپتۇ، قار يېغىپ تالا ـ تۈز توڭلاپ كېتىپتۇ. مۈشۈك ئىسسىق ئۆيدىن چىقماي يۇمشاق چۈشەك ئۈستىدە خورزۇر سۈرۈپ يېتىپتۇ، ئىت بولسا تالادا لاغىلداپ تىترەپ، يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئازابلىنىپ ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئىت قىغ دۆۋىسى ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتسا، مۈشۈك ئۆيدىن ئاستا چىقىپ ئۇيان ـ بۇيان تىمىسقىلاپتۇ، ئۆزىگە ئەمەك قىلغۇدەك ئويۇن تاپالماي چەللىگە يامىشىپ چىقىپ دەستىلەپ قويغان تېرىلەرنى تارتىپ يەرگە چۈشۈرۈپتۇ ۋە ھەدەپ تىرمىلاپ ـ تىتىپ يىرتقىلى تۇرۇپتۇ. ئىت مۈشۈكنىڭ يەنە ئۆزىگە ئىش تېرىپ بېرىۋاتقىنىنى پەملەپ ئاستا ماراپ كېلىپ مۈشۈكنى ئەدەپلىمەكچى بوپتۇ. ئىت مۈشۈككە يېقىن كەلگەندە قۇيرۇقى سۆرىلىپ قېلىپ شەپە چىقىپ كېتىپتۇ. سەزگۈر مۈشۈك تۇيۇپ قېلىپ «پارت»لا قېچىپتۇ ـ دە، چەللە ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ئىت چەللىگە چىقالماي بىرھازا خىرىس قىلىپ،

جىلە بولۇپ، يەرنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى تالاغا چىقىپتۇ، قارىسا، ئىت ھەدەپ يەرنى تاتىلاۋاتقان، قېشىدا تېرىلەر تىتىلىپ ـ يىرتىلىپ ياتقان. مۇشۇك ئۆي ئىگىسىنى كۆرۈپ بىچارىلەرچە مياۋلاپ قۇيرۇقى بىلەن ئىتنى ئىشارە قىپتۇ. ئۆي ئىگىسى يەنە گۇناھنى ئىتتا قويۇپ كالتەك كۆتۈرۈپ قوغلاپتۇ. ئىت ناھەق ئازار يەپ رەنجىپتۇ، خالىي يەرگە بېرىپ ئۆزىنىڭ نېمىشقا ياخشى ئىش قىلىپ تۇرۇقلۇق خارلىنىشتىن خالىي بولالمايدىغانلىقى، مۇشۇكنىڭ دائىم ئالا كۆڭۈللۈك، ئەسكىلىك، ھىيلىگەرلىك قىلىپ تۇرۇقلۇق يەنە ئەتىۋارلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلىنىپتۇ. ئويلىنا ـ ئويلىنا ئاخىر ئالدامچى، ھىيلىگەرلەر ئەتىۋارلىنىپ كۈن ئالىدىكەن، ياخشى نىيەتلىكلەر خارلىنىدىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۆزىنى خارلىتىپ قويغان مۇشۇككە نەپرەتلىنىپ تا ھازىرغىچە ئاداۋەت تۇتىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

## 2

بۇرۇنقى زاماندا ئىت بىلەن مۇشۇك ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن، ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ، تاپقىنىنى تەڭ يەپ، «سېنىڭ، مېنىڭ» دېيىشمەي ئۆتىدىكەن. مۇشۇكنىڭ موزدۇزچىلىقتىن خەۋىرى بار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىتنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرىنىڭ تويى بولىدىغان بوپتۇ. ئىت تويغا بىر ئۆتۈك كىيمەكچى بولۇپ مۇشۇككە:

— ئاغىنە، ماڭا تازا كېلىشتۈرۈپ بىر ئۆتۈك تىكىپ

بەرسەڭ، دوستۇمنىڭ تويىغا كىيىپ بارسام، — دەپتۇ. مۇشۇك ماقۇل بوپتۇ. لېكىن، مۇشۇكنىڭ ئىشى بەك بېسىق بولغانلىقتىن ئىتنىڭ ئۆتۈكىنى تىكىشكە ھېچ چولىسى تەگمەپتۇ. ئىت ئۆتۈكنىڭ پۈتمەيۋاتقانلىقىدىن مۇشۇككە تازا خاپا بوپتۇ. كېيىنچە ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ ئايرىلىپ كېتىپتۇيۇ، لېكىن ئىت ئۆتۈكىنىڭ پۈتكەن - پۈتمىگەنلىكىنى سوراپ تۇرىدىكەن. مۇشۇك بولسا قەستەن باھانە كۆرسىتىپ، بىر كۈن يىپ ئېگىردىم دېسە، يەنە بىر كۈن رەخت ئالدىم دەپ، بىر كۈن سۇ پۈركۈۋاتىمەن دېسە، يەنە بىر كۈن باشقىچە سەۋەب كۆرسىتىپ، ئۆتۈكنى تىكىپ بەرمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىتمۇ ئۆتۈكنى تويغا كىيەلمەپتۇ. ھەتتا، ھازىرغىچە ئىت مۇشۇكنى كۆرسە «ئۆتۈكنى قاچان تىكىپ بېرىسەن؟» دەپ توسۇۋېلىدىكەن، مۇشۇك بولسا «مانا ئەمدى چەمىگە سۇ پۈركۈۋاتىمەن» دەپ قورققىنىدىن تۈكلىرىنى دىڭگايتىپ «پىخ - پىخ» قىلىپ قويىدىكەن. ئىتنىڭ بولسا مۇشۇكنى چايناپ يەۋەتكۈسى كېلىدىكەن.



# مۈشۈكنىڭ دۈمبىسى نېمىشقا يەرگە تەگمەيدۇ

ئىلگىرىكى زاماندا، ئۇلۇغلارنىڭ دەۋرىدە ئادەم كۆپىيىپ كېتىپ پۈتۈن جاھان ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئاللادىن داۋۇت پەيغەمبەرگە ۋەھىي كېلىپ:

— ئەي داۋۇت، مەن ئۆز قۇدرىتىم بىلەن پۈتۈن جاھاننى سۇغا تولدۇرىمەن، جاھاندىكى پۈتۈن ئادەملەرنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىمەن، سەن دەرھال بىر ئۆردەك سىياقىدا كېمە ياساپ كېمىگە چىق ! — دەپتۇ.

داۋۇت پەيغەمبەر كېمىنى ياساپ مۈشۈكى بىلەن كېمىگە چىقىپتۇ. پۈتۈن جاھاننى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. داۋۇت پەيغەمبەر كېمە بىلەن سۇ ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى كېمىگە سۇ كىرىۋاتقۇدەك، قارىسا، كېمىنى يەملىگەن تاختاي ئارىسىدىن بىر چاشقان تۆشۈك ئاچقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت پەيغەمبەر چاشقاننى تۇتماقچى بوپتۇيۇ، زادىلا تۇتالماپتۇ.

ئاخىر مۈشۈكنى جورۇغانىكەن، مۈشۈك دەرھال چاشقاننى تۇتۇپ، داۋۇت پەيغەمبەرنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. داۋۇت پەيغەمبەر بۇنداق جىددىي پەيتتە خەۋپ - خەتەردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان مۈشۈككە قاراپ:

— ھەي خۇدانىڭ جانىۋىرى، بۇنىڭدىن كېيىن دۈمبەڭ يەرگە تەگمىسۇن. يېيىشىڭ تەييار تاماق، يېتىشىڭ ئىسسىق

جاي بولسۇن ! — دەپ دۇئا قىلغانىكەن. ئاللاتائالا داۋۇت
پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
مۇشۇكنىڭ دۇمبىسى يەرگە تەگمەيدىغان، تەييار تاماقنى يەپ،
ئىسسىق كاڭدا بەھۇزۇر ئۇخلاپ ياشايدىغان بوپتۇ.



# مۈشۈك ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە قانداق ماكانلىشىپ قالغان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا مۈشۈك بۈگۈنكىدەك جۈغى كىچىك بولماستىن، خېلىلا چوڭ ياۋايى ھايۋان ئىكەن. مۈشۈكنىڭ يولۋاس، شىر، يىلپىز، تۈلكە قاتارلىق باللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلى بىر - بىرىدىن يامان ئىكەن، ئانىسىنى بوزەك قىلىپ خارلايدىكەن. مۈشۈك باللىرىغا نۇرغۇن نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، باللىرى ئاڭلاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئەدەپ كېتىپتۇ. دەرد - ئەلەمگە چىدىمىغان مۈشۈك باللىرىنى تاشلاپ مېڭىپتۇ، شۇ ماڭغانچە ئۇزۇن يول بېسىپتۇ، ئاخىر ھېرىپ - چارچاپ، ئورۇقلاپ، ئادەملەر ماكانلاشقان جايغا يېتىپ كەپتۇ. ئادەملەر مۈشۈكنى كۆرۈپ قوغلىماپتۇ. بىچارە مۈشۈك ئادەملەرگە ئەركىلەپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپتۇ. بىر ئادەم ئۇنى ئەكېتىپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە چاشقانلار تولىمۇ كۆپ بولۇپ، ھەممە نېمىنى غاجىلاپ ئۇنى بىزار قىلىدىكەن. مۈشۈك ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي چاشقانلارغا ئېتىلىپتۇ - دە، بەش - ئالتىسىنى تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. چاشقانلارغا تاقابىل كېلەلمەيۋاتقان ئادەملەر مۈشۈكنى ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مۈشۈكنىڭ تۇغۇلغان باللىرىمۇ ئاۋۋالقى ئاكا - ئاچىلىرىدەك خۇي - پەيلى يامان بولماستىن، جۈغى كىچىك، مۇلايىم بولۇپ ياشاپ كەپتۇ.

# مۈشۈك نېمىشقا يۈزىنى يۇيىدۇ

قەدىم زاماندا، مەلۇم بىر ماكاندا ئۆي ئىگىسىگە ئوبدان خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مۈشۈك بار ئىكەن. بىر كۈنى ئايال خوجايىن بىر ئايلىق بولغان بالىسىنى بۆشۈكتە ئۇخلىتىپ قويۇپ بازارغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا يوغان بىر چاشقان بۆشۈك ئۈستىگە چىقىپ بوۋاقنىڭ قۇلىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ - دە، بەدەر قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مۈشۈك دەرھال چاشقاننى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن قايتىپ كېلىپ بوۋاقنىڭ يۈزىدىكى قاننى پاكىز يالىۋېتىپ، بىر چەتكە بېرىپ مۆگدەپ يېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايال خوجايىن بازاردىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بوۋاقنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇچۇق بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە مۈشۈكنىڭ ئاغزى قان يۇقى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، قولىغا كالتەكنى ئېلىپ:

— ھۇ بېشىڭنى يېگۈر ئوغرى مۈشۈك ! — دېگىنىچە، مۈشۈكنى ئۇرۇپ پۇتىنى چېقىۋېتىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئەر خوجايىن كەپتۇ. ئۇ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يوغان بىر ئۆلۈك چاشقاننىڭ ياتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدا بوۋاقنىڭ قۇلىقىنىڭ بىر پارچىسى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، خوتۇنىغا:

— خاتا قىپسەن، خوتۇن. ئەھۋالنى ئۇقماي، مۈشۈككە

بىكاردىن ئازار بېرىپسەن ! — دەپتۇ. ئايالى راستتىنلا ئۆزد-
نىڭ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ پۇشايمان قىپتۇ ۋە:

— جېنىم مۈشۈكۈم، ساڭا ناھەق ئازار بېرىپتىمەن، —
دەپ مۈشۈكتىن ئەپۇ سوراپتۇ، ئەمما مۈشۈكنىڭ توكۇر بولۇپ
قالغان پۇتى ئورنىغا كەلمەپتۇ. بۇ ئىشتىن مۈشۈك ھەرقانداق
نەرسىنى يېگەندە، يالىغاندا، دەرھال يۈزنى يۇيۇۋېتىش لازىم
ئىكەن، بولمىسا ئۇقۇشماسلىقتىن مۈشۈنداق بالاغا قالىدى-
كەن، دېگەن ساۋاققا ئىگە بوپتۇ. مۈشۈك بالىسىدىن بالىسىغا
ئېغىز - بۇرۇننى دائىم يۇيۇپ تۇرۇش ھەققىدە نەسىھەت
قىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى مۈشۈكلەر بىرنەرسىنى يېگەندىن
كېيىنلا دەرھال ئېغىز - بۇرۇننى يۇيۇشنى ئۆزىگە ئادەت
قىلىۋاپتۇدەك.



# داۋغان قانداق پەيدا بولغان

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا بىر قازى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ شۇنچە كەڭرى زېمىنى، ئېسىل ساراي - ئۆيلىرى، نەچچە ئون چارەكلىك تېرىلغۇ يېرى، شېرىن - شەربەت مېۋە بېرىدىغان باغلىرى بولسىمۇ، بۇنىڭغا شۈكۈر - قانائەت قىلمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى كەمبەغەل بىر دېھقان قوشنىسىنىڭ يېرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ. دېھقان قازىدىن يەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قازى:

— مەن سېنىڭ يېرىڭنى ئېلىۋالمىدىم، بۇ ئەزەلدىن مېنىڭ يېرىم. سېنىڭ نەدە يېرىڭ بولسۇن؟ — دەپ يەرنى قايتۇرۇپ بەرمەپتۇ. دېھقان ئۆزىنىڭ ۋە خوتۇن - بالىلىرىنىڭ كۈنى مۇشۇ يەرگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قايتا - قايتا يالۋۇرغان بولسىمۇ، قازى يەنىلا كۆنمەپتۇ. قازى بىر ھىيلە ئىشلىتىپ دېھقاننى بابلىمىسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— ئەمىسە، شەرىئەت قائىدىسى بويىچە ئەتە بامدات نامىزىدىن كېيىن جامائەتنى، يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ، يەرنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى يەرنىڭ ئۆزىدىن سورايمىز. يەردىن ئاۋاز چىقىدۇ. يەردىن قانداق جاۋاب كەلسە، بۇنىڭغا جامائەت گۇۋاھ بولىدۇ، يۇرت چوڭلىرى شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، —

دەپتۇ. دېھقان قازىنىڭ شەرتىگە ئامالسىز قوشۇلۇپتۇ.

كېچىسى قازى خىزمەتكارلىرىغا دېھقاندىن تارتىۋالغان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كىچىك بالا پاتقۇدەك ئورەك كولىتىپتۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ بەش ياشلىق ئوغلىغا «يەر كىمنىڭ؟» دەپ سورىسا، «يەر قازىنىڭ» دەپ توۋلاشنى ئۆگىتىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئوغلىنى ھېلىقى ئورەككە سېلىپ، ئورەكنىڭ ئاغزىنى ناھايىتى نېپىز شال بىلەن يېپىپ، ئۈستىگە توپا يېيىتىپ قويغاندىن كېيىن مەسچىتكە چىقىپ كېتىپتۇ. نامازدىن يېنىپ جامائەتنى ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنى دېھقاننىڭ يېرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىپتۇ. دېھقانمۇ يېتىپ كەپتۇ. قازى جامائەتكە ئۆزىنىڭ دېھقان بىلەن يەر تالىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، دېھقاننى ھاقارەتلەپ:

— بۇ مۇتتەھەم، قارا نىيەت مېنىڭ ئاتا مىراس يېرىمنى ئېلىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ، تەپ تارتماستىن بۇ مېنىڭ يېرىم دەۋاتىدۇ. قېنى، جامائەت، سىلەر ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، يەرنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى يەرنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقايلى، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يەرگە زۇۋان كىرىپ سوئالىمىزغا ئادىل بىر جاۋاب بېرىپ باقسۇن، — دەپتۇ، ئاندىن ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە، — يەر كىمنىڭ؟ — دەپ توۋلاپتۇ.

شۇ چاغدا يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن:

— يەر قازىنىڭ! — دەپ ناھايىتى تۆۋەن زىل ئاۋاز چىقىپتۇ. قازى بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، جامائەتكە قاراپ:

— ھەممىڭلار يەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلار، يەر ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ. مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم. يەنە ئىككى قېتىم سوراپ باقاي، شۇنىڭدىن كېيىن جامائەت بىرنېمە دېسۇن، — دەپ، ئىككى قېتىم «يەر كىمنىڭ؟» دەپ توۋلاپتۇ، يەردىن ئوخشاشلا ھېلىقىدەك ئاۋاز چىقىپتۇ. يۇرت

ئاقساقاللىرى يەرنى قازىغا بۇيرۇپ قايتىپتۇ. ھېلىقى دېھقان ئېغىر دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە خۇداغا داد ـ پەرياد قىلىپ، يىغلىغان پېتى ئۆيىگە كېتىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغاندا، قازى ھېلىقى ئورەكنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، قاپقارا بىر جانىۋار ئورەكتىن يەر يۈزىگە ئۆمىلەپ چىقىپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قازى ئۆز ئوغلىنىڭ ھايۋانغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن كۆڭلىدە قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، ھېلىقى ھايۋان كەتكەن تەرەپكە قاردىغانچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. قازىنىڭ خىزمەتكارلىرى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— بۇ نېمىدۇ؟ بىز كۆرۈپ باقمىغان بىر ھايۋان بۇ ئورەكتىن چىقىۋاتىدىغۇ؟ — دېيىشىپتۇ. قازى ئۆز ھەسرىتىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ:

— بۇ داۋغان[1] دېگەن جانىۋار، ئۇ داۋاملىق تاغدا ياشايدۇ. بەزىدە تاغدىن چۈشۈپ، يەرلەرنى كولاپ، مۆكۈنۈپ يۈردۇ، — دەپلا ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

قازى شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغلىنىڭ دەردىدە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، نادامەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. دېھقان ئۆزىنىڭ يېرىنى قازىغا تارتتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، خۇدانىڭ قۇدرەت ـ كامالىتىدىن كۈندىلىك رىزقى كەم بولماپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، ئىشچانلىقىدىن ھالال ئەمگەك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ، خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، داۋغان دېگەن جانىۋار يەر يۈزىدە پەيدا بولغانىكەن.

---

[1] داۋغان — سۇغۇر دېمەك ئاتىلىدۇ.

# كالا بىلەن ئادەم

## 1

ئالەم بىنا بولۇپ، ئىنسانلار ئاپىرىدە بولغان ۋاقىتتا كالا ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلار بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى ئەلچىسى ھەم خەۋەرچىسى ئىكەن.

بىر كۈنى ئاللاتائالا كالىنى چاقىرىپ:

— سەن زېمىنغا چۈشۈپ ئىنسانلارغا ئېيت، ئىنسانلار كۈنىگە ئۈچ ۋاخ يۇزىنى يۇيسۇن، بىر ۋاخ تاماق يېسۇن، — دەپتۇ. كالا زېمىنغا چۈشۈپ ئىنسانلارغا:

— مەن سىلەرگە ئاللانىڭ پەرمانىنى ئەكەلدىم، ئاللاتائالا سىلەرنى كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق يېسۇن، بىر ۋاخ يۇزىنى يۇيسۇن دېدى، — دەپتۇ. ئىنسانلار:

— بىز ئاللاغا پەرمانبەردارمىز، دېگىنىنى قىلىمىز ! — دېيىشىپتۇ.

كالا ئەرشكە چىقىپ ئاللاغا پەرمانىنى يەتكۈزگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. ئاللا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، كۆرۈپ تۇرغۇچى بولغاچقا، كالىنىڭ پەرمانىنى خاتا يەتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كالىدىن قەستەن سوراپتۇ:

— قانداق يەتكۈزدۇڭ؟

— ئۆزلىرى دېگەندەك ئىنسانلارنى كۈنىگە ئۈچ ۋاخ يۇ-زۇڭلارنى يۇيۇڭلار، بىر ۋاخ تاماق يەڭلار دېدىم ، — دەپتۇ.

— ئىست، سەن مېنىڭ پەرمانىمنى خاتا يەتكۈزۈپ، ئە-زىز بەندىلىرىمگە ئۇۋال قىلدىڭ. بەندىلىرىم كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئەمگەك قىلىشى كېرەك، لېكىن ئۇ ئەمگەكنى بەندىلىرىم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قىلىپ بولالمايدۇ، ئۇلارغا ياردەمچى بولمىسا بولمايدۇ. سەن ئەرشتىن زېمىنغا چۈشۈپ بەندىلىرىمگە ياردەمچى بول ! — دەپ، ئاللا كالىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپتۇ. كالا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىن-سانلارغا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەشكە باشلاپتۇ. مۇنداق ياخشى بىر ياردەمچىگە ئېرىشكەن ئىنسانلار كالىنى قوشقىمۇ قېتىپ-تۇ، سۆرەمگىمۇ سايتۇ، هارۋىغىمۇ قېتىپتۇ، جوۋازغىمۇ قې-تىپتۇ. ئىشقىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كالىنى ياردەملەشتۈرۈپتۇ. كالا مۇنداق ئېغىر ئىشلارنى قىلىۋەرگەنلىكتىن، بويۇنلىرى قىزىرىپ ئىششىپ، يېغىر بولۇپ، ئەسلا چىدىيالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالاغا نالە قىلىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئاللاتائالا بوينۇڭغا ئورنۇال دەپ بىر لۆڭگىنى تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇ لۆڭگە كالى-نىڭ بويىنىغا يېپىلىپ ئىككى ئۇچى ۋە چۈچىلىرى پەسكە ساڭ-گىلاپ چۈشۈپتۇ. كالىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان بويۇن تېرىسى ئاللاتائالا تاشلاپ بەرگەن ئەنە شۇ لۆڭگىنىڭ ئۇچى ئىمىش.

## 2

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئادەم بىلەن كالا ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. ئۇلار بىر پارچە يەرگە بۇغداي تېرىپتۇ. كۈزلۈكى بۇغداينى يىغىپ، تېپىپ، سورۇپ،

چەشلەپ، بۇغدىيىنى بۇغداي، سامىنىنى سامان قىلىپ ئايرىپتۇ ــ دە، ئۆزئارا بۆلۈشمەكچى بوپتۇ. دېھقان كالىغا قاراپ:

ــ قېنى، دوستۇم، بۇغداينى بىر يەرگە، سامىنىنى بىر يەرگە دۆۋىلىدۇق. قايسىسىغا تۇرىسەن؟ ئالدى بىلەن سەن تاللا، سەندىن ئاشقىنىنى مەن ئالاي، ــ دەپتۇ.

كالا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قارىسا، بۇغداي كىچىككىنە تۇرغۇدەك، سامان بولسا ئاسمان ــ پەلەك تۇرغۇدەك. كالا ئۆزۈمۇ چوڭ، قورسىقىمۇ يوغان بولغاندىكىن سامانىنى ئالاي، دەپ سامانغا تۇرۇپتۇ. دېھقان بۇغداينى ئاپتۇ ۋە ئۇنى تۈگمەندە تارتىپ، ئۇن قىلىپ مەززىلىك غىزالارنى ئېتىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. كالا بولسا كېچە ــ كۈندۈز ساماندىن ئىبارەت بىر خىللا نەرسىنى يەيدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كالا ھەر قېتىم سامان كەلسە، ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىگە پۇشايمان قىلىپ پۇشۇلدايدىكەن.



# كالىنىڭ سېسىق سۈيچىشى

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى يىراق بىر ماكاندا سۈيى سۈ-
زۈك، ئوت - چۆپى مول، كەڭرى بىر گۈزەل يايلاق بولۇپ،
ھايۋانلار بۇ جايدا تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

گۈزەل ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ھايۋانلار ئۆزئارا مەس-
لىھەتلىشىپ، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئىق-
تىدارلىرىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپتۇ ھەم يايلاقنى بەش
قولدەك پىششىق بىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەزەلدىن خا-
لىس مىرابلىق قىلىپ كېلىۋاتقان سۇغۇرنى يۈگۈرۈش مۇسا-
بىقىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا
بەلگىلەپتۇ.

سەھەر قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ مۇسابىقە
باشلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ يۈگۈرۈكلۈكى ۋە كۈچتۈڭگۈرلۈكى بى-
لەن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان كالا مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزى-
نى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ ۋە ئالدىدىكىلەرنى مۈڭ-
گۈزى بىلەن ئىلىپ يىقىتىپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئال-
دىغا ئۆتۈۋالغان كالا باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن خېلى ئارقىدا قال-
غانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، قۇيرۇقىنى خادا
قىلىپ ھۆركىرەپ، يەرنى تىلغاپ، ئارقىدا كېلىۋاتقانلارغا توپا
سورۇپ يۈگۈرۈپ، كۈن چۈش بولغاندا ئاخىرقى نۇقتىغا بى-

رىنچى بولۇپ يېتىپتۇ ۋە سۇغۇر مىرابنى مەنسىتمىگەن هالدا ھۆركىرەپ تۇرۇپ: «ھەي سۇغۇر سېسىق، سۇ قەيەردە؟» دەپتۇ. كالىنىڭ سۆزىنى «ھەي سۇغۇر، سېسىق سۇ قەيەردە؟» دەپ ئاڭلاپ قالغان سۇغۇر كالىنى بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ياغقان يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان بىر كۆلچەككە باشلاپتۇ، كۆلچەكتىكى سۇ سېسىپ كەتكەنىكەن. يېرىم كۈن يۈگۈرۈپ ئۇسساپ كەتكەن كالا تۇمشۇقىنى بىر پاتۇرغىنىچە ئاچ بىقىنلىرى كېرىلگۈدەك ئىچىپتۇ. كالىنىڭ كەينىدىن ئىككىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەن ئات ئۆزىنىڭ مۇلايىم، كىچىك پېئىل تەبىئىتى بويىچە «ھەي سۇغۇر تاتلىق، سۇ قەيەردە؟» دەپ سوراپتۇ. ئاتنىڭ سۆزىنى «ھەي سۇغۇر، تاتلىق سۇ قەيەردە؟» دەپ ئاڭلىغان سۇغۇر ئاتنى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىگە باشلاپ بېرىپ، خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاتنىڭ سۇنىڭ سۈزۈكىنى تاللاپ ئىچىدىغان ئادىتى شۇنىڭدىن قالغانىكەن. كالا بولسا سېسىق سۇ بولسىمۇ ئىچىۋېرىدىغان ئادەتنى «دوست» تۇتقانلىقتىن، ئۆپكىسى، نەپەس يوللىرى ۋە تۇمشۇقى شۇنىڭدىن باشلاپ سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

# كالا بىلەن غاز

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى خىلۋەت بىر يايلاقتا نۇرغۇن ھايۋانلار ياشايدىكەن. بۇ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا كۆزى ھازىرقى غازنىڭ كۆزىدەك كىچىك، ئەمما تېنى ناھايىتى يوغان كالا دېگەن بىر ھايۋان ياشايدىكەن. ئۇنىڭ كۆزى بەكلا كىچىك بولغاچقا، ئۇ ھەرقانداق ھايۋاندىن قورقمايدىكەن.

كالا مەيلى قانداق چاغدا بولسۇن، يايلاقتا خالىغانچە كې-لىپ بەھۇزۇر ئوتلاپ كېتىدىكەن، بەزىدە يايلاقتىكى بارلىق ھايۋانلارنى قوغلىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز ئوتلايدىكەن. يايلاقتا يەنە غاز دېگەن بىر قۇش بار ئىكەن. ئۇ غازلار ھازىرقى غازلارغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى ھازىرقى كالىنىڭ كۆزىدەك يوغان بولۇپ، يايلاقتىكى بارلىق ھايۋانلار ئۇنىڭ كۆزىگە يوغان كۆرۈنۈپ، ئادەتتىكى كىچىك ھايۋانلاردىنمۇ قورقۇپ يۈرىدى-كەن. ئەگەر ئالدىغا كالا ئۇچراپ قالسا كۆزىگە غايەت زور كۆرۈنىدىكەن. كالىغا غاز بەكمۇ كىچىك كۆرۈنۈپ كېتىپ ئۇ-نى پەقەت كۆزگە ئىلمايدىكەن، شۇڭا غازلار كالىدىن ئاجايىپ قورقىدىكەن.

غازلار مانا شۇ سەۋەبتىن خۇدادىن كېچە - كۈندۈز بۇ كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئارامخۇدا ئوتلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشنى تىلەيدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، بىر كۈنى

غازنىڭ تەلىپى ئەجابەت بولۇپ، غازنىڭ كۆزى بىلەن كالىنىڭ كۆزى ئالماشتۇرۇلۇپ قويۇلۇپتۇ. غازنىڭ كۆزى ئەمدى كىچىك بولغانلىقتىن، يايلاقتا هايۋانلار ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىك كۆرۈنىدىغان، هېچنېمىدىن قورقمايدىغان بوپتۇ. كالىنىڭ كۆزى بولسا چوڭ بولۇپ قالغاچقا، كۆزىگە ھەرقانداق هايۋان بەكلا يوغان، ھەتتا غازمۇ يوغان كۆرۈنۈپ كېتىپ، غازدىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن غازلار ئەركىن ـ ئازادە ئوتلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا، غاز گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئاسانلىقچە بىرەر نەرسىدىن قورقمايدىكەن.



# ئات نېمشقا ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدۇ

بۇرۇنقى زاماندا تۈلكە بىلەن بۆرە يېقىن دوستلاردىن ئىكەن، ئەمما بۆرە تۈلكىنىڭ بالىلىرىنى يەپ كېتىدىكەن. شۇڭا، تۈلكە بۆرىدىن ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن چارە ئىزدەپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بۆرىگە:

— گۆش يېگۈڭ كەلدىمۇ؟ — دەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ تۇرغان بۆرىگە بۇ گەپ راسا يېقىپتۇ ۋە ئالدىراپ:

— قېنى گۆش؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكە:

— ئەنە ئاۋۇ تاغنىڭ يېنىدا ياتقان ئاتنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئۆزۈڭنىڭ قۇيرۇقىنى چېتىپ قويۇپ يېگىن، — دەپتۇ.

بۆرە خۇشاللىقىدا ئاتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ - دە، ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى باغلاپتۇ. شۇ چاغدا ئات چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۆرىنى سۆرەپ ئۇچقاندەك قېچىپتۇ. بۆرە تاشلارغا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئات ئۇخلىغاندا ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان بوپتۇ.

# ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقى نېمىشقا دىڭگىيىپ تۇرىدۇ

ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقى ئەسلىدە قوينىڭ قۇيرۇقىدەك يەرگە قاراپ تۇرىدىكەن. نۇھ ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىگە توپان بالاسى كېلىشتىن بۇرۇن، ئۆزى ياسىغان كېمىگە جاھاندىكى ھەربىر ھايۋاندىن بىر جۈپتىن سېلىش نىيىتىدە ئۆچكىنى كېمىگە ھەيدىگەنىكەن، ئۆچكە كېمىگە چىققىلى ئۇنىماپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ تارتىپ كېمىگە ساپتۇ. شۇ ۋەجدىن ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقى دىڭگىيىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

# تۆگىنىڭ بوينى نېمىشقا ئەگرى

راۋىلار مۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇلەركى، ئەنبىيالاردىن بىرى ئۈچ ۋاخلىق تامىقىنى مېھمانسىز يېمەيدىكەن. ئۇ غىزالىنىدىغان ۋاقىتتا ئەگەر بىرەر مېھمان بولماي قالسا، ئىشىكى ئالدىغا چىقىدىكەن ـ دە، كىم ئۇچرىسا شۇنى تەكلىپ قىلىپ بىللە غىزالىنىدىكەن. بىر كۈنى ناشتىدا مېھمان يوق بولۇپ قاپتۇ، ئەنبىيانىڭ گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمەپتۇ. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ بىرەر ئادەمنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم كەلمەپتۇ. پېشىن ئۆتۈپ دىگەر ۋاقتى بوپتۇ. ئۇ نامازدىگەرنى ئوقۇپ بولۇپ قاراپ تۇرسا، يىراقتىن تۆگىگە مىنگەن بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئاخىر ئۇ ئادەم ئەنبىياغا يېقىن كەپتۇ. ئەنبىيا ئۇنى توختىتىپ، ئۆزى بىلەن بىللە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىپ، ھويلىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئەمما، كەلگۈچىنىڭ جوھۇت ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:

— يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ، ساقال - بۇرۇتۇڭنى ماڭا ئوخشاش ياسىتىپ، ئىمان ئېيتىپ، مېنىڭ دىنىمغا بەيئەت قىلىسەن ! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جوھۇت:

— مېنىڭمۇ ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىم بار. سەن مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ — دەپتۇ ـ دە،

نارازى بولۇپ، تۆگىسىگە مىنىپ كېتىپ قاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئاللانىڭ خەۋەرچى مالائىكى جەبرائىل كېلىپ ئەنبىياغا ئاللانىڭ: «ئى ئەنبىيا، سەن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئۆيگە كەلگەن مېھمان غەيرىي دىندا بولسىمۇ، ئۇنى ئادەمزات بولغىنى ئۈچۈن مېھمان قىلىشىڭ كېرەك، چۈنكى ئۇنىمۇ مەن ياراتقان. سەن ھازىر ھويلاڭدىن چىقىپ كەتكەن جوھۇتنى قايتۇرۇپ كېلىپ مېھمان قىل، ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، ئەنبىيالىقىڭنى ئالىمەن !» دېگەن ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئەنبىيا جوھۇتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، بىراق جوھۇت زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئەنبىيالارنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى، ئۇلار ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك يارىتىلغانىكەن. ئەسلىدە تۆگىنىڭ بوينى زىراپىنىڭ بوينىدەك ئۇزۇن ھەم تۈز ئىكەن. ئەنبىيا جوھۇتنى ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئەكېلىش ئۈچۈن، ئاخىر تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپتۇ، تۆگىنىڭ بوينى ئىچىگە چوڭقۇر ئېگىلىپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا تۆگە سىيىپ تاشلاپ سۈيدۈك ئەنبىياغا چاچراپتۇ. ئەنبىيا تۆگىنىڭ سۈيدۈك يولىنى كەينى تەرەپكە بۇراپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك كەينىگە چىقىپتۇ. جوھۇت بۇنى كۆرۈپ ئەنبىيادىن:

— سەن مېنى نە سەۋەبتىن مۇنچىۋالا زورلاپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەنبىيا:

— بۇ ئاللاتائالانىڭ ئەمرى. ئەگەر سېنى ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ ئاپىرىپ مېھمان قىلمىسام، ئەنبىيالىقىمدىن ئېلىپ تاشلىنىدىكەن، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جوھۇت بۇ ئىشتىن تەسىرلىنىپ ھەم ئەنبىيانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىللە غىزالىنىشقا ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تۆگىنىڭ بوينى ئىچىگە ئەگمەچ بولۇپ قالغانىكەن.

# يولۋاسنىڭ تېرىسى نېمشقا تاغىل

بۇرۇنقى زاماندا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مال - چارۋىلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئىخلاسمەن مۆمىن بەندىلەردىن بىرقانچىنى ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرغۇزۇپ مال - چارۋىلىرىغا قارىتىدىكەن. ئۇلار بىرقانچە كۈندىن نۆۋەتلىشىپ ماللارنى ئوت - چۆپ، سۇلىرى مول بولغان جايلارغا ئاپىرىپ باقىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرى مۇڭلۇق نەينى ياڭرىتىپ مال باققىلى چىقىپتۇ. نەي ئاۋازى تاغلاردا ئەكس سادا ياڭرىتىپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بىر يولۋاس دەرھال مالچىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سەن نەي چېلىپ بىزنىڭ خاتىرجەملىكىمىزنى بۇزدۇڭ. كارامىتىڭ بولسا كەل، بىز كۈچ سىنىشىپ كۆرەيلى. ئەگەر سەن مېنى يەڭسەڭ، نېمە قىلساڭ مەيلى، ئەگەر مەن سېنى يەڭسەم، بۇ ئۆتكۈر چىشلىرىم ھەرگىز سېنى كەچۈرمەيدۇ، — دەپتۇ ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تەييارلىقسىز تۇرغان مالچىنى يەپ كېتىپتۇ. ئەتىسى يەنە بىر مالچى چىقىپتۇ، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش بوپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مۇسا ئەلەيھىسسالام مالچى قىياپىتىدە

ياسىنىپ مال باققىلى چىقىپتۇ. ۋەھشىي يولۋاس نەپسىنى تويدۇرۇش ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي ئىنسان، كەل، بىز كۈچ سىنىشىپ كۆرەيلى. ئەگەر سەن يەڭسەڭ، مېنى نېمە قىلساڭ مەيلى، ئەگەر مەن يەڭسەم، سېنى بىر ۋاخ ئوزۇق قىلىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇسا ئەلەيھىسسالام:

— سىنىشىپ كۆرسەكمۇ كۆرەيلى، بىراق مەن كۈچۈمنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپتۇ. يولۋاس ئىچىدە، ئالدىنقى كۈندىكى مالچىنى ھېچ كۈچ سەرپ قىلمايلا يەم قىلىۋەتتىم، بۇمۇ ئوخشاشلا مېنىڭ بىر ۋاخ ئوزۇقۇمغا ئايلىنىدۇ، دەپ ئويلاپ، مەردلەرچە:

— بوپتۇ، مەشەدە ساقلاپ تۇراي، سەن بېرىپ كۈچۈڭنى ئەكەل! — دەپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەقىل ئىشلىتىپ:

— ئەگەر مەن ئۆيگە بېرىپ كۈچۈمنى ئەكەلگۈچە قېچىپ كەتسەڭ، قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ. يولۋاس:

— سەن ماڭا ئىشەنمىسەڭ، پۇت - قولۇمنى چۈشەپ قو - يۇپ كەتكىن، كىمنىڭ قابىل ئىكەنلىكىنى سىناشقاندا بىلىپ قالارسەن، — دەپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەپچىللىك بىلەن بىلىكىدىكى ئارغامچىنى ئېلىپ يولۋاسنى مەھكەم چۈشەپ، يۇلغۇن كالتەكلىرى بىلەن تازا ساۋاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ كۈچۈم مۇشۇ، كىمنىڭ قابىل ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىپ قالغانسەن، — دەپتۇ ۋە يولۋاسنى تېرىلىرى قىيما - چىي - ما بولغۇچە ساۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يولۋاس تېرىسى مۇسا ئە - لەيھىسسالامنىڭ تاياق زەربىسى بىلەن تاغىل بولۇپ قالغانىكەن.

# بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل

خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا ئۆز ئۇممەتلىرىنىڭ قۇلىقىغا نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىتىش ئۈچۈن جەننەتكە كىرگەن بىر ساداقەتمەن ناخشىچىنى قۇش سۈرىتىدە ئالەمگە قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەننەتتىن چىققان خۇش پۇراقلىق بىر گۈلنى ئۇنىڭ ئاشىقى قىلىپ قوشۇپ بېرىپتۇ. قۇشنىڭ نامى «بۇلبۇل» بولۇپ، گۈلنىڭ نامى «قىزىلگۈل» ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇلبۇل ئاشىقى قىزىلگۈل ئىشقىدا كېچە ـ كۈندۈز مۇڭلۇق سايراپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن، بىراق سەھەر ۋاقتىغا كەلگەندە بۇلبۇل بىھوش بولۇپ ئۇخلاپ قالىدىكەن. بۇلبۇل ئويقۇسىدىن ئويغانغۇچە، قىزىلگۈل ئېچىلىپ ئالەمگە خۇش پۇراق چېچىپ بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇلبۇلغا قىزىلگۈلنىڭ ئېچىلغان پەيتىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغاچقا، جۇدالىق زارى ئۇنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە تىنماي سايرىتىپ كەپتۇ. كىشىلەر شۇ سەۋەبتىن «بۇلبۇل ـــ جەننەت قۇشى، قىزىلگۈل دېگەن بېھىشتىن چىققان» دېيىشىپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلايدىكەن.

# توغراق بىلەن قاغا نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ھەزرىتى ئىسكەندەر پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا «دۇنيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە بىر زۇلمەت بار ئىمىش. زۇلمەتكە كىرىپ ـ چىققانلار ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان ئىچىدە قالۇر ئىمىش» دېگەن بىر گەپ يېتىپتۇ. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ زۇلمەتنى كۆرگۈسى، «پۇشايمان»نىڭ بار يېرىنى بىلگۈسى كەپتۇ ـ دە، زۇلمەتنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ بىر جايغا بارغاندا ھەسرەتكە چۆمۈپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە يولۇقۇپتۇ. ئىسكەندەر ئۇ كىشىدىن ھەسرەت چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن بۇ دۇنيادا بىر زۇلمەت بارلىقىغا ئىشىنىپ ئاخىر زۇلمەتنى تېپىپ كىردىم. ئۇنىڭ ئىچى شۇنداق قاراڭغۇ ئىكەنكى، بىر قەدەم نېرىدىكى جاينى ئەمەس، ئۆزى تۇرغان جايىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ مەن مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر چاغدا ئايىغىم سۇغا چىلانغاندەك بولدى. شۇ يەردە توختاپ سۇغا قول تىقتىم، سۇ تېيىز ئىكەن، قولۇمغا ئاجايىپ سىلىق تاشلار ئۇرۇندى. مەن قولۇمغا چىققان تاشلارنى ئېلىپ يورۇقتا كۆرۈش ئۈچۈن زۇلمەتتىن قايتىپ چىقتىم. قارىسام، ئۇ شۇنداق ئېسىل گۆھەر تاشلار ئىكەن، ئۇنداق تاشلارنى يەر يۈزىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئە-

مەس. مەن بۇ تاشلارنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىمدا يەنە بىر كىشى پەيدا بولدى. ئۇ كىشىمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىققانىكەن، ئەمما ھېچنېمە ئاچىقماپتۇ. ئۇ كىشى مەن ئاچىققان تاشلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالدى. ئىككىمىز دەرھال زۇلمەتكە قايتا كىرمەكچى بولدۇق، بىراق زۇلمەت غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. بىز خۇداغا نالە قىلىپ، زۇلمەتكە كىرىش ئۈچۈن يول بې-رىشنى تەلەپ قىلدۇق. شۇ پەيتتە غايىبتىن «ئەي ئىنسانلار، ئادەم ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىرىش بىر نۆۋەت نېسىپ بولىدۇ» دېگەن سادا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ھېچ نەرسە ئاچىقمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. مەن بولسام كۆپرەك ئا-چىقمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرىمەن.

ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يولىغا راۋان بوپ-تۇ. ئۇ بىر تاغقا يېتىپ بارغاندا قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپ-تۇ. ئىسكەندەر زۇلمەت مۇشۇ بولسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ئۆ-زى ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. ئېيتقاندەك، بۇ زۇلمەت ئىكەن. ئۇ بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن سۇغا دۇچ كەپتۇ. قولىنى سۇغا سالغانىكەن، ھېلىقى كىشى ئېيتقاندەك سىلىق تاشلار ئۇرۇ-نۇپتۇ. ئىسكەندەر، ماڭا دەپىنە دۇنيا كېرەك ئەمەس، مەن مۇشۇ سۇدىن ئىلىۋالاي، دەپ يېنىدىكى كوزىغا زۇلمەتنىڭ سۈيىنى تولدۇرۇپ ئاچىقىپتۇ. شۇ ھامان دەرەختىن: «ئەس-سالامۇئەلەيكۇم ئى شاھى ئىسكەندەر» دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. ئىسكەندەر: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ــ دە، دەرھال ئېتىنى ئۇ دەرەختىن يېشىپ باشقا دەرەخكە باغلاپ، ھېلىقى ئاۋاز چىققان دەرەخكە قايتا نەزەر سېپتۇ. بۇ دەرەخ-نىڭ ئاستىدا بىر كىشى ياتقانىكەن.

ــ سىز كىم بولىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئىسكەندەر ئۇ

كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

— ئەپۇ قىلىڭ، شاھىئالەم، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئىلاجسىزمەن. مەن دەرەخ ئادەم بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— بۇ قانداق گەپ، دەرەخ ئادەممۇ بولامدۇ؟ — دەپ قايتا سوئال قويۇپتۇ ئىسكەندەر. ئۇ كىشى:

— مەن ئەسلىدە ئادەم ئىدىم. زۇلمەتكە كىرىپ زۇلمەتنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ چىققانىدىم. ھازىر بۇ ۋەقەگە مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتتى. ئۆلمىدىم. كېيىن بىلسەم، زۇلمەتنىڭ سۈيى ئابىھايات دېگەن سۇ ئىكەن. ماڭا قاراڭ، بەدىنىمدىن دەرەخ ئۆسۈپ چىقتى، لېكىن تېنىمدىن جېنىم چىقمىدى. دەرەخ ئادەم بولۇپ قالدىم. ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسام، بۇنداق كۈنگە قالماس ئىدىم، — دەپتۇ، ئاندىن ئىسكەندەردىن، — سىزمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ ئىسكەندەر ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاچا سۇ ئاچىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسىڭىز، تۆكۈۋېتىڭ، ئىچسىڭىز، ماڭا ئوخشاش باقىي ئالەمگە سەپەر قىلالماي، مەڭگۈ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالىسىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر كوزىدىكى سۇنى نېرىراقتا تۇرغان بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋېتىپتۇ. دەرەخكە بىر قاغا قونۇپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ قاغا سۇ تۆكۈلگىنىنى كۆرگەن ھامان ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ سىڭىپ بولمىغان سۇنى ئىچىۋاپتۇ. ئىسكەندەر سۇ چاچقان دەرەخ توغراق ئىكەن. شۇڭا، توغراق بىلەن قاغا ئابىھايات سۈيىنى ئىچكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەر ئىمىش.

# كەپتەر بىلەن قاغا

ئىلگىرى پۈتۈن جاھاننى سۇ بېسىپ كېتىپ، پەقەت نۇھ ئەلەيھىسسالاملا كېمىسى بىلەن سۇنىڭ ئۈستىدە قاپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سۇ ئۈستىدە يۈرۈپ، ئاخىر بىرەر قۇرۇق يەر تېپىپ تىرىقچىلىق قىلماقچى بوپتۇ ۋە كەپتەر بىلەن قاغىنى تىرىقچىلىق قىلغۇدەك قۇرۇق يەر بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

ئاردىن ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇ يەر يۈزىگە سىڭىپ كېتىپتۇ. قاغا شۇ ئۇچقانچە بىرنەچچە كۈن ئۇچۇپلا بىر ئەخلەتلىككە چۈشۈپ شەخسىي تىرىكچىلىككە بېرىلىپ كېتىپتۇ. كەپتەر بولسا كېچە ـ كۈندۈز جاپا چېكىپ، جاھان-نى بىر چۆرگىلەپ چىقىپ، ئاخىر بىر سېرىق تۇپراقلىق يەرنى تېپىپ يەرگە چۈشۈپ كۆرۈپتۇ. كەپتەر يەرگە چۈشۈشى بىلەن ئىككى پۇتى سېرىق تۇپراققا پېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەر-دىن ئۇچۇپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆرگەنلىـ-رىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەپتەرنىڭ ئىككى پۇ-تى سېرىق بولۇپ قالغانىكەن. قاغا بولسا ئۆزىنىڭ غېمى بىـ-لەن قايتىپ كەلمەپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كەپتەرگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنىڭ زىيىـ-نى يەتمەسلىكى، قورسىقى توق تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن

دۇئا قىپتۇ، قاغىنى بولسا نىجاسەت چوقۇلاپ ياشىغايسەن، دەپ قارغاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كەپتەر ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىپ، خۇداغا زىكرى قىلىپ، تۇرمۇشىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. قاغا بولسا قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا تاغمۇتاغ يۈرۈپ، ئىنتايىن خارچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ . ئۇ ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، نىجاسەت چوقۇپ يۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ گۆشىنى ئىتمۇ يېمەيدىكەن.



# قاغا بىلەن بۈركۈت

بۇرۇنقى زاماندا بىر قىسىم قۇشلار بىر يەرگە يىغىلىپ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ، بەزمىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدە پاراڭلىشىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، كېلەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بەزمىدە ئۆزى ئىزدەنگەن ۋە يولۇققان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولۇشۇپتۇ. بۇ بەزمىگە قاغا ۋە بۈركۈتمۇ قاتناشقانىكەن.

بەزمىدىن كېيىن بۈركۈت ئاسمان قەرىدە ئۇچۇپ، يەر ـ زېمىننى كەڭ ـ كۇشادە ساياھەت قىلىپ يۈرۈپتۇ ۋە بىر كۈنى قاغا بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— سەن قۇشلار ئىچىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان قۇشنى ئۇقۇشتۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بۈركۈت قاغىدىن.

قاغا:

— نۇرغۇن قۇشلارنى كۆردۈم، ھەممىسى مېنىڭدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيدىكەن، — دەپتۇ.

— سەن قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىكەنسەن؟ — دەپتۇ بۈركۈت.

— يۈز يىل ئۆپچۆرىسىدە.

بۈركۈت بۇنى ئاڭلاپ يەنە باشقا قۇشلارنىڭ ئەھۋالىنى

ئۇقۇشماقچى بولۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بەزمىنىڭ ۋاقتى يې-قىنلىشىپتۇ. بۇركۇت بىر كۈنى سەيلە قىلىپ ئۇچۇپ يۈ-رۈپ، يىراقتا بىر توپ قۇشلارنى كۆرۈپتۇ. بۇركۇت ئۇچۇپ بېرىپ قارىسا، بىر توپ قاغىلار دالىغا تاشلىۋېتىلگەن ئېشەك تاپىغا ئولىشىۋېلىپ يەۋاتقۇدەك. بۇركۇت بۇنى كۆرۈپ قاتتىق سەسكىنىپتۇ - دە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قۇشلار بەزمىسى ئاخىر يېتىپ كېلىپ، قۇشلار ئۆزئارا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرلىرى ھەققىدە ئىزدەنگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ھې-لىقى قاغا ماختىنىپ تۇرۇپ:

— قۇشلار ئىچىدە مەندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغىنى يوقكەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بۇركۇت ھەممەيلەنگە ئاڭ-لىتىپ:

— قاغا راستىنلا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن، لېكىن ئۇ ئېشەك تاپىنى يەپ يۈز يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆ-رە ھالال نەرسىلەرنى يەپ بىر يىل ئۆمۈر كۆرگەن ئارتۇق ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ. ھەممە قۇشلار بۇركۇتنىڭ سۆزىنى ئال-قىشلاپتۇ. ماختانچاق قاغا بولسا يەرگە قارىغىنىچە ھېچ نەرسە دېيەلمەپتۇ. قاغىنىڭ بۇركۇتنى كۆرسە بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرۈشى شۇ سەۋەبتىن ئىمىش.

# قاغا نېمە ئۈچۈن قارا

بۇرۇن قاغا ھازىرقىدەك قارا ئەمەس، تولىمۇ گۈزەل بىر قۇش ئىكەن، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى رەڭگارەڭ پەيلەر قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەل ۋە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنىدىكەن.

بىر كۈنى تۇز، بۇلبۇل، شاتۇتى ۋە سېغىزغانلار قاغىنىڭ چىرايلىقلىقىغا مەستلىكى كېلىپ ئۇنى ماختاپتۇ:

— ئاداش، سېنىڭ پەيلىرىڭ بەك چىرايلىق جۇمۇ، ھەممە قۇشلار ساڭا زوقلىنىپ قارىشىدۇ.

قاغا بۇ گەپنى ئاڭلاپ گىدىيىپ تۇرۇپ:

— نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ پەيلىرىڭلار مۇنچىۋالا سەت ؟ نېرى تۇرۇڭلار، نېرى، مەن ئۈچىمەن، بولمىسا سىلەر مېنىڭ پەيلىرىمنى پاسكىنا قىلىۋېتىسىلەر، — دەپتۇ - دە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ مۇنداق ناخشا ئېيتىپتۇ: «قۇشلار گۈزەل، قۇشلار گۈزەل، ئورماندا يالغۇز مەنلا گۈزەل.»

بىر كۈنى ئورمانلىقتا لاۋۇلداپ گۈلخان يېنىپتۇ. قۇياش نۇرى ئوت ئۈستىگە چۈشۈپ قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل، سۆسۈن رەڭنى پەيدا قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاغا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا: «سەن قايسى قۇش؟ مەن بىلەن گۈزەللىك تالاشماقچى بولۇۋاتامسەن؟ !» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئوتتىن زۇۋان چىقماپتۇ. قاغا دەرغەزەپ بولۇپ ئوتقا قاراپ ئېتىلىپتۇ

ۋە بىراقلا گۈلخان ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوت تۇتىشىپ پەيلىرى كۆيۈپ كېتىپتۇ. قاغا بۇنىڭغا چىدىماي «قاق - قاق...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە بەدىنىدىكى ئوتنى ئۆچۈرمەك بولۇپ يەرگە دومىلاپتۇ. گۈزەل پەيلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەپ، قاپقارا بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قاغىنىڭ پەيلىرى قارا بولۇپ قالغانىكەن.



# لاچىن بىلەن ئادەمنىڭ كۆچ سىڭدۈرۈشى

دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدا لاچىن بارلىق جانىۋارلارنى خا-
لىغانچە ئوۋلىيالايدىكەن. ئۇ ھاۋادا بىرلا قانات قاقسا، پۈتۈن
جاھان زىلزىلىگە كېلىپ، بارلىق جانىۋارلار جان قايغۇسى
بىلەن ۋەھىمىدە قېلىشىدىكەن. ئۇ شۇنداق تېز ئۇچىدىكەنكى،
پەيلىرىنى يېيىشى بىلەنلا يەتتە قات ئاسمانغا چىقالايدىكەن.
ھەرىكىتى شۇنداق چاققانىكەنكى، بىر شۇڭغۇسا يەر يۈزىدىكى
ھەرقانداق جانىۋار ئۆزىنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدا كۆرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لاچىننىڭ تەكەببۇرلۇقى ئۇس-
تۈن كېلىپ، ئادەملەر بىلەن كۈچ سىنىشىش ھەۋىسى قوزغى-
لىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئېگىز بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇپ
ئولتۇرۇپ، ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يالغۇز ئۆينىڭ
ئالدىدا تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ ــ دە،
ھەيۋەت بىلەن ئۇچۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. بۇ ئادەم تۈگ-
مەنچى بولۇپ، تۈگمەن تېشىنىڭ يۈزىگە كىچىك ئېرىقچىلارنى
چىقىرىپ تۈگمەن تېشى ياساپ ئولتۇرغانىكەن. لاچىن تۈگ-
مەنچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ تۈگمەنچى لاچىننىڭ ھەي-
ۋىسىدىن ئۇنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، — مۇشۇ
تۈگمەن تېشى بىزنىڭ سىنىشىش نىشانىمىز بولسۇن.

لاچىن تۆگمەن تېشىنى كۆزگە ئىلماي، ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

— لاچىن، — دەپتۇ تۆگمەنچى ھېيلە ئىشلەتمەكچى بولۇپ، — دۇنيادا تېخىچە سېنىڭدەك باتۇرنى كۆرمىدىم. ھاۋادا شۇنداق پەرۋاز قىلساڭ، كۆكنىڭ باغرىنى نەچچە پارە قىلىۋېتەلەيسەن. يەر يۈزىدە سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولمايدىغان جانلىق يوق. سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭ ئالدىدا بۇ تۆگمەن تېشى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇڭا، كارامىتىڭنى بىر كۆرسىتىپ، مېنى ھەيران قالدۇرغىنا.

لاچىن بۇ ماختاشلاردىن تېنىگە سىغماي كېتىپتۇ ـ دە، گەپ ـ سۆزسىزلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ تۆۋەنگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلغىنىچە، ئوڭ قانىتى بىلەن شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، تۆگمەن تېشى قاق ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارە بولۇپ كېتىپتۇ، بىراق لاچىننىڭ ئوڭ قانىتى سۇنۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن تۆگمەنچى لاچىن ھوشىغا كەلگۈچە تۆگمەن تېشىنى بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ھىملەپ قويۇپتۇ. لاچىن ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن تۆگمەن تېشىنىڭ بۇرۇنقى پېتىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ھەي مۇتتەھەم ! — دەپتۇ تۆگمەنچى غەيرەتكە كېلىپ، — مەن سېنى باتۇر دەپ خېلى ھۆرمەت قىلاتتىم، ئەمەلىيەتتە قۇرۇق داۋراڭچى ئىكەنسەن. مۇشۇ ھالىڭغا مەن بىلەن كۈچ سىناشماقچىمۇ سەن؟ ! ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، قاراپ تۇر ! — دەپتۇ ۋە ئالدىرىماي بېرىپ تۆگمەن تېشىنىڭ ئىككى گىرۋىكىگە دەسسەپ تۇرۇپ سەكرىگەنىكەن، تاش بۇرۇنقى يېرىلغان يېرىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن لاچىن سۇنۇق قانىتىنى سۆرەپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان لاچىننىڭ ئوڭ قانىتى سۇنۇق بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئۇچار قۇشلارنى سول قانىتىدا سوقار ئىمىش.

# شەپەرەڭ نېمە ئۈچۈن كېچىسىلا سىرتقا چىقىدۇ

## 1

ئەسلىدە شەپەرەڭمۇ كېپىنەككە ئوخشاش كۈندۈزلىرى گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ، سەيلە قىلىپ ئوينايدىغان جانىۋار ئىكەن. ئۇ تولا ئويناپ ھالى قالماي بىر كۈنى كۈندۈزدە ئۇخلاپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ قالغاچقا، ئۈۋىسىغا قايتىشقا كۆزى يەتمەي كېچىدىن ياردەم سورىماقچى بوپتۇ. ئۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن:

— ئەي ئۇلۇغ كېچە، سىز كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە كۈندۈز ھۆكۈمرانلىق قىلىپ يۈرگەن. ئۇ سىزنى يوق قىلىدىمەن دەپ، ئېغىزىغا ئالغىلى بولمايدىغان تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا: «ئەي كۈندۈز، سەن كېچىنى ئۇنداق تىللىما. ئۇ دېگەن ھەممە جانلىقلارنى ئارام ئالدۇرۇپ ئۇخلىتىدۇ، سەن بولساڭ ھەممىنى ئىشلىتىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا قوغلاپ يۈرىسەن» دېسەم، ئۇ مېنى دۈشمەن كۆرۈپ تىللاپ كەتتى. مەن بۇ ئەھۋالنى سىزگە دەپ قويۇش ئۈچۈن مەشەدە ساقلاپ تۇرغانىدىم، شۇڭا سىز كۈندۈزگە يېقىن يولىمىغۇچى بولماڭ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كېچە دەرغەزەپكە كېلىپ،

يەنە بىر ھەسسە قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: « كوندۇز مېنى پايلاپ يۈرۈپتۇ - دە. مەن كەلسەم ئۇ قويرۇ-قىنى خادا قىلىپ قاچىدۇ. مەن يوق يەرلەردە ئاشۇنداق پوچى-لىق قىلامدۇ !» دەپ، شەپەرەڭنى ئۆزىگە دوست قىلىپ تال-لىۋاپتۇ. ئاندىن كېچە شەپەرەڭگە:

— دوستۇم، سەن كوندۇزنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغى-نا، ئۇ يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ نېمىلەرنى دەيدۇ؟ — دەپ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا كېچىدە كۆرەلەيدىغان بىر كۆز ئاتا قىپتۇ. شەپەرەڭ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تاڭ ئېتىپ كوندۇز يې-تىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەپەرەڭ كوندۇزدىنمۇ ئىنئام ئې-لىش ئۈچۈن، كېچىنى راسا تىللاپ، كېچىنىڭ كوندۇز ھەق-قىدە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغانلىقىنى، ھەتتا كېچىنىڭ كوند-دۇزنى يوقىتىش ئۈچۈن تاغ كەينىگە ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كوندۇز: «ئەستاغپۇرۇللا، بۇ كېچە دېگەن نەرسە ھالىغا باقماي نېمانچە پوچىلىق قىلىدىغاندۇ. خەپ ئۇنى، خەپ ئۇنى !» دەپتۇ ۋە شەپەرەڭگە ئادەم كۆرمەي-دىغان بىر جاي تېپىپ بېرىپ، ئۇنى تاكتاكچىلىققا قويۇپ، كېچىنى ئىزدەپ كېتىپ قاپتۇ.

شەپەرەڭنىڭ چېقىشتۇرۇشى تۈپەيلىدىن كېچە بىلەن كوندۇز ئارازلىشىپ، بۇلار ئارىسىدا كەسكىن توقۇنۇش بوپتۇ. بۇ توقۇنۇش تاڭ سەھەردە يۈز بېرىپتۇ. كېچە تېخى ئۆز قو-شۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ بولالمىغان چاغدا، كوندۇز كېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇڭا، سەھەردە، يەنى كوندۇز كېلىش، كېچە كېتىش مەزگىلى بولغاندا شەرق تەرەپتە قىزىللىق پەيدا بولىدىكەن، بۇ قىزىل ھېلىقى جەڭدىكى قان ئىمىش.

بۇنى كۆرگەن كېچە كوندۇزنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ كېلىپ

تاغ باغرىدا يېتىشىۋېلىپ، ئۇ يەردىمۇ بىر مەيدان جەڭ بوپ-تۇ. كەچقۇرۇندا غەرب تەرەپتە قىزىللىق بولۇشى تاغ باغرىدا بولغان جەڭدە تۆكۈلگەن قاننىڭ ئىزى ئىمىش.

بۇنى كۆرگەن شەپەرەڭ ھەر ئىككىسىگە بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن كېچىگىمۇ تەۋە بولمىغان، كۈندۈزگىمۇ تەۋە بولمىغان گۇگۇم پەيتىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ، كېچە بىلەن كۈندۈز ئارىسىدا چېقىمچىلىق قىلىپ ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

## 2

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى قۇشلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇ-رىسىدا بىر مەيدان قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىل-مەيدىكەن. شەپەرەڭ قايسى تەرەپكە ئۆتۈشنى بىلەلمەپتۇ. ئۇ ئويلاپ ئاخىر كىم كۈچلۈك كەلسە، شۇ تەرەپتە تۇرۇشنى قارار قىپتۇ. شەپەرەڭ بىرئاز كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قۇشلار غالىب كەلگەندەك كۆرۈنۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇپ بېرىپ ئۇلارغا قوشۇلماقچى بوپتۇ.

— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ بىر قۇش.

— كۆرمىدىڭلارمۇ، مەنمۇ بىر قۇش، قارا، مېنىڭ قانىتىممۇ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش، — دەپتۇ شەپەرەڭ.

— ئۇنداق بولسا بىز بىلەن بىللە ماڭ، باشقىلارنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ يۈرمە، — دەپتۇ ھېلىقى قۇش.

لېكىن، ئەھۋال تېزلا ئۆزگىرىپتۇ. ئەمدى ھايۋانلار غالىب كېلىدىغاندەك قىپتۇ. شەپەرەڭ قۇشلاردىن ئايرىلىپ ھايۋانلار تەرەپكە ئۇچۇپتۇ.

— سەن بىز تەرەپتە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ بىر ھايۋان.

— سەن پايلاقچىلىق قىلغىلى كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ — دەپتۇ يەنە بىر ھايۋان.

— بىلمەمسىلەر، مەنمۇ سىلەرنىڭ بىر خىلىڭلارغۇ، — دەپتۇ شەپەرەڭ چىشىنى كۆرسىتىپ، — قاراڭلار، مېنىڭمۇ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش چىشىم بار.

— سەن كىمنى ئەخمەق قىلماقچى؟ — دەپتۇ ھايۋانلار، — بىز سېنى ھېلىلا قۇشلار تەرەپتە كۆرگەن تۇرساق.

شۇنداق قىلىپ، ھايۋانلار شەپەرەڭنى قوغلىۋېتىپتۇ. قۇشلارمۇ ئۇنى ئۆز توپىغا قوشماپتۇ. قۇشلار بىلەن ھايۋانلار بىر - بىرىنى يېڭەلمەي ئاخىر ئۇرۇشنى توختىتىپتۇ. ھەممە كەلگۈلۈك شەپەرەڭگە كەپتۇ، چۈنكى يا قۇشلار، يا ھايۋانلار ئۇنى ئارىسىغا ئالماپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ شەپەرەڭ كۈندۈزى سىرتقا چىقىشتىن نومۇس قىلىپ، پەقەت كېچىسىلا سىرتقا چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

# پاختەك قانداق پەيدا بولغان

## 1

پاختەك بۇرۇنقى زاماندا خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىنى ئىكەن. پاختەكنىڭ ئەسلىي ئىسمى بەختىخان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەممە بالىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ ھەمداستىخان بوپتۇ ۋە ئۆزئارا ھال - مۇڭ بولۇشۇپتۇ. تاماق تەييار بوپتۇ. بەختىخان ئىۋرىقنى ئېلىپ، مۇرىسىگە لۆڭگە ئارتىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپتۇ. سۇ قايناق بولغاچقا، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى كۆيۈپ قاپتۇ، خىزىر ئەلەيھىسسالام ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ۋە دەرغەزەپ بولۇپ: «ئىلاھىم پاختەك بولۇپ كەتكەيسەن!» دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەختىخان پاختەككە ئايلىنىپ قاپتۇ، مۇرىسىدىكى لۆڭگىمۇ شۇ پېتى قالغانىكەن. پاختەكنىڭ بوينىدىكى بەلدەم ئەنە شۇ چاغدا قالغان لۆڭگە ئىكەن.

## 2

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر تەقۋادار ئايال ئۆتكەنىكەن.

بۇ ئايالنىڭ بىر يالغۇز ئۆگەي قىزىدىن بۆلەك ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. ئۇلار يىپ ئېگىرىپ سېتىپ، غېرىبچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

بىر كۈنى ئايالغا ئەلگەك لازىم بولۇپ قېلىپ قىزىنى قوشنىسىنىڭكىدىن ئەلگەك ئاچىقىشقا بۇيرۇپتۇ. قىز كىرىپ كېتىپ چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئايال قاراپ باقاي، نېمە ئىش بولغاندۇ؟ دەپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسە، قىزى ھويلىدا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، يۈزىگە ياغلىق ئارتىپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ئايال ھەيران بولۇپ:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەسلىدە قىز ئەلگەككە چىقىپ قوشنىسىنىڭ ئوغلىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ توي قىلىۋالغانىكەن. ئايال ناھايىتى غەزەپلىنىپ، قىزىنى ئۆيىگە ئاچىقىپ كېتىپتۇ ھەم قىزىغا:

— مەن سېنى كىچىك ۋاقتىڭدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلسام، مەندىن سورىماي ئەرگە تېگىۋالدىڭمۇ؟ — دەپ ئاچچىقلاپتۇ ھەم ئەلگەك بىلەن قىزنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇرغانىكەن، ئەلگەك قىزنىڭ بوينىغا كىيىلىپ قاپتۇ. ئايال دەرغەزەپ بولۇپ:

— خۇدايىم ھايۋان بولۇپ كەتكەيسەن ! — دەپ قارغاپتۇ. قىز شۇ ھامان بىر پاختەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ھېلىقى ئەلگەك ئۇنىڭ بوينىدا قارا بەلگە بولۇپ قاپتۇ.

«ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## 3

كۆپ زامانلار ئىلگىرى بىر كاتتا ئۆلىما باي كىشى ئۆت-

كەنىكەن. ئۇنىڭ بىرنەچچە دېدەك، چاكارلىرى بار ئىكەن. ئۇ نېمىگە دۇئا قىلسا، شۇ نەرسە سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ قالىدىكەن. ئۆلىمانىڭ ئاشۇ دېدەك ـ چاكارلىرىنىڭ ئىچىدە بەختىخان ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىز بولۇپ، ئۇنى بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەر «بەختەك» دەپ ئاتىشىدىكەن.

بەختىخانىنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتى مۇشۇ ئائىلىدىكى مالاي بولۇپ، ئۇلار ۋاقىت تاپسىلا پات ـ پات ئۇچرىشىپ، سىرلىشىدىكەن. بەختىخان بىر كۈنى سوغىسىنى كۆتۈرۈپ، بوينىغا يوللۇق ياغلىقنى ئوراپ سۇغا چىققانىكەن، سۇ بويىدا ياخشى كۆرگەن يىگىتى تۇرغۇدەك. ئۇ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭ سېلىشىپ بىرئاز ھايال بولۇپ قاپتۇ. ئۆلىما باي ئۇنىڭ پاتراق كىرمىگىنىگە ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماراپ چىقىپتۇ ۋە ئىككىسىنى مۆكۈدىشىپ ئولتۇرغان يەرىدە تۇتۇۋاپتۇ. باي يىگىتنى قاتتىق ئۇرۇپ، ھوشسىزلاندۇرغاندىن كېيىن بەختىخانىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، بىر دۇئا قىلغانىكەن، بىچارە قىز شۇئانلا پاختەككە ئايلىنىپ كېتىپتۇ ۋە يىگىتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ، بۇقۇلداپ سايراپ كېتىپتۇ. ئەل ـ مەھەللە بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ تەقدىرىگە قاتتىق ئېچىنىپتۇ، ئۆلىما بايغا نەپرەت ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قۇشنىڭ ئىسمى «بەختەك»كە، كېيىنچە بولسا «پاختەك»كە ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، پاختەك ھەممىشە ئاشىقىنى سېغىنىپ بۇقۇلداپ سايرايدىكەن. پاختەكنىڭ بوينىدىكى ئالا بالداق بەلگە بولسا، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى بوينىغا ئورىۋالغان ياغلىقى ئىكەن.

# ھۆپۇپ

## 1

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، ئۇچار قۇشلار ئارىسىدا بۇركۇت پادىشاھ، قاغا ۋەزىر، ھۆپۇپ قازى ھەم مۆھۈردار دىۋانبېگى ئىكەن. ھۆپۇپ ئىنتايىن تەقۋادار، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم بولغاچقا، بۇركۇت پادىشاھ ھۆپۇپكە زور شانۇشەۋكەت ئاتا قىپتۇ، چۈنكى بۇركۇت پادىشاھ بىلىملىكلەرگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئۇلارنى ئەتىۋارلايدىكەن ۋە ئۇلارغا كۆيۈنىدىكەن. قاغا ۋەزىرمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاجايىپ گۈزەل، چىرايلىق ئىكەن، ئەمما چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئىچى تار، كۆڭلى قارا ئىكەن، سۇيىقەست، ھىيلە ــ مىكىر بىلەن كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇركۇت پادىشاھ ھۆپۇپ موللامغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن، پادىشاھلىقنىڭ ھەرقانداق زور ئىشلىرىنى ھەل قىلىشتا ھۆپۇپنىڭ پىكرىنى ئالىدىكەن ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىدىكەن. بۇ ئىش قارا نىيەت ۋەزىر قاغىنىڭ ئۇغىسىنى تېخىمۇ قاينىتىپتۇ. ئۇ ھىيلە ــ مىكىر خالتىلىرىغا پىتنە ــ پاسات دەستۇرلىرىنى توشقۇزۇپتۇ.

قۇشلار ئىچىدە سېغىزغان ئۆزى چىرايلىق بولسىمۇ، تۇراقسىز، شاللاق قۇش ئىكەن. قارا نىيەت ۋەزىر قاغا سې-

غىزغاننى مىڭ بىر ھىيلە - مىكىر بىلەن قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ، سېغىزغان ئارقىلىق ئۇچار قۇشلار ئارىسىغا پىتنە - پاسات، تەپرىقە - نىزاھ، جېدەل - ماجىرا ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋېتىپتۇ، بۇ ئارقىلىق بۇركۈت پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى پادىشاھ بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇركۈت پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېقىن مۇلازىم - سىپاھلىرىنى ئېلىپ شىكارغا مېڭىپتۇ. شىكارغا مېڭىشتىن بۇرۇن ھۆپۈپ مۆھۈردارنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ بىئارام بولۇپ، ھەسەتتىن ئىچىدە ئوغا - زەھەر قايىنىغان قاغا ۋەزىر ئۆزىنىڭ شۇم نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن شېرىكى سېغىزغان ئارقىلىق ھۆپۈپ موللامنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپتۇ، ئۇنداق قىلىپ - مۇنداق قىلىپ ئاخىر ھۆپۈپ موللامنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇپتۇ. ھۆپۈپ موللامنىڭ كۆزى تورلىشىپ، يولدىن ئېزىپتۇ، ئۇنىڭ قەلەمگە ماھىرلىقى ئاخىر قارا نىيەت قاغا ۋەزىر ئۈچۈن ئىشلەپتۇ.

بۇركۈت پادىشاھنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلانغان قاغا ۋەزىر ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە ئىلتىپات قىلىپ، ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارغا ھۆپۈپ موللام ئارقىلىق نامە پۈتۈپ، بۇركۈت پادىشاھقا سۇنۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپتۇ. ھۆپۈپ موللام كېچىسى تۆھمەتنامىنى يازسا، كۈندۈزى بۇركۈت پادىشاھنىڭ قەھر - غەزىپىدىن قورقۇپ قۇيرۇقىدا ئۆچۈرىدىكەن.

بۇركۈت پادىشاھ ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاغا ۋەزىرنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي قالغان باشقا قۇشلار بىرلىشىپ ئەرز قىپتۇ. نەتىجىدە، قاغا ۋەزىر بىلەن ھۆپۈپ تەييارلاپ قويغان نامىلىرىنى شاھقا سۇنالماپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان

بۇركۇت پادىشاھ قاغىنى «تېشىڭمۇ ئىچىڭگە ئوخشاش قارا بو-
لۇپ كەتسۇن ئىلاھىم» دەپ، ھۆپۈپ موللامىنى «ئۆمۈرۋايەت
تۆھمەت تۇمشۇقۇڭدا نامە پۈتۈپ، قۇيرۇقۇڭدا ئۆچۈرۈپ ئۆت-
كەيسەن !» دەپ بەد دۇئا قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغا
بىلەن ھۆپۈپ راست شۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ھىي-
لە - نەيرەڭلىرىدىن رەنجىگەن بۇركۇت پادىشاھ پادىشاھلىقنى
تاشلاپ ئېگىز تاغلارنى، قىيالارنى، چوققىلارنى ماكان تۇتۇپ،
كۆكنىڭ قەرىدە ئەركىن قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىپ ياشاپ
ئۆتۈپتۇ.

## 2

ھۆپۈپنىڭ نېمە ئۈچۈن سېسىق پۇرايدىغانلىقى ھەققىدە
ئەل ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار:

ھۆپۈپ ناھايىتى كۆپ ئوقۇغان، نۇرغۇن كىتابلارنى تەھ-
لىل قىلغان بىلىملىك زاتلارنىڭ بىرى ئىكەن، شۇ بىلىمى
بىلەن جامائەت ئىچىدە تونۇلۇپ، پۈتۈن ئالەمگە پادىشاھ بولغان
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ۋەزىرمۇ بولغانىكەن. ئۇنىڭ بېشى-
دىكى تاجىسى ئەنە شۇ ۋەزىرلىك مەنسىپىنىڭ يادنامىسى ئى-
كەن. ھۆپۈپ شۇنچە بىلىملىك بولغىنى بىلەن تولىمۇ پىخ-
سىق، تېجىمەل ئىكەن، قورسىقىدىكى بىلىمنى باشقىلارغا
ئۆگىتىشنى زادىلا خالىمايدىكەن، ھەرقانداق ئىش قىلسا مەخ-
پىي قىلىدىكەن، باشقىلارنىڭ ئۆگىنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ،
كېچىلىرى كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان ئەسكى تامنىڭ
كامىرىغا كىرىپ دۇرۇت ئوقۇيدىكەن، كىشىلەرنىڭ سورىغان
سوئالىغا ئەسلا جاۋاب بەرمەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ
قورسىقىدىكى بىلىمى سېسىپ كېتىپ، بۇ پۇراق تېشىغا تې-

پىپ، سىستىق پۇرايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

«بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز شۇنىڭدىن قالغانمىش.



# شاتۇتى قانداق پەيدا بولغان

بۇرۇنقى زاماندا بىر مەھەللىدە بىر ئەر - خوتۇن ئۆتكەنىكەن. بۇلار بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاشىق - مەشۇقلار بولۇپ، ناھايىتى كىچىكلا تۇرمۇشلۇق بولغانىكەن. بۇلارنىڭ ئىناق، باياشات تۇرمۇشىغا ھېچقانداق كىشىنىڭ تۇرمۇشى يەتمەيدىكەن. بۇلار «قايسىمىز بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەك، ھايات قالغىنىمىز بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، قىرىق يىل ئىستىقامەت قىلىپ ئاللادىن تىلەپ، ئۆلۈپ كەتكىنىمىزنى تىرىلدۈرۈۋالىمىز» دېگەن قارارغا كەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئايالى ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئېرى ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى تاشلاپ، قىرىق يىل ئىبادەت قىلىپ، ئاللادىن ئايالىغا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. ئاللا بۇ كىشىنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، خىزىر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ ئايالىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئەر ئاتمىش ياشتىن ئاشقان بولۇپ، ئايالى بولسا ئون سەككىز ياشتىكى چوكان ئىكەن. بۇلار يەنە تىرىكچىلىك قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى جاڭگالغا ئوتۇن ئەكېلىش ئۈچۈن بېرىپتۇ. ئوتۇن يىغىۋېتىپ ئېرى

بىرئاز ھېرىپ قاپتۇ ـ دە، ئايالىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن بىر ئاتلىق شاھزادە بۇ يەرگە كېلىپ، ئايالدىن:

— بۇ جاڭگالدا نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ قۇچىقىڭىزدا تۇرغان بۇ ئادەم كىم؟ دادىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال ئۇ-يالغىنىدىن ئاتام ياكى ئېرىم دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. شاھزادە يەنە:

— قويۇڭ بۇنداق قېرىنى، ئاتقا مىنىڭ، تاماشا قىلايلى، — دەپتۇ. ئايال بۇنى ئاڭلاپ ئېرىنىڭ بېشىنى يەرگە قويۇپ، شاھزادىنىڭ ئېتىنىڭ كەينىگە مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ، ئې-رىنىڭ قىرىق يىل ئاللادىن تىلەپ بۇ دۇنياغا قايتا كۆز ئاچ-قۇزغىنىنى ئۇنتۇپتۇ. ئېرى بولسا بىرئازدىن كېيىن ئويغى-نىپ قارىسا خوتۇنى يوق، يىغلاپ ـ قاقشاپ ئىزدەشكە كىرى-شىپتۇ، بىرقانچە كۈن ئىزدەپ ئاران تېپىپتۇ، ئەمما ئايالى خۇشياقماي ئېرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئۇ يەنىلا ئىمكانىيەت تاپسىلا، ياش يىگىتلەرنىڭ كەينىدىن قېچىشنى ئويلايدىكەن. شۇ ئەسنادا خىزىر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇچراپتۇ. خىزىر ئە-لەيھىسسالام ئەرگە دەپتۇ:

— سىز ئارىنى ئۆزمەي ئاتمىش نەچچە يىل ياشىدىڭىز، ئايالىڭىز سىزدىن قىرىق يىل كەم ياشىدى. ئۇ ياش، شۇڭا كۆڭلى ياش يىگىتنى خالىشى، يەنىلا قېچىپ كېتىپ سىزنى بىئارام قىلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، سىز قېرىدىڭىز، خوتۇن دەيدىغان دەۋرىڭىزمۇ كېتىپ قالدى. بۇ ۋاپاسىز خوتۇنىڭىزنى بىر خىل قۇشقا ئايلاندۇرۇپ بەرسەم، قانداق؟ — دەپتۇ.

— ماقۇل، بولىدۇ، — دەپتۇ ئەر. شۇنىڭدىن كېيىن خى-زىر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىپ، ئايالنى شاتۇتىغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

— بۇ قۇشنى بىلىكىڭىزگە قوندۇرۇپ، گەپ ـ سۆزىنى

ئاڭلاپ، كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىپ ئۆتكۈزۈڭ، — دەپتۇ خىدىر ئەلەيھىسسالام ۋە ئارقىدىنلا غايىب بوپتۇ.

ھېلىقى كىشى بولسا ئاخىرقى ئۆمرىدە شاتۇتىنىڭ يېقىملىق گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشال - خۇرام ياشاپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.



# دەمدەرنىڭ ئۇلۇغلىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن مەككىگە قايتىشىدا بىر تۈمەن كۇپپارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. كۇپپارلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تىرىك تۇتۇش كويىغا چۈشۈپ قورشىۋاپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۇپپارلارنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شۇ يەردىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ پاناھلىنىپتۇ. كۇپپارلار تاغنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يوشۇرۇنۇۋالغان ھېلىقى ئۆڭكۈر ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ تاغدا كەپتەرلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. كۇپپارلار ئۆڭكۈرگە يېقىنلىشىشىغا تاغدىكى كەپتەرلەر «مالتىلىغۇلۇق - مالتىلىغۇلۇق» دەپ ئۇنلىگىلى تۇرۇپتۇ. كۇپپارلاردىن بىرى:

— مۇھەممەد چوقۇم مۇشۇ ئۆڭكۈردە ئىكەن، كەپتەرلەر «مالتىلىغۇلۇق - مالتىلىغۇلۇق» دەپ بېشارەت بېرىۋاتىدۇ، — دەپتىكەن، كۇپپارلار ئۆڭكۈر ئىچىنى ئاختۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا كەپتەرلەر ئارىسىدىكى دەمدەر «بوق، بوق، بوق - يوق، يوق، يوق» دەپ ئۇنلەشكە باشلاپتۇ. كۇپپارلار بۇنى ئاڭلاپ:

— بىكار ئاۋارە بولمايلى، ئاۋۇ دەمدەر «يوق، يوق» دەپ سايراۋاتىدۇ، مۇھەممەد ئۆڭكۈردە يوق ئىكەن، — دېيىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرمەي باشقا جايغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىكنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئىچىدە دەمدەرنى ئۇلۇغلايدىغان ئادەت شەكىللەنگەنىكەن.



# كەپتەرنىڭ كۆزى نېمىشقا قىزىل

بۇرۇنقى زاماندا بىر سېغىزغان بىلەن بىر كەپتەر كۈننىڭ قاياقتىن چىقىشىنى مۇنازىرە قىلىشىپ ئۆزئارا بەسلەشىپتۇ. كەپتەر بولسا:

— كۈن ئەتىگەندە شەرقتىن چىقىدۇ، — دەپتۇ. سېغىزغان:

— كۈن غەربتىن چىقىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇنازىرە قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى قايىل بولماي ئۆزىنىڭ سۆزىنى راست قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. ئاخىر ئۇلار كۈننىڭ زادى قاياقتىن چىقىدىغانلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولۇشۇپتۇ ـ دە، نۇرغۇن ھايۋانلار بىلەن تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە سېغىزغان ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئۇ قانتىنىڭ ئاستىغا ئازراق قىزىل مۇچ تىقىۋالغانىكەن، تاڭ ئاتاي دېگەندە كۈننىڭ شەرقتىن چىقىدىغانلىقىنى سېزىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپ، كەپتەرنىڭ كۆزىگە قىزىل مۇچ چېچىۋېتىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ كەپتەرنىڭ كۆزى قىزىل بولۇپ قالغانىكەن.

# جوغولداق قانداق پەيدا بولغان

جوغولداق ئەسلىدە داڭلىق تېۋىپ بولۇپ، ئىسمى جاپپار ئىكەن. ئۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى ئوت ـ گىياھ، ئۇچار قۇشلاردىن دورا ياساپ، كىشىلەرنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ناھايىتى شۆھرەت قازىنىپتۇ.

ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئېلى شاھىمەردان ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كېسەل ياتقان قىزىنى كۆرسىتىش نىيىتىدە، جاپپارنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئەھۋالنى جاپپارغا مەلۇم قىپتۇ. جاپپار بولسا ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتۇپ:

— قىزىنى كۆرسەتمەكچى بولسا، نېمىشقا ھەزرىتى ئېلىنىڭ ئۆزى ئالدىمغا كەلمەيدۇ؟ — دەپ قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ.

ھەزرىتى ئېلى شاھىمەردان بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، بىراق قىزى ئۈچۈن ئامالسىز ئۆزى جاپپارنى چاقىرىپ كېلىشكە بېرىپتۇ. جاپپار ھەزرىتى ئېلىنى كۆرگەندىن كېيىن گىدىيىپ تۇرۇپ:

— قىزىڭىزنى داۋالاش ئاسان، بىر جۈپ قارچىغىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى قىزىڭىزغا يېگۈزسىڭىز ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

ھەزرىتى ئېلى بۇ بىر جۈپ قارچىغىسىنى ئىنتايىن

ياخشى كۆرىدىكەن، قىزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن بۇ بىر جۈپ قارچىغىنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى قىزىغا يېگۈزۈپتۇ. قىزى ساقىيىپتۇ، ئەمما قارچىغىسىنىڭ دەردىدە ھەزرىتى ئېلىنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەس بولۇپ قاپتۇ. جاپپار بولسا كۈندە ھەزرىتى ئېلىنى مەسخىرە - مازاق قىلىپ چىشىغا تېگىپتۇ، ھەتتا تېخىمۇ كۆرەڭلەپ ئۆزىنى ئاللا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قو-يۇپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئېلى شاھىمەردان خورلۇقتا پايلىماي، جاينامازدا ئولتۇرۇپ خۇداغا ئېلتىجا قىلغانىكەن، خۇدادىن ۋەھىي كېلىپ جاپپار ئىسىملىك بۇ تېۋىپ جوغۇلداقتا ئايلىنىپ قاپتۇ. جوغۇلداقنىڭ «جۇۋ - جۇۋ» دەپ سايرىغىنى «مەن خۇدادىن ئۇلۇغ» دېگەنىمىش.

# سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەن چۈمۈلە

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇلايمان پەيغەمبەر ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە پادىشاھ بولۇپ، بارلىق ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن باشقا، جاھاندىكى ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بىر كۈنى سۇلايمان پەيغەمبەر خوتۇنىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، شۇنداقلا ئۆز پەرمانىنىڭ ئۇچار قۇشلار ئارىسىدا قانچىلىك ئىجرا بولىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە، جاھاندىكى بارلىق قۇشلارنى ھاۋادا قاناتلىرىنى كېرىپ كۈن نۇرىنى توسۇپ ئايالىغا سايە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇچار قۇشلار سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپتۇ. لېكىن، ھاۋادا ئالىقانچىلىك يەردىن كۈن نۇرى چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان پەيغەمبەر چۈغۈندەكنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. چۈغۈندەكنى ئەكېلىشكە قارچىغىنى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن ئۇ تاپالماپتۇ. ئارقىدىن لاچىن چۈغۈندەكنى تېپىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. لاچىن سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى بويىچە جاڭگالمۇجاڭگال كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر ئورمانلىقتا بىرىپ چۈغۈندەكنىڭ ئۇۋىسىنى ئىزدەپ ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. بىر مەزگىل ئىزدىگەندىن كېيىن لاچىن چۈغۈندەكنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىۋاپتۇ ۋە چۈغۈندەككە سەزدۇرمەي ئۇچۇپ كېتىپتۇ. لاچىننىڭ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن

چۈغۈندەك مېنى تاپالماي ياخشى قىلدى، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇ-ۋىسىدىن چىقىپ چىنارنىڭ شېخىغا قونۇپتۇ. لاچىن ھاۋانى بىر ئايلىنىپ، چۈغۈندەككە كۆرۈنمەي قويۇق ئورماننىڭ ئارىسى-دىن ئوقتەك ئۇچۇپ كەلگەنچە چۈغۈندەكنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە بوينى-دىن قاماللاپ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— مېنىڭ ئەمرىمگە نېمىشقا ئىتائەت قىلمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر خاپا بولۇپ.

— ئى شانۇشەۋكەتلىك شاھىم، سىلىنىڭ ئەمرلىرىنى جېنىم بىلەن ئورۇنداپ خوتۇنلىرىغا سايە چۈشۈرۈشكە خېلى بۇرۇنلا كېلەتتىم، لېكىن بىرنەرسىدىن گۇمان قىلىپ، گۇمانىمنى يېشەلمەي كېلەلمىدىم، — دەپتۇ چۈغۈندەك.

— نېمىدىن گۇمانلاندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر.

— جاھاندا ئەر كۆپمۇ، ئايال كۆپمۇ؟ مۇشۇ ئېنىقسىزلىق مېنى بىسەرەمجان قىلىپ، ئويلاپ تاپقان جاۋابتىن گۇمانلى-نىپ كېلەلمىدىم، — دەپتۇ.

— قايسىسى كۆپ ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر.

— خوتۇن كىشى كۆپ ئىكەن، — دەپتۇ چۈغۈندەك.

— ئاللاتائالا ھەممە نەرسىنى جۈپ - جۈپتى بىلەن ياراتقان تۇرسا، نېمىشقا خوتۇن كىشىنى كۆپ ئىكەن دېدىڭ؟ — دەپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر.

— ئى شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتاي، — دەپتۇ چۈغۈندەك.

— كەچتىم، ئېيت!

— مەن خوتۇن كىشىنىمۇ خوتۇن ھېسابلىدىم، خوتۇن

كىشىنىڭ سۆزى بىلەن ئىش قىلىدىغان ئەرنىمۇ خوتۇن ھې-
سابلىدىم. شۇڭا، جاھاندا ئەردىن خوتۇن كىشىنى كۆپ، دەپ
خۇلاسە چىقاردىم، — دەپتۇ چۇغۇندەك.

— ئەر كىشىنى خوتۇن كىشىگە قوشۇۋېتىشكە نىمە
ھەددىڭ ؟ — دەپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر.

— سىلى ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ پادىشاھى بولۇپ
تۇرۇقلۇق خوتۇنلىرىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ، بار-
لىق ئۇچار قۇشلارنى يىغىپ، خوتۇنلىرىنىڭ ئۇستىگە سايە
چۇشۇرۇشنى ئەمر قىلدىلا. ئۇچار قۇشلار سىلىنىڭ غەزەپلىد-
ىرىدىن قورقۇپ خوتۇنلىرىنىڭ بېشىغا سايە چۇشۇرۇشكە كەل-
دى. نەتىجىدە، كۆپلىگەن قۇشلارنىڭ ئىسسىغان ئۇۋىلىرى
سوۋۇدى، چۆجە چىقىش ئالدىدىكى تۇخۇملىرى شامالداپ يىد-
لىپ قالدى. تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۆجىلەر ئاچلىقتىن
ئۆلدى. بۇنىڭ قىساسىنى كىم تارتىدۇ؟ مېنىڭمۇ تۇخۇمدىن
يېڭى چىققان چۆجىلىرىم بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ قېلىد-
شىدىن غەم يەپ كېلەلمىدىم. ئۆزلىرى خوتۇنلىرىنىڭ گېپىگە
كىرىپ بېشىمىزغا كۆلپەت سالدىلا، شۇڭا سىلىنى خوتۇن
كىشى قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتتىم، — دەپتۇ چۇغۇندەك ۋە گې-
پىنى تۈگىتىپ ئۇچۇپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. خوتۇنىنىڭ
گېپىگە كىرىپ ئۇچار قۇشلارغا ئۇۋال قىلغىنىغا پۇشايمان
قىلغان سۇلايمان پەيغەمبەر خىجالەت بولۇپ، بارلىق قۇشلارغا
ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىش ئىجازىتى بېرىپتۇ. چۇغۇندەكنىڭ گې-
پىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن سۇلايمان پەيغەمبەر ئۇنىڭدىن زوق-
لىنىپ «سېنىڭ ھەممە نەرسەڭ كېسەلگە داۋا بولغاي» دەپ
دۇئا قىپتۇ. چۇغۇندەكنىڭ كېسەلگە داۋا بولۇشى سۇلايمان
پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىدىن باشلانغانىكەن.

# توخۇ سۇ ئىچسە نېمە ئۈچۈن ئاسمانغا قارايدۇ

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ھايۋانلار توپلىشىپ ياشايدىغان بىر جايدا تۇيۇقسىز قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، ھايۋانلار ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا بىرنەچچە قۇش يىراق تاغ بېشىغا چىقىپ، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپ، بارلىق قۇشلارغا چا-قىرىق قىلغانىكەن، قۇشلار ئاۋاز قوشۇپ دەرھال ئۆستەڭ چېپىشقا ئاتلىنىپتۇ. لېكىن توخۇ جاپا تارتىشتىن قورقۇپ، باھانە كۆرسىتىپ چىققىلى ئۇنىماپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۆستەڭ چېپىلىپ، سۇ كەپتۇ. ئۆستەڭ چېپىشقا چىقمىغان توخۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا بېرىپ سۇ ئىچىشكە تەمشىلىپتۇ، ئەمما ئۇ باشقا قۇشلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇمشۇقىنى سۇغا تەگكۈزە ـ تەگكۈزمەيلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توخۇلارنىڭ بىر قېتىم سۇ ئىچىپ بىر قېتىم ئاسمانغا قارىشى ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# خوراز بىلەن توز

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا بىر ئورمانلىق بو- لۇپ، ئورمانلىقتا خوراز بىلەن بىر توز ياشايدىكەن. ئۇلار بەكمۇ ئىناق ئۆتىدىكەن، بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندىكى توزنىڭ چىرايلىق پەيلىرى ۋە تاجى ئەس- لىدە خورازنىڭ ئىكەن. توز بۈگۈنكى خورازنىڭ سىياقىدا ئىد- كەن. توز ئاق كۆڭۈلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، خورازنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا ھەسەت قىلىپ يۈرىدىكەن، ئېپىنى تېپىپ خوراز- نىڭ ئاشۇ چىرايلىق كىيىمىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ ئورمانلىقتا توي بولۇپ، خوراز بىلەن توزنىمۇ چاقىرىپتۇ، بىراق خورازنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قېلىپ تويغا بارالماپتۇ. توز خورازنىڭ كىيىملىرىنى بېرىپ تۇرۇشنى سوراپتۇ. خوراز ئاق كۆڭۈل ھەم ساددا بول- غاچقا، كىيىملىرىنى توزغا خۇشاللىق بىلەن سېلىپ بېرىپ- تۇ. توز تويدا خورازنىڭ كىيىمى بىلەن بارلىق مېھمانلارنىڭ ھەۋسىنى قوزغاپتۇ ھەم ئالاھىدە كۆزگە ئىگە بوپتۇ. تويمۇ تۈگەپتۇ. توزنىڭ بۇ چىرايلىق كىيىملەرنى خورازغا زادىلا قايتۇرۇپ بەرگۈسى كەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇ كىيىملەرگە مەڭگۈ ئىگە بولۇش ئۈچۈن خورازدىن ئايرىلىپ ئورمانلىقنىڭ يىراق جايلىرىغا كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە توز

خورازنىڭ كېيىملىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەپتۇ، بىراق ئۇنىڭ كۈنلىرى بەكمۇ ئەندىشىدە ئۆتىدىكەن. خورازنىڭ كۆرۈپ قې-لىشىدىن قورقۇپ هازىرغىچە ئورمانلىقتىن چىقالمايدىكەن.



# يىلاننىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتى يوق

بۇرۇن يىلاننىڭ پۇتى تېشىدا ئىكەن. ئۇ جەننەتكە سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچنىڭ قېشىدا كۈزەتتە تۇرىدىكەن. ئۇ چاغلاردا شەيتان جەننەتنىڭ تېشىدا تۇرىدىكەن. ئۇ جەننەتكە كىرمەكنى خىيال قىلىپ يىلاننىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى جەننەتكە ئەكىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئەمما يىلان قوشۇلماپتۇ. شەيتان يەنە بىرمۇنچە يالۋۇرۇپتۇ. يىلاننىڭ رەھمى كېلىپ، شەيتاننى دۇمبىسىگە مىندۇرۇپ سۇڭگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ يىلانغا غەزىپى كېلىپ، ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈۋېتىپتۇ ۋە جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن يىلاننىڭ پۇتى يوق بولۇپ قالغانىكەن.



## كېلەقانداق پەيدا بولغان

بۇرۇنقى زاماندا، تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىدە بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھقا تەڭرىتاغدىن تارتىپ ئالتۇنتاغ، قوڭغۇرتاغ، ئامۇ دەرياسى، دون دەرياسى ۋە شور دەريا قىرغاقلىرىغىچە بولغان بىپايان تاغ - دەريا ۋە ئوتلاقلار قارايدىكەن. پادىشاھ ئادالەتتە نۇشىرۋان ئادىلدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن، ھەرقانداق ئىشنى دانىشمەنلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلىدىكەن، ئۆز خەلقىگە تولىمۇ مېھرىبان ئىكەن، دۈشمەنلىرىگە قوش بىسلىق خەنجەردەك رەھىمسىز ۋە شەپقەتسىز ئىكەن. ئۇنىڭ بايلىقى مول، پۇقرالىرى باي، شاد - خۇرام ۋە ئۇيۇلتاشتەك ئۈم - ئىناق ئۆتىدىكەن. بۇ پادىشاھ قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇنىڭ داڭقى يەتتە ئىقلىمغا پۇر كېتىپتۇ. دوستلىرى ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ، دۈشمەنلىرى ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىپتۇ، پۈچىلىنىپتۇ.

بىر يىلى پادىشاھ مەملىكەتنىڭ لەشكىريي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر ئاپتۇ. پۇقرالار بۇ ئادالەتپەرۋەر دانىشمەن پادىشاھقا ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز پەرزەنتلىرىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپتۇ. مىڭلىغان پۇقرا باللىرى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىكىگە قوبۇل قىلىنىپتۇ. يېڭى قوبۇل قىلىنغان لەشكەر-

لەر ئىچىدە كىرىم ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ھىيلىگەرلىكتە شەيتانغا دەرس بېرىدىغان، ئىچىدە توققۇز قۇترايدىغان، ئۇنىڭ بۆكىنى بۇنىڭغا كىيگۈزۈپ، قىزىل كۆزلۈك قىلىپ كۆن ئۆتكۈزىدىغان مەخلۇق ئىكەن.

يىراق بىر مەملىكەتتە بۇ پادىشاھقا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن بىر پادىشاھ بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ پادىشاھ ئادىل پادىشاھنىڭ ئىچكى سىرلىرىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بوپتۇ - دە، پادىشاھنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى نۇرغۇنلىغان لەشكەر توپلاپ قوشۇن تارتىپ مېڭىپتۇ. بۇ خەۋەر ئادىل پادىشاھقا يېتىپتۇ. پادىشاھ دۈشمەننىڭ قۇرۇق ھەيۋىسىدىن قىلچە تەمتىرەپ كەتمەي، لەشكەرلىرىنى قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ، پۇختا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇپتۇ.

ياخشى بىر سائەتتە، بۇ پادىشاھ ئۆزىگە قارشى ئاتلانغان دۈشمەنلەرگە قارشى لەشكەر تارتىپ مېڭىپتۇ. كىرىممۇ بۇ لەشكەرلەر ئارىسىدا بار ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ ئويلاپتۇ: بۇ پادىشاھ ياۋغا قارشى تەۋەككۇل قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ياۋ ئۇستىدىن غالىب كېلەمدۇ، مەغلۇپ بولامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەن ئۆزۈمنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچە، ياخشىسى بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىپ جېنىمنى قۇتۇلدۇراي.

لەشكەرلەر بىر مەنزىلگە بېرىپ قونغاندا كىرىم پادىشاھقا دەپتۇ:

— جانابىي شاھىئالەم، مۇشۇ ئەتراپتا مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن زامان بولدى، بىر كۆرۈشۈۋالسامكەن.

پادىشاھ ئـويلىنىۋېلىپ، ئـاندىن ئۇنىڭغا تېز بېرىپ، تـېـز قايتىپ كېلىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. كېرىم بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى كېرىمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپتـۇ، كەلمىگەندىن كېيىن لەشكەرلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. بىر مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن پادىشاھ لەشكەرلىرىگە:

— تـوختـاڭلار، ئـۇ يېتىشىۋالسۇن ! — دەپتۇ، كـۈتـۈپـتۇ، كۈتۈپتۇ، كېرىم يەنە كەلمەپتۇ. شاھ بىرنەچچە لەشكىرىنى كېرىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. لەشكەرلەر قايتىپ كېلىپ پادىشاھقا:

— كېرىم ھازىر يېتىپ بارىمەن دېدى، — دەپتـۇ. شـاھ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كېرىمنى مانا كېلەر، ئەنە كېلەر، ھازىر كېلىپ قالار، دەپ كۈتۈپ بېقىپتۇ، يەنىلا كەلمەپتۇ. شاھ غەزەپلىنىپ بۇ ئىككى يۈزلىمە، قارا يۈز قاچقۇنغا لەنەت ئـوقۇپتۇ ـ دە، تاھارەت ئېلىپ، جاينامازنى سېلـىـپ تـەڭـرىـگـە مۇنداق دەپ مۇناجات قىپتۇ:

«ئىبارا خۇدايا، پەرۋەردىگارا، سەن ھەممىگە قادىرسەن، قـارا نىيەت، ئىككى يۈزلىمە خائىنلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگـەيـسـەن. ئۇ كېلىمەن دەپ بىزنى ئالداپ قويدى. ئۇنى گۇناھكار ئاسىي بەندىلىرىڭگە ئىبرەت قىلىپ، كېلەگە ئايلاندۇرۇۋەتكەيسەن !»

تەڭرى شاھنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىپتۇ. كـېـرىـم بـىـر يارنىڭ يوچۇقىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن. ئۇ مۈكـۈنـۈپ تـۇرغـان يېرىدىلا تېرىسى مۇدۇر ـ چوقۇر، تىكەنلـىـك، قـۇيـرۇقلۇق، قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇققا — كېلەگە ئايـلـىـنـىـپ قاپتۇ.

كېلە چۆل ـ جەزىرە، ساي ـ جىرالارنى ئۆزىگـە مـاكـان قىپتۇ. ئۇ ھەمىشە ئادەملەرنى كۆرسە، مەن قاچان ئـۆز ئـەكـسىمگە قايتىمەن، دېگەندەك، تىكىلىپ قارايدىكەن.

# پاتمىچوقنىڭ قولتۇقى نېمە ئۈچۈن قىزىل

قەدىمكى زاماندا پاتمىچۈق ئەسلىي گۈزەل بىر قىز ئىدى-كەن. ئۇنىڭ ئىسمى پاتمىخان بولۇپ، بويى غۇنچىدەك، قېشى قىياقتەك، بېلى تال چىۋىقتەك، لەۋلىرى جىنەستىدەك، يۈزى قىزىل ئالمىدەك، چاچلىرى بوستاندەك، كۆزى بۇلاقتەك ئىدى-كەن. ئۇ شۇنچە گۈزەل قىز بولسىمۇ، بىراق قىلىقى ئىنتايىن سەت ئىكەن؛ نەپسى يامان بولۇپ، نېمە ئۇچرىسا شۇنى يەيدى-كەن؛ قولى ئەگرى بولۇپ، ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئېلىپ ماڭىدىكەن. ئاتا - ئانىسى ئۇنى شۇنچە ئەتىۋارلاپ، كۆزىگە قاراپ، يېمىگەننى يېدۈرۈپ، كىيمىگەننى كىيدۈرۈپ بېقىپ چوڭ قىلسىمۇ، ئاتا - ئانىسى بىرنى دېگۈچە ئىككىنى دەپ يېنىپ، سىلكىشلەيدىكەن. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا گەپ يېدۈ-رەلمەي، ئۇ يوق يەردە ئۇنىڭ دەردىدىن تويۇپ يىغلىشىدىكەن. خالايىقمۇ ئۆزى چىرايلىق، قىلىقى سەت بۇ قىزغا ئىچىدە لە-نەت ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشىدىكەن.

پاتمىخان بويىغا يېتىپتۇ. ئۇ تېخىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ چوڭ بوپتۇ. يۇرتنىڭ ياشلىرى ئۇنىڭ گۈلدەك يۈزىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ، ئۇنى ئۆزىگە جورا قىلىشنى ئويلايدىكەنۇ، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى ئېسىگە كەلسە، تېزلا نىيىتىدىن يانىدىكەن. پاتمىخاننىڭ يېشىمۇ كۇنسايىن چوڭىيىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭغا

ئۆز يۇرتىدىن پەقەت لايىق چىقماپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ يىراق بىر شەھەردىن بىر سودىگەر-نىڭ ئوغلى سودىگەرلىك بىلەن پاتىمخانىنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. ئۇ پاتىمخانىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ. مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنىلار يىگىتكە پاتىمخانىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي داغدۇغىلىق توي قىلىپ پاتىمخانىنى نىكاھىغا ئاپتۇ.

پاتىمخان قېينانىسىنىڭكىگە كۆچۈرۈلۈپ كەپتۇ. قېينانىسى كېلىنىنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ ئوغلىدىن مەمنۇن بوپتۇ. ئۇ كېلىنىنىڭ ناھايىتى ئىززىتىنى قىلىدىكەن، قولىنى ئىلمان سۇغىمۇ تىققۇزماي ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلىدىكەن. پاتىمخان بىر مەزگىل چاندۇرماي ئۆزىنى بېسىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە» دېگەندەك، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى ئاستا - ئاستا چىقىشقا باشلاپتۇ.

پاتىمخان قېينانىسى يوق چاغدا ئۆيدىكى قولغا چىقىدىغانلىكى نەرسىلەرنى يىغىۋېلىپ باشقا يەرگە تىقىپ قويۇپ، ئوغرىلىقچە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە توشۇيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ بەرىكىتىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، نەرسە - كېرەكلەر ئازلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قېينانىسىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ - دە، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ:

«ئى پەرۋەردىگارىم، ھەممىگە قۇدرىتىڭ يېتىدۇ. سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھەممىگە تېتىيسەن. بۇ نائەھلىنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان قىزىل بوپىدىكى نەرسە - كېرەكلىرى ۋە ئۇيا - ئەڭلىكلىرىنى چاپلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇنى قىزىل قولتۇقلۇق بىر مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋەتكەيسەن!» دەپ دۇئا قىپتۇ.

تەڭرى ئۇنىڭ تەلىپىنى دەرھال ئىجابەت قىپتۇ. پاتمىخاننىڭ تۇسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قىزىل قولتۇقلۇق، ئۆمىلىگۈچى كىچىككىنە پاتمىچۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقى قىزىل بولۇپ قالغانىكەن.



# چۈشۈن قانداق پەيدا بولغان

1

پىرئەۋن پادىشاھ ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازى ۋە مول بايلىقىدىن پەخىرلىنىپ، پۈتۈن تەۋەلىكىگە ئۆزىنى «خۇدا» دەپ جاكارلاپ خۇدالىق دەۋاسى قىپتۇ، بۇنىڭغا خالا-يىقنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر يېڭى مۆجىزە يارىتىدىغانلى-قىنى ئېيتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇمۇرنىڭ ئۇۋىقىنى بىر قا-چىغا ئېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ، بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن، خۇدادىن: «خۇدايا، خەلقنىڭ ئالدىدا مېنى شەرمەسار قىلمى-ساڭ، بۇ دۇنيادا مېنىڭ دېگىنىمنى بەرسەڭ» دەپ تىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سېخىي ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ، قاچىدىكى تۇمۇر ئۇۋاقلىرىنى «چىۋىن» دىن ئىبارەت بىر مۆجىزىگە ئايلاندۇرۇپتۇ. پىرئەۋن خالايىق ئالدىدا بۇ قاچىنى ئاچقانىكەن، ئىچىدىكى تۇمۇر ئۇۋاقلىرى دەرھال قانات ياساپ ئۇچۇپ چىقىپتۇ. پىرئەۋن خالايىق ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسى-تىپتۇ. چىۋىن ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىكەن.

2

بۇرۇنقى زامانلاردا ۋابا تارقاتقۇچى بىر خىل مەخلۇق

بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى يۇرت - مەھەللىلەر كېسەللىك دەستىدىن ۋەيران بولىدىكەن. كىشىلەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھېلىقى مەخلۇق ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھېلىقى مەخلۇقنى تۇتقۇزۇپ، چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ ۋە ئۇنى بىر ئىدىشنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپتۇ.

زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن بىر مايمۇن ئىدىشنى دومىلىتىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ئىدىش تاشقا تېگىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان سان - ساناقسىز ئۇششاق ھاشاراتلار ئۇچۇپ چىقىپ جاھانغا تارقىلىپ كېتىپتۇ ۋە يەنە كېسەللىك تارقىتىشقا باشلاپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن كىشىلەر بۇ ھاشاراتلارنى «چىۋىن» دەپ ئاتاپتۇ.

# پادشاھ بىلەن چۈمۈلە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتۈپتىكەن، بۇ پادىشاھ ئۆزىنى دۇنيادا مېنىڭدەك ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە سۆزمەن ئادەم يوق، دەپ ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر قىسىم لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. قۇرت ـ قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ئون كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن، ئەگەر سىرتقا چىقسا، ئاتلىرىمىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ خەۋەر قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى چۈمۈلىلەر ئاڭلاپ، پادىشاھنى بىر كۈن مېھمان قىلىپ، ئاندىن يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ.

پادىشاھ چۈمۈلىلەرنىڭ يول توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ چۈمۈلە پادىشاھىدىن سوراپتۇ.

— پادىشاھئالەم، جانابلىرىنى ھۇزۇرىمىزدا بىر كۈن تۇرۇپ مېھمان بولۇپ كېتەمدىكىن، دەپ ئالدىلىرىغا چىققاندۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۈمۈلە پادىشاھى. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ھەي ئەخمەق، بىزغۇ قونارمىز، شۇنچە ئادەم بىلەن ئۇلاغلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ.

— ئويلىدىم، ئويلىدىم. ئەمگىكىمىز بىلەن باياشات مېھ-مان قىلالايمىز، پادىشاھئالەم، — دەپتۇ چۈمۈلە پادىشاھى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان پادىشاھ «رىزقىڭلارنى خۇدايىم بې-رىدۇ» دېگەن بولساڭ، مېنى يەڭگەن بولاتتىڭ، شۇنچە ئادەم ۋە ئۇلاغلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە ئەمگىكىڭ بىلەن جاۋاب قىلالىغىنىڭنى كۆرەرمىز دەپ، بىر كۈن مېھمان بولۇپ كې-تىشكە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چۈمۈلە پادىشاھى مېھمانلارنى تىكىپ تەييارلاپ قويغان چېدىر - بارگاھقا تەك-لىپ قىپتۇ.

چۈمۈلە پادىشاھى ھەربىر چۈمۈلىنىڭ بۇگۈنكى مېھ-مانلارغا ئاتاپ بىر تالدىن نانىنىڭ ئۇۋىقى، بىر تالدىن سۇلۇ، بىر تالدىن ياۋا بېدە ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. چۈمۈلىلەر بۇ تاپشۇرۇقنى بىردەمدىلا ئورۇنداپ بوپتۇ، بېدە، نان، سۇلۇلارنى يىغىپ، دۆۋە - دۆۋە قىلىۋېتىپتۇ. بۇ يىغىلغان نەرسىلەرنى لەشكەر ۋە ئات - ئۇلاغلار بىر كۈن يەپ ئاران يېرىملاشتۇ-رۇپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ:

— ھەي چۈمۈلە، سېنىڭ بېشىڭ نېمانچە يوغان ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېشىمدا ئەقلىم تولا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۈمۈلە.

— بېلىڭ نېمانچە ئىنچىكە؟

— چوڭ ئىشلارغا بېلىمنى مەھكەم باغلايمەن.

— ئۇنداق بولسا، قۇيرۇق تەرىپىڭ نېمانچە يوغان؟

— كۈچ - قۇۋۋىتىم جىق.

پادىشاھ بۇ جاۋابلارغا قايىل بولۇپ، باشقا سوئال سورىيالماپتۇ ۋە شىكارغىمۇ چىقماي ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

# بوغداي دېنى ئېمشقا سوقچاق

ئۆزىنى ئالىم چاغلاپ يۈرگەن ئازازۇل خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ شەيتانغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، دوزاختا يالغۇز ئازابلىنىشتىن قورقۇپ، بەندىلەرنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيهىسسالامنى ئازدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شەيتان بەندىلەرنىڭ كۆندىلىك ئوزۇقى بولغان بىر تال يۇمىلاق بوغداي دېنىنى ئېلىپ ئادەم ئەلەيهىسسالامغا:

— سىز خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، شۇڭلاشقا سىزنى خۇدا پەيغەمبەر دەرىجىسىگە كۆتۈردى، سىزنىڭ ئەۋلادلىرىڭىز خۇدانىڭ ئالدىدا شۇڭلاشقا ئۇلۇغ. بىراق، خۇدا سىزنى ھەم يېمەس، ھەم ئىچمەس قىلىپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىڭىزنىڭ يېمەكلىكنى كۆرۈپ تۇرسىڭىزمۇ تەمىنى بىلمەيسىز. مېنىڭچە، ئەۋلادلىرىڭىز يېگەن ئوزۇقنىڭ تەمىنى بىلگەن بولسىڭىز، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ۋە رەھمىتىگە تېخىمۇ قايىل بولغان بولاتتىڭىز. شۇڭا، بەندىلەرنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى تېتىپ كۆرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن خۇداغا رەھمەت ئوقۇپ قويارمىكىن دەپ، بىر تال بوغداي دېنى ئەكەلدىم، — دەپتۇ ۋە بىر تال بوغداي دېنىنى ئادەم ئەلەيهىسسالامغا بېرىپتۇ. بۇنىڭغا ھەۋەسلەنگەن ئادەم ئەلەيهىسسالام بوغداينى ئاغزىغا سېپتۇ —

دە، يۇتماقچى بوپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان خۇدا شۇئان جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇق قىلىپ:

— ئەي جەبرائىل، سەن دەرھال ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كانىيىنى سىق، كانىيىدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئۆتۈپ كەتمىسۇن ھەمدە ئۇ شەيتانغا ئالدانغانلىقى ئۈچۈن تۇۋا قىلسۇن، — دەپتۇ.

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام دەرھال خۇدانىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كانىيىنى بىر سىققانىكەن، ھېلىقى يۇمىلاق بۇغداي ئېزىلىپ سوقىچاق بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر تەرىپىگە جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باش بارماق تىرنىقىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇغداي دېنى سوقىچاق بولۇپ قالغانىكەن.

# قوغۇن-تاۋۇز قانداق تارقالغان

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، تەكلىماكاننىڭ چېتىدە سېلىم ئىسىملىك بىر كىشى بولغانىكەن. ئۇ چېۋەر، ئەمگەكچان ئادەم بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتىدىكەن. ئۇ دائىم سەھەر، چىڭقىچۈش، كەچ ۋاقىتلىرى قالپىقىنى سايىۋەن قىلىپ، كەتمىنىنى ھەمراھ قىلىپ، ئېدىر - سازلىقلارنى رەتلەپ ئاغدۇرۇپ، زىرائەت تېرىپ سۇغىرىپ، ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ، خۇشال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر يىلى سېلىم بوۋاي دېھقانچىلىقتىن قىلغان ئەجرىگە لايىق مول ھوسۇل ئاپتۇ. ئۇ ئاللانىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپاتىدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ، دېھقانچىلىقتىن ئالغان مەھسۇلاتلىرىنى يىراق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ راسا ئوخشىغان قوغۇن - تاۋۇزلاردىن بىرقانچە تاغارغا قاچىلاپتۇ - دە، خاسىيەتلىك بىر كۈنى ھارۋىسىغا بېسىپ، يىراق شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ يەتتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىق كۆز ئالدىدا نامايان بوپتۇ. ئۇ ئادەمزات بار يەرگە يېقىنلاشقانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ. كەچ كىرىپ كەتكەنلىكتىن ئېغىر يۈك تارتىپ، ئۇزۇن يول بېسىپ ھېرىپ كەتكەن ئاتلىرىنى يېزىنىڭ بىر چېتىگە تارتىپ ئارام ئېلىپ، ئەتىسى سەھەر يولغا چىقماقچى

بوپتۇ. ئۇ ئىتنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، هارۋا ئاستىدا ئول-تۇرۇپ نان بىلەن قوغۇننى مەززە قىلىپ يەپ قورسىقىنى تويدۇرۇپتۇ - دە، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

پېشانىسىگە ئاپتاپ تەگكەندىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، كۈن چاشگاھ بولغانىكەن. ئەتراپتا قىر بېغىرلاپ سايرىشىۋات-قان تورغايلاردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ دالىنى ئارىلاپ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز بۇغدايزارلىققا قاراپ مېڭىپتۇ، ئىتى-نىڭ بۇغدايلىق ئىچىدە ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر ئىتىز بۇغداينى يەپ يەرنى ئاقلاپ قويغان ئىتىغا راسا كايىپتۇ - دە، ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكىدىن قىلغان ئىشىغا خىجىل بولۇپ، باشقىلارغا زىيان سالغانلىقىدىن ئۇيىلىپتۇ، نابۇت قىلىنغان زىرائەتلەرگە ئېچىنىپتۇ. ئۇ زىيان بەدىلىگە ئوخشىغان بىر دانە قوغۇن بىلەن بىر دانە تاۋۇزنى ئىتىزلىق-تا زىرائەت ئىگىسىگە قالدۇرۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئەتىسى بىر دېھقان ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنى يوقلاپ كەپ-تۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىر ئىتىزنىڭ ئوتتۇرىسى ئاق تۇرغۇ-دەك. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا يېقىن بارسا دۈگىلەك ئىككى نەرسە ئىتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقانىمىش. ئۇنىڭ نە كۆ-زى، نە پۇتى، نە ئېغىزىنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك ئىمىش. ئۇ كىشى ئەجەبلەنگەن ھالدا: «بۇ ئېھتىمال بىر ۋەھشىي مەخلۇق ئوخشايدۇ، كىچىككىنە تۇرۇپ بىر ئىتىز بۇغداينى يەپ بوپ-تۇ» دەپتۇ - دە، ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپ مەھەللىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ:

— ھەي خالايىق، چاپسان بولۇڭلار ! قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار ! يېزىغا بىر جۇپ مەخلۇق پەيدا بوپتۇ. دەرھال يو-قاتمىساق، زىرائەتلىرىمىزنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلىغۇدەك...

تەرەپ - تەرەپتىن كىشىلەر يىغىلىپ، «دۈشمەن»گە قار-

شى قوراللىنىپ ئىتىزغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. قارىسا، راستىنلا بىر پارچە يەردە زىرائەت يوق تۇرغۇدەك، ئىككى دۆگىلەك نەرسە ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇگۈلۈپ ياتقۇدەك. كۆپچىلىك ھەيران قاپتۇ ـ دە، غەزەپلىرىگە چىدىماي كالتەك ـ توقماقلار بىلەن ئۇ مەخلۇقلارنى دۇمبالاشقا باشلاپتۇ. زەربىگە ئۇچرىغان بۇ ئىككى نەرسە يەر بىلەن يەكسان بوپتۇ، سۆلىرى ئېقىپ، ئۇرۇقلىرى ھەر تەرەپلەرگە چاچراپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— ئەييۇھەنناس، بۇ مەخلۇقنى كۆرمەمدىغان، قانلىرى يەرنى بويىۋەتتى. قورسىقىدىكى باللىرى نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى تۇغۇلۇپ كۆپىيىپ كېتىدىغان بولسا، دېھقانچىلىقىمىزنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇتۇپ تاشلايدىكەن. ھېلىمۇ دەل ۋاقتىدا يوقىتىپتىمىز، — دېيىشىپتۇ. ئۇلار قىلغان ئىشلىرىدىن خۇشاللىنىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

كېلىدىغان يىلى بۇ يېزىدا ئاجايىپ ئىش بوپتۇ: ھەر تەرەپكە چاچراپ كۆمۈلگەن ئۇرۇقلار ئۇنۇپ چىقىپ، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن پېلەك تارتىپتۇ، چېچەكلەپ خەمەكلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ پىشىپ ۋايىغا يەتكەندىن كېيىن، كىشى كۆتۈرۈپ ئالالمىغۇدەك يوغىناپ ئېتىزلىقلاردا دۆۋىلىنىپ يېتىشىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ مۆجىزىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ. يېرىپ يەپ كۆرسە ئېغىزنى قورۇغۇدەك شېرىن ـ شەربەتلىك ئىمىش. ئۇلار ھەر تەرەپتىن تاغار ـ سېۋەتلىرىنى ئەكېلىپ ئۆيلىرىگە توشۇشقا باشلاپتۇ. كېيىن ئۇلار بۇ نەرسىنى بىر كىشىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىشىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوغۇن ـ تاۋۇز كەڭ ئىقلىمغا ئەنە شۇنداق تارقالغانىكەن.

# قوغۇن دېگەن نام قانداق كېلىپ چىققان

بىر كۈنى قۇمۇل دىيارىدا قوچۇغۇن ئىسىملىك بىر ئاقساقال زىرائەتلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئېتىزلىقنىڭ چەت ياقىسىدا بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئۇچرىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئۆسۈملۈك ھەر تەرەپكە پېلەك تاشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ پېلەكلىرىدە توخۇ تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتا نۇرغۇن مېۋىلىرى تۇرغۇدەك. ئۇ ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بىر تالىنى ئۈزۈپ تېتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئالما تەمى بارلىقىنى سېزىپتۇ. قوچۇغۇن ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋېلىپ، كېيىنكى يىلى تېرىپ، ئوغۇتلاپ، سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلغانىكەن، ئۇنىڭ مېۋىسى پىيالىدەك يوغىناپتۇ، لېكىن ياۋا ئۆسكىنىگە قارىغاندا خەمكى ئازراق چۈشۈپتۇ. پىشقاندىن كېيىن يەپ باقسا تەمى قالتىس تاتلىق ئىكەن، ئېقىپ چۈشكەن شىرىنلىرى قولىغا يېپىشىپ تۇرغۇدەك. قوچۇغۇن بۇ مېۋىنى ئەل ـ جامائەتنىڭ تېتىپ كۆرۈشىگە سۇنۇپتۇ. بۇ مېۋىنى يەپ كۆرگەنلەر ئۇنىڭ تاتلىقلىقىغا قايىل ۋە مەمنۇن بولۇپ قوچۇغۇنغا ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن ئېلىۋېلىپ كېيىنكى يىلى تېرىپ مېۋە ئاپتۇ. ھەممە كىشى بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولۇشۇپتۇ.

لېكىن، قوچۇغۇن ئاقساقالنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدى-

غىنى بۇ مېۋىنىڭ كىچىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ يو-غىنىتىش ھەم مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئىكەن. شۇڭا، ئۇ بىر كۈنى ئۆيىدە مۇشۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئويغا چۆمگەن ھالدا ئولتۇرغىنىدا بىر ئاقساقال كىشى كىرىپ قاپتۇ. قو-چۇغۇن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇ كىشىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، ھېلىقى مېۋىسى بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئۇ كىشى قوچۇغۇن ئاقساقالنىڭ بۇ ئىشىدىن رازى بولۇپ، بۇ مېۋىنىڭ ئۇرۇقىدىن يەتتە داننى ئالدىغا قويۇپ، قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ: «مۇشۇ يەتتە دانە ئۇرۇق ساڭا ۋە سېنىڭ ئېلىڭگە بەرىكەت بولسۇن. بۇ يەتتە دانە ئۇ-رۇقنىڭ بىرى ياشانغانلارغا، بىرى ئوتتۇرا ياشلىقلارغا، بىرى ياشلارغا، بىرى دانىشمەن - ئۆلىمالارغا، بىرى ئەمەلدار - بەگلەرگە، بىرى مەستۇرە - ئايىملارغا، بىرى سەبىي بالىلارغا خاس بولغاي. بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلاركى، نىيىتىڭلار ساپ ۋە خالىس بولسۇن، ئۆزئارا ئىناق، ئوچۇق قول، مېھماندوست بولغايسىلەر» دەپ ئۆيدىن چىقىپ غايىب بوپتۇ.

قوچۇغۇن ئاقساقال بۇ يەتتە دانە ئۇرۇقنى ياخشى ساقلاپ قويۇپ، كېلەر يىلى ئەتىيازلىقى ئايرىم جايغا تېرىماقچى بوپ-تۇ. لېكىن، ئۇ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، ھەرقانچە داۋالانسىمۇ بارغانچە ھالسىزلىنىپ ماجالى قالماپتۇ. ئۇ ئاخىر جامائەتنى چاقىرتىپ، مويسىپىت كىشى-نىڭ نەسىھەتلىرىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشنى ۋەسىيەت قىپتۇ ۋە كېسەلدىن شىپا تاپالماي تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. خەلق قوچۇغۇن ئاقساقالنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ يىغلاپ - قاقشاپتۇ.

قوچۇغۇن ئاقساقالنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خېلى ۋاقىتلار

ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر شۇ چاغقىچە بۇ مېۋىنى نېمىدەپ ئاتىشنى بىلەلمەپتۇ. جامائەت ئىچىدىن بىر قىدىسىملار چىقىپ بۇ مېۋىگە ئىسىم قويۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. كۆپچىلىك خۇشاللىق بىلەن ئىسىم قويۇش ئۈچۈن مەسلىھەتلىشىپتۇ، ھەركىم ئويلىغىنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. مەسلىھەت ئۈچ كۈن داۋام قىلىپمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ. تۆتىنچى كۈنى جامائەت ئىچىدىن ياشانغان بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ مېۋە ئىلگىرى يوق ئىدى، بۇنى ئاقسارقىلىمىز قوچۇغۇن تېپىپ ئۆزلەشتۈرگەن، شۇڭا بۇ مېۋىنىڭ ئىسمىنى ‹قوچۇغۇن› دەپ ئاتىساق، ئاقسارقىلىمىزنىڭ نامى ئەۋلادلىرىمىزغا مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالسا، قانداق؟» دەپتۇ. بۇ پىكىر كۆپچىلىككە تولىمۇ ياققاچقا، بۇ مېۋىنىڭ ئىسمىنى «قوچۇغۇن» دەپ قويۇشۇپتۇ. يىللار ۋە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قوچۇغۇن» دېگەن ئىسىمدىكى «چۇ» چۈشۈپ قېلىپ «قوغۇن» دەپ ئاتىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ يەردىكى جامائەت قوچۇغۇن ئاقساقالنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مويسىپىت كىشى دۇئا قىلغان يەتتە دانە ئۇرۇقنى ئايرىم ـ ئايرىم تېرىغانىكەن، ئۇنىڭدىن دېگەندەك يەتتە خىل قوغۇن چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بىرى بىشەكشېرىن بولۇپ، ياشانغان بوۋاي ـ موماylarغا، بىرى جاغدا قوغۇن بولۇپ، ئوتتۇرا ياشلىقلارغا، بىرى كۆكچى بولۇپ ياشلارغا، بىرى شېكەرسۈيى (ناشېكەر) بولۇپ، مەستۈرە ـ ئايىملارغا، بىرى چار قوغۇن بولۇپ، ئەمەلدار ـ بەگلەرگە، بىرى پوستىپىياز بولۇپ، دانىشمەن ـ ئۆلىمالارغا، بىرى چىلگە بولۇپ، سەبىي بالىلارغا خاس ئىكەن.

# مېۋىلەرنىڭ خىسلىتى

بىر پەرىشتە خۇدادىن سورىغانمىش:

— ئى خۇدا، مۇبادا سەن ئىنسانلارغا ئوخشاش ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ رىزقى - لوقما يەيدىغان بولساڭ، نېمە يەيتتىڭ؟

خۇدا دېگەنمىش:

— ئەتىگەنلىكىمگە شاپتۇل، چۈشلۈكۈمگە ئۈزۈم، كەچ-لىكىمگە ئەنجۈر.

— كېسەل بولساڭ؟

— ئانار.

— ھېرىپ - چارچىساڭ؟

— قوغۇن.

— ئۇسساپ كەتسەڭ؟

— تاۋۇز.

— ئۇيقۇڭ كەلسە؟

— جىگدە.

— ئۇخلىيالمىساڭ؟

— چىلان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەر بىر مېۋە - كۆكتات مەلۇم كېسەلگە داۋا ئىمىش.

# ئەنجۈرنىڭ ئاتۇشتا ئۆستۈرۈلۈشى

## 1

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن پادىشاھ ئەفراسىياپ يەر يۈزىدە يەتتە ئورۇندا پايتەخت قۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى ئەردەۋىل شەھىرى، يەنە بىرى سۇددىقۇت[①] شەھىرى، يەنە بىرى كورلا شەھىرى ئىكەن. قالغان تۆت شەھەر تۇرپان، خوتەن، ئالمىلىق، بالاساغۇن شەھەرلىرى ئىكەن.

پادىشاھ ئەفراسىياپ بىر كۈنى پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ، كېڭەشتە پادىشاھلىقنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ھەممىسىدە خۇددى جەننەتكە ئوخشاش باغ بىنا قىلماقچى بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل مېۋىلەرنىڭ كۆچەتلىرىنى يىغىپ كېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ، دۇنيانىڭ ئەڭ چېتى — دېڭىزغىچە چاپارمەن ماڭدۇرۇپتۇ. چاپارمەنلەر قىرىق ئاي، قىرىق كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئۆزى ئۇچراتقان مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېسىل دەپ قارىغانلىرىنى تاللاپ، ھەم

---

① سۇددىقۇت — سۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى قەشقەر شەھىرى.

كۆچىتىنى، ھەم ئۇرۇقىنى ئېلىپ ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ ـ دە، بۇ يەتتە شەھەردە خانلىق باغ ياساش ئۈچۈن كىرىشىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئەي بولۇپ كۆپىيىپتۇ، بەزىلىرى قۇرۇپ يوقىلىپتۇ. ئەنجۈر ئەنە شۇ زاماندىن باشلاپ ئاتۇشقا يەرلىشىپ قالغانىكەن.

## 2

زامانلارنىڭ زامانىسىدا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، دانالارنىڭ داناسى بولمىش خاقان ئەفراسىياپ بىر كۈنى ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە جەننەتتە سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرگۈدەك ئىمىش، جەننەتتىكى ھۆر ـ غىلمانلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچقۇدەك ئىمىش، شېرىن ـ شەربەت مېۋىلەر ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغۇدەك ئىمىش. ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا چۈشى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابايا كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى ئوردىغا چاقىرىپ ئۇلارغا چۈشىنى بايان قىپتۇ ۋە قولىنى ئېچىپ ئابايا چۈشىدە يېگەن مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى كۆرسەتمەكچى بوپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانداق مېۋىنىڭ ئۇرۇقى يوق ئىكەن، ئەمما خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن خان شۇنداق ئالىقىنىنى ئېچىشىغا بىر چاڭگال ئۇرۇق پەيدا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇرۇقلار تېرىپ ئۆستۈرۈلۈپ ھازىرقى ئەنجۈر پەيدا بولغانىكەن.

## 3

پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولمىش خاقان ئەفراسىياپ يەتتە

شەھەردە پايتەخت قۇرۇپتۇ. ئۇ ھازىرقى كۇچا شەھىرىدە خاتىلىق تەختىدە ئولتۇرغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە جەننەتتە سەيلە قىلىپ چۇش كۆرۈپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ ئوردىغا مۇنەججىملەرنى چاقىرىپ بۇ چۇشىگە تەبىر ئېيتقۇزۇپتۇ. مۇنەججىملەر پادىشاھقا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە چاپارمەن ماڭدۇرۇپ، خۇددى جەننەتكە ئوخشاش باغ بىنا قىلدۇرۇش لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە چاپارمەن ماڭدۇرۇپتۇ. كۇنپېتىش تەرەپكە ماڭغان چاپارمەنلەر قايتىش سەپىرىدە قەشقەردە ئۇچراشماقچى بوپتۇ. ئۇ زاماندا ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان چۆل - جەزىرىلەر پۈتۈنلەي دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئورمانلىق ۋە يايلاق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن چاپارمەنلەر بۇ ئوتلاقتا ئات - تۆگىلىرىنى بىرنەچچە كۈن بېقىشۇپلىپ، ئاندىن يەنە سەپەرگە چىقىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇلار ئات - تۆگىلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قەيەرگە بارغانلىقى، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكى، قانداق ئېسىل مېۋە كۆچەتلىرىنى ۋە ئۇرۇقلىرىنى ئەكەلگەنلىكى، كىمنىڭ ئەكەلگەن مېۋىسىنىڭ مۇكاپاتقا لايىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزئارا بەس - مۇنازىرە قىپتۇ. نەتىجىدە، ئەنجۇر كۆچىتىنى ئەكەلگىنى ھەممىدىن ئۇستۇن كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خاندىن ئالىدىغان مۇكاپاتنى تالىشىپ چاپارمەنلەر ئارىسىدا دۇشمەنلىشىش كەيپىياتى پەيدا بوپتۇ. ئۇلار خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىپ تىل بىرىكتۇرۇپ، ئەنجۇر كۆچىتى ئەكەلگەن چاپارمەننىڭ تۆگىسىگە ئارتىلغان ئەنجۇر كۆچىتىنى بىر ئېقىنغا تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توغراق دەرىخىنىڭ كۆچىتىنى يۆكلەپ قويۇپتۇ. بۇ ئېقىندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دېھقان ئېقىپ كېلىۋاتقان ئەنجۇر كۆچىتىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنى سۇدىن سۇ-

زوۋاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئىقلىمدا كۆرمىگەن كۆچەتلەر ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن دېھقان ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، تۇتۇپ قالسا كۆچەت بولسۇن، قۇرۇپ كەتسە ئوتۇن بولسۇن، دەپ ئېتىزلىققا تىكىپ قويۇپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا، كۆچەتلەر كۆكلەپ مېۋە بېرىشكە باشلاپتۇ. دېھقان تۇنجى قېتىم پىشقان ئەنجۇر مېۋىسىنى خانغا سوۋغا قىپتۇ. خاقان ئەفراسىياپ بۇ مېۋىنى تېتىپ باققۇدەك بولسا، ئىنتايىن شېرىن - لەززەتلىك ئىكەن. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان خان تەختىنى كۆچۈرۈپ ئاتۇشقا كەپتۇ. خان دەسلەپتە چېدىرىنى ئاتۇشنىڭ غەربىي شىمالىي تەرەپكە جايلاشقان تاغ باغرىغا تىكىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «تەختى ھون[1]» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنچە خان ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھېلىقى چاپارمەنلىرى بىر - بىرىگە ئورا كولاپ دۈشمەنلەشكەن، ئەنجۇر كۆچىتىنى تاشلىۋەتكەن جايغا پۇقرالارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئازماسلىقى ئۈچۈن «ئازغان» دەپ ئات قويۇپتۇ. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن خان چېدىرىنى ھازىرقى «سۇنتاغ[2]» دېگەن يېزىغا يۆتكىگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن خاقان ئەفراسىياپ بۇ زېمىندا شەھەر بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنى بۇ يەردە ئەڭ كۆپ ئۆسىدىغان ئارتۇچ دەرىخىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغانمىش.

## 4

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى كۆنچى دەريا ۋادىسىدا

---

① تەختى ھون — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىرقى تەختىيۇن دەپ ئاتىلىدىغان يېزىنىڭ نامى «تەختى ھون» دىن ئۆزگەرگەنىكەن.

② سۇنتاغ — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇنتاغ قەدىمكى «سۇڭ تەخت» (كېيىنكى تەخت) دېگەن ئىسىمدىن ئۆزگەرگەنىكەن.

يوپۇرمىقى ئالىقاندىنمۇ كەڭ، مېۋىسى ئالتۇندەك سېرىق، تە-
مى خۇددى ھەسەلدەك شېرىن بىر خىل مېۋە دەرىخى ئۆسـ-
ىدىكەن. بۇ مېۋە ئەنجۇر ئىكەن. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
يات ئەللىك سودىگەر بۇ ئەنجۇر مېۋىسىدىن سوۋغا سۈپىتىدە
ئۆز ئېلىنىڭ پادىشاھىغا ئازراق ئېلىۋاپتۇ. سودىگەر دۆلىتىگە
يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر بىلەن
يات ئەلدە ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك قى-
لىپ پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە ئېلىپ كەلگەن ئەن-
جۈرنى پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ ئەنجۈرنى يەپ كۆر-
گەندىن كېيىن بۇنداق شېرىن تەملىك مېۋە چىقىدىغان كۆن-
چى دەريا ۋادىسىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋېلىش نىيىتىگە كەپ-
تۇ - دە، زور قوشۇن چىقىرىپ بۇ گۈزەل ۋادىنى بېسىۋاپتۇ.
خەلق قوزغىلىپ، يات ئەلدىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى
تۇرۇپتۇ، بىراق خەلق مەغلۇپ بولۇپ، دۈشمەن غالىب كەپتۇ.
نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي قۇربان
بولغان قەھرىمانلارنىڭ قېنى تۆكۈلگەن يەرلەردىن ئەنجۈر
كۆچەتلىرى ئۈنۈپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر:
«ئەنجۈر — قۇربان بولغۇچىلارنىڭ نامايەندىسى. ئۇنىڭ رەڭ-
گىنىڭ سېرىق بولۇشى قەھرىمانلارنىڭ ئالتۇندەك قەلبى» دەپ
مەدھىيىلىشىپتۇ. بۇ خەۋەر پايلاقچىلار ئارقىلىق پادىشاھنىڭ
قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ بۇ زېمىندىكى
ئەنجۈر كۆچىتىنىڭ ھەممىسىنى قومۇرۇپ تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن زوراۋانلار خەلقنى ھاشارغا ھەيدەپ ئەنجۈر كۆ-
چىتىنى قومۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەشقەرلىق بىر
دېھقان بار ئىكەن. ئۇ، بۇ زېمىندا ئەنجۈر كۆچىتىنىڭ نەسلى
تۈگەپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، بىر كۈنى بىر تۈپ ئەنجۈر
كۆچىتىنى ئوغرىلىقچە كولىۋېلىپ قەشقەرگە قاراپ قېچىپتۇ.

ئۇ قېچىپ ئاتۇشقا كەلگەندە جان تەسلىم قىپتۇ. كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇ ئەكەلگەن ئەنجۈر كۆچىتىنى ئۇنىڭ قەبرە بېشىغا تىكىپ قويۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى سۇغىرىپ تۇرۇپتۇ. مانا شۇ سەۋەب بىلەن ئەنجۈر دەرىخى ئاتۇشتا ماكانلىشىپ قاپتۇ.



# جوجەم، پادىچى يىگىت ۋە دىۋە

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى قەدىمكى بولان شە-
ھىرى ئەتراپىدا بىر پادىچى يىگىت ياشىغانىكەن. ئۇ ئىنتايىن
كۆچلۈك بولۇپ، ئۆز دېھقانچىلىكى ئىچىدە ئۇنىڭ كۆچتۈڭ-
گۈرلۈكىگە تەڭ تۇرغۇدەك ھېچكىم يوق ئىكەن. بۇ يىگىت
ئوقيا ئېتىشقا، سالما تاشلاشقا قابىل، پەم - پاراسەتلىك، ئە-
قىللىق ئىكەن. ئۇ بالاغەتكە يېتىپ ئۆيلىنىپتۇ. ئۇزۇن ئۆت-
مەي ئوماق، چىرايلىق قىز پەرزەنتكە ئاتا بوپتۇ، قىزغا ئاتاپ
بىر جۈپ توخۇ ۋە مۈشۈك بېقىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆت-
كەندە پادىچى يىگىتنىڭ ئايالى بوۋدرۇقىنا ئوغۇل تۇغۇپتۇ.
ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. پادىچى يىگىت ئوغلىغا ئاتاپ
تاي ۋە ئىت بېقىپتۇ. ئايالى باللىرىغا ئاتاپ باغ بىنا قىلىش
ئىستىكىگە كېلىپ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا كۆچەت تىكىپتۇ. ئۇ
يەرگە «ئۆسكىلەڭ» دەپ ئات قويۇپتۇ. ئايالنىڭ بۇ ئىشى پا-
دىچى يىگىتنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ، شۇڭا ئۇ ئايالىغا: «ئاتا - ئا-
نىمىزدىن مىراس قالغان ھېلىقى جەۋھەرجەمنىڭ ئۇرۇقىنى تې-
رىيلى، بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭمۇ جەۋھەرجەمى بولسۇن» دەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، ئۆسكىلەڭگە جەۋھەرجەمنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ-
تۇ. شۇ چاغدىن ئېتىبارەن پادىچى يىگىتنىڭ ئائىلىسىگە ئاۋا-
رىچىلىك يۈزلىنىشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەن:

كۆھىقاپتا بىر دىۋە بولۇپ، جەۋھەرجەمنىڭ شىپىخىدىن ياسالغان ئوقيا بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىگە ئېتىلسا، ئۇ شۇ ھامان جېنىدىن جۇدا بولىدىكەن، جەۋھەرجەمدىن باشقا ھەرقانداق دەل ـ دەرەختىن ياسالغان ئوق تۇرماق، ھەتتا تۆمۈر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىغا قىلچە زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىكەن. شۇڭا، بۇ دىۋە توختىماستىن ئورمانلىقلارنى، باغلارنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىكەن، قەيەردە جەۋھەرجەم دەرىخىنى كۆرسە، ئۇنى قۇرۇتۇۋەتمىگۈچە توختىمايدىكەن. ئەگەر ئۆستۈرگەن ياكى تېرىغان ئادەمنى بىلىۋالسا، ئىنتىقام ئالماي قويمايدىكەن. دىۋىنىڭ بۇ سىرىدىن پادىچى يىگىت بىلەن ئۇنىڭ ئايالى بىخەۋەر ئىكەن. جەۋھەرجەم ئۇرۇقى ئۆسكىلەڭدە ئۇنۇپ چىققان كۈندىن ئېتىبارەن ئۇلار ۋاقتىدا سۇغىرىپ، ئوغۇتلاپ، كۆچەتنىڭ ئەتراپىنى يۇمشىتىپ، ياخشى پەرۋىش قىپتۇ.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. جەۋھەرجەم كۆچەتلىرى خېلى ئاينىپتۇ. بىر كۈنى پادىچى يىگىتنىڭ ئايالى قىزى بىلەن ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆسكىلەڭدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى، گۈل ـ گىياھلارنى تاماشا قىلىپ يۈرگەنىكەن، شۇ چاغدا ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئەتراپنى تەكشۈرۈپ يۈرگەن دىۋە جەۋھەرجەمنى كۆرۈپ قاپتۇ. دىۋە دەرغەزەپكە كېلىپ ئۆسكىلەڭگە قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپتۇ. بۇ چاغدا پادىچىنىڭ ئايالى بالىلىرىغا جەۋھەرجەم كۆچەتلىرىنى كۆرسىتىپ «جەۋھەرجەم بولغان چاغدا...» دەپ تۇرغانىكەن، غەزەپ بىلەن كەلگەن دىۋە ئايالنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كېتىپتۇ. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمىغان بالىلار «ئاپا، ئاپا !» دېگىنىچە داد ـ پەرياد ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئىت ھاۋشىپتۇ، مۈشۈك مىياڭلاپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، خوراز ئاسمانغا قاراپ ئۈچۈپ كېتىپتۇ.

بالىلارنىڭ يىغىسى پەسەيمەپتۇ. تاي چۇلۋۇرىنى ئۈزۈپ پادىچىنى ئىزدەپ كېتىپتۇ، ئىتمۇ تاينىڭ كەينىدىن كېتىپتۇ، مۈشۈك بالىلارنىڭ ئەتراپىدا مىياۋلاپ ئۇلارنى بەزلەپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن پادىچى كەپتۇ. ئۇ بالىلىرىنى بەزلەپ، بولغان ئەھۋالنى سوراپتۇ. ئۇنىڭ ئوماققىنا قىزى تاتلىق تىلى بىلەن: «ئاپام جەۋھەرجەم بولغاندا... دېۋىدى، بىر قارا نەرسە ئاپامنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ئەكەتتى» دەپتۇ. بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىدىن پادىچى ھەيران بوپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىلىغا «جەۋھەرجەم بولغاندا...» دېگەن سۆز قانداقتۇر بىر مۈشكۈللۈكنىڭ تۈگۈنىدەك مەھكەم ئورۇنلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پادىچى جەۋھەرجەم كۆچەتلىرىنىڭ يېنىدىن بىر دەممۇ ئايرىلماسلىققا قەسەم قىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى خوراز ئۇچۇپ كېلىپ ئۆينىڭ تېمىغا قونۇپ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چىللاپتۇ، ئىت ھاۋشىپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، مۈشۈك مىياۋلاپتۇ. پادىچى قىزىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئايپالتىنى راسلاپ تەييار بولۇپ تۇرغاندا، دىۋە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ بىر تال جەۋھەرجەم كۆچىتىنى يۇلۇپتۇ. پادىچى پالتا بىلەن دىۋىنى غەزەپ بىلەن چېپىپتۇ، ئەمما دىۋىنىڭ قىتىغىمۇ كەلمەپتۇ. بۇ چاغدا پادىچىنىڭ پالتىسىنىڭ سېپى سۇنۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىچى بىلەن دىۋە بىر مەيدان جەڭ قىلىشىپتۇ. پالتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان پادىچى دىۋە يۇلۇپ تاشلىغان جەۋھەرجەم كۆچىتى بىلەن دىۋىنى ئۇرغانىكەن، دىۋە قېچىپتۇ. پادىچى قوغلاپتۇ، دىۋە ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ جەڭدىن كېيىن پادىچى يىگىت ئايالىنىڭ «جەۋھەرجەم بولغاندا...» دېگەن سۆزىنى يەنە ئەسلەپتۇ ۋە جەۋھەرجەمنىڭ يۇلۇپ تاشلانغان نوتىسىغا قاراپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى يەنە خوراز چىللاپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، ئىت

ھاۋشىپتۇ، مۇشۇك مىياۋلاپتۇ. قورالسىز قالغان يىگىت جەۋ-
ھەرجەمنىڭ ھېلىقى نوتىسىنى قولىدا تۇتۇپ تەييار بولۇپ
تۇرۇپتۇ. دىۋە كەلگەن ھامان ئۇنى جەۋھەرجەم كۆچىتى بىلەن
تازا كېلىشتۇرۇپ ئۇرغانىكەن، دىۋە ئىككى دومىلاپ ئۇچۇپ
كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىچى يىگىت دىۋىنىڭ ئۆزىدىن
ئەمەس، جەۋھەرجەم كۆچىتىدىن قورقىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ
قاپتۇ. دىۋە بىرنەچچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، يىگىتنىڭ
قولىدىكى جەۋھەرجەم نوتىسىنى كۆرگەن ھامان ئېلىشماي
قايتىپ كېتىدىغان بوپتۇ. پادىچى يىگىتنىڭ جەۋھەرجەمگە
بولغان ئىخلاسى كۈچىيىپ، ئۇنى ئاسراپ ئۆستۈرۈشكە
باشلاپتۇ.

ئارىدىن يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. جەۋھەرجەم كۆچەتلىرى
يوغىناپ يېڭى نوتا چىقىرىپتۇ. پادىچى يىگىتنىڭ قىزى يەتتە
ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ ئۆسكىلەڭگە كىرىپ جەۋھەرجەمنىڭ يېڭى
نوتىلىرىغا كۆزى چۈشۈپ خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنى قۇچاقلاپتۇ.
شۇ چاغدا ئاپىسىنىڭ «جەۋھەرجەم بولغاندا...» دېگەن سۆزى
يادىغا يېتىپ، ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئىككى
تامچە ياش ئېقىپ جەۋھەرجەمنىڭ غولىغا تامچىلاپتۇ. شۇ
چاغدا خوراز چىللاپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، ئىت ھاۋشىپتۇ، مۇ-
شۇك مىياۋلاپتۇ. پادىچى يىگىت ئەمدى جەۋھەرجەمنىڭ يوغان
شېخىدىن كېسىپ راسلانغان توقمىقىنى تۇتۇپ تەييار تۇرۇپ-
تۇ. بۇ قېتىم دىۋە ئۇلارغا يېقىنلاشماي قۇيۇن چىقىرىپ،
قۇم، شېغىل، توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ جەۋھەرجەم دەرەخلىرىنى
كۆمۈشكە باشلاپتۇ. پادىچى يىگىت دەرغەزەپكە كېلىپ، دىۋە
بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى جەۋھەرجەم توقمىقى بىلەن ئۇرۇپ
قاچۇرۇپتۇ. دىۋە كەتكەندىن كېيىن ئۇلار قۇم، شېغىللارنى
ئادالاپ، جەۋھەرجەمنى زىيان - زەخمەتتىن ساقلاپ قاپتۇ.

ئىككىنچى يىلى پادىچىنىڭ قىزى ئۆسكىلەڭگە كىرىپ جەۋھەرجەمگە قاراپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا بارماق - بارماقتەك ئاپئاق نەرسىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، ئۇكىسىنى چاقىرىپ ھېلىقى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپتۇ. پادىچىنىڭ ئوغلى جەۋھەرجەمگە چىقىپ ئۇ نەرسىلەرنى يەرگە تاشلاپتۇ. قىز ئۇكىسى تاشلىغان نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ تارتقانىكەن، ئۇنىڭدىن سۈزۈك، ئىنچىكە يىپلار سوزۇلۇپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئىككى بالا ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. ئەسلىدە پادىچى قىزنىڭ كۆزىدىن ئاققان سۈزۈك ئىككى تامچە ياشتىن پىلە قۇرتلىرى پەيدا بولغانىكەن، بۇ قۇرتلار جەۋھەرجەم يوپۇرماقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپ غوزەك تۇتقانىكەن. بالىلار كۆرگەن يىپ ئەنە شۇ پىلە غوزىكىدىن چىققانىكەن. بالىلار دەسلەپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەپتۇ. بىردىنلا پادىچىنىڭ قىزى بۇ يىپلاردىن بىرنەرسە توقۇشنى خىيال قىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۇكىسىنى قايىل قىلغاندىن كېيىن، بارچە پىلە غوزەكلىرىنى دەرەخنىڭ ئۈستىدىن ئالدۇرۇپ، يىپلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، دەسلەپ ئالىقانچىلىك نەرسىنى توقۇپتۇ. بۇ ئىش ئۇكىسىغىمۇ يېقىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار نەچچە قېتىم ھەپىلىشىپ يېرىم پارچە پالاس توقۇپ پۈتتۈرۈپتۇ.

ئەتىسى توخۇ چىللاپتۇ، تاي كىشنەپتۇ، ئىت ھاۋشىپتۇ، مۈشۈك مىياۋلاپتۇ. پادىچى يىگىت تەييار بوپتۇ. بۇ قېتىم دىۋە يەرگە چۈشمەي ئېگىزدە تۇرۇپلا ئاغزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن پادىچى يىگىت جەۋھەرجەم نوتىسىنى ئېگىپ يا ياساپتۇ، ئۇششاق نوتىلىرىنى كېسىپ ئوق قىلىپ، دىۋىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. گەرچە بۇ ئوقلار دىۋىنىڭ كۆكسىگە تەگمىگەن

بولسمۇ، ئۇنى قاتتىق يارىلاندۇرۇپتۇ. دىۋە يەنە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇ چاغدا پادىچىنىڭ قىزى بىلەن ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتى بىلەن مۇشۇكى باللار توقۇغان ھېلىقى پالاسنىڭ ئۈستىدە تۇرغانىكەن، پالاسقا جان كىرگەندەك بولۇپ كۆككە كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. پادىچى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ يا ئوقلىرىنى تۇتقانچە تۇرغانىكەن، تاي كىشنىگىنىچە ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. پادىچى تايىنى مىنىپتۇ، شۇ ھامان تايمۇ ئۇچۇپتۇ، ئۇلارغا ئەگىشىپ خورازمۇ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۆھىقاپقا بېرىپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن غارلارنى تەكشۈرۈپ، ئاخىر قەپەسكە سولانغان ئايالنى تېپىپتۇ. پادىچى ئايالىنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسەن، ئىچكىرى ئۆڭكۈردە ئىگراپ ياتقان دىۋىنىڭ كۆكسىگە ئۆزى بىرگە ئەكەلگەن ئوقيا ئوقىنى ئېتىپ ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپتۇ. دىۋىنىڭ بويىنىدىكى ئاچقۇچلارنى ئېلىپ دىۋە تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋە ئۆز ئايالىنى قۇتقۇزۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىچى يىگىت بىلەن ئۇنىڭ ئايالى تۇلپارغا، باللىرى ئۆزلىرى توقۇغان ئۇچار پالاسقا ئولتۇرۇپ ئۆز ماكانىغا قايتىپتۇ.

شۇ يىلى راستتىنلا جەۋھەرجەم مېۋىگە كىرىپتۇ. پادىچى بىلەن ئايالى، ئۇلارنىڭ قىزى بىلەن ئوغلى تەملىك، شېرىن جەۋھەرجەمنى لەززەتلىنىپ يەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ماكاندا كەڭ كۆلەمدە جەۋھەرجەم ئۆستۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. كېيىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ قوۋزىقىدىن قەغەزنى كەشىپ قىپتۇ، يوپۇرمىقىدا پىلە قۇرتلىرىنى بېقىپ ئۆستۈرۈپ، كىمخاب، تاۋار - دۇردۇنلارنى توقۇيدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ غوللىرىدىن ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنى ياساپتۇ، نوتىلىرىدىن كەتمەنگە دەستە، ئوقيا ئوقلىرىنى ياساپتۇ. تۇرپان خەلقى كارىزلارنىڭ جالىرىغا ئۇنى ئىشلىتىدىغان، باللىرىغا كۆز تەگمىسۇن دەپ

بۆشۈكلىرىنىڭ كەرگىلىرىنىمۇ ئۇنىڭ نوتىسىدىن ياسايدىغان بوپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، هازىرمۇ پىچان ناهىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقتا ئالتۇن خوراز چىللىغۇدەك، تۇلپار كىشنىگۇدەك، ئىت هاۋشىغۇدەك، مۈشۈك مياۋلىغۇدەك، بىر يىگىت بىلەن قىزنىڭ راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ياڭراق ناخشىسى ئاڭلانغۇدەك.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا «جەۋهەرجەم» دېگەن بۇ نام ئۆزگىرىپ «جۇجەم»[①] بولۇپ قاپتۇدەك.

① جۇجەم — ئۈجمە، ئۈجمە دەرىخى.

# بادامنىڭ خاسىيىتى

مىلادىيە VIII ئەسىردىن بۇرۇن تۈركىي تىللىق خەلقلەر تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ بويلىردا، سىبىرىيىنىڭ كەڭ يايلاق، ئورمانلىقلىرىدا، بايقال كۆلىنىڭ چىمەنلىك قىرغاقلىرىدا ئىنتايىن راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشايدىكەن. بىراق، مەلۇم يىللارغا كەلگەندە تاسادىپىي ئوردوس يايلىقى تەرەپتە ۋابا كېسەلى تارقىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە پۈتكۈل شەرقىي شىمالىي ئاسىيانىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك قاپلاپ كېتىپتۇ. خەلق تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. ئاۋات بازار، سەھرا، يايلاقلار مۇسىبەتكە چۆكۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرغىزلارنىڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشى، ئوردا ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىشلار ئەۋج ئېلىپ كېتىپ، سان - ساناقسىز كىشىلەر ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىيار خارابىلىككە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ئىلتەرىش خاقان ۋەزىر تۇنيۇقۇققا كىمدەكىم خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋابا ئاپىتىدىن ساقلاپ قالغۇدەك بىرەر دورا - دەرمەك تاپالىسا، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىپ ئوردىدا ياردەمچى ۋەزىرلىك ئۇنۋانىنى بېرىدىغانلىقى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈش پەرمانىنى بېرىپتۇ.

خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن ۋەزىر تۇنيۇقۇق دەرھال نەچچە

نۇسخا يارلىق تەييارلاپتۇ. نەچچە يۈز ئاتلىق جاكارچىغا ئەمر قىلىپ، دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ھەممە يەرنى ئارىلاپ ۋابا كېسەلـ-لىنى ساقايتىشنىڭ بىرەر ئۇنۇملۈك دورىسى ياكى ئۇسۇلىنى بىلىدىغان تېۋىپ تېپىشقا ماڭدۇرۇپتۇ.

ئارىدىن ئون ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ئالتايدىكى ئالتۇن ئوردا ئىچىدە كۆزى كۆرمەس بىر تېۋىپنىڭ ۋابا كېسىلىنى داۋالاش ھەققىدىكى تەكلىپى تۇنيۇقۇق ۋەزىرگە مەلۇم بوپتۇ. تېۋىپـ-نىڭ تەكلىپىدە ۋابا كېسىلىگە ئۇچرىغۇچى بىمار ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ھەر كۈنى يەتتە تالدىن بادام مېغىزىنى يەپ، ئارقىدىن بىر تاۋاق سۈت ئىچسە، چوقۇم ساقىيىدىغانلىقى ئېيتىلغانىكەن.

تۇنيۇقۇق ۋەزىر پۈتۈن دۆلەتكە ۋابا كېسىلىگە مۇپتىلا بولغۇچى بىمارلارغا بادام مېغىزى يېدۈرۈش لازىملىقى ھەققىدـ-دە پەرمان جاكارلاپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتۈپ تەرەپ - تەرەپتىن خۇش خەۋەرلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. خەۋەردە بادام مېغىزىنىڭ راستىنلا ۋابا كېسىلىگە شىپا بولىدىغانلىقى، ھەتتا بادام مېغىزى تېپىلمىسا، بادام دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىـ-رىنى يېسىمۇ مەنپەئەت قىلىدىغانلىقى ئېيتىلىپتۇ. بۇ خۇش خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، بىردەمدىلا ئىچكى توققۇز ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە خەلقىگە مەلۇم بوپتۇ، سىبىرىيەدىكى يەنسەي دەرياسى بويىدىن غەربتىكى باغداتقىچە ھەممە كىشى بادام مېۋىسىنىڭ خاسىيىتىنى ئاڭلىشىپتۇ.

ئىلتەرىش خاقان تۇنيۇقۇقتىن بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ، شۇنداقلا پۈتۈن دۆلەت، خانلىق تەۋەسىدە بادام مېغىزىنىڭ ئالتۇندىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن باھاغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنـ-لىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلتەرىش خاقان پۈ-تۈن مەملىكەت خەلقىگە ھەربىر پۇقرانىڭ ئون تۈپتىن بادام

دەرىخى ئەھيا قىلىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ مەملىكەت تەۋەسىدىكى پۇقرالار ۋابا كېسەللىرىنىڭ ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپتۇ. ئالتايدىكى ئالتۇن ئوردا ئەتراپىدىكى بىر يايلاقتا ناھايىتى كاتتا بادامزارلىق بەرپا بوپتۇ.

ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىشتا بادامنىڭ شۇنچىۋالا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى بىلگەن خەلق بادام دەرىخىنى كۆز گۆھىرىدەك ئەتىۋارلايدىغان، ئاۋۇتىدىغان، ئاسرايدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پىشىپ يېتىلگەن بادام مېۋىسىنىڭ شەكلىنى رەختلەرگە چۈشۈرۈپ زەدىۋال قىلىپ ئۆيلىرىگە تارتىۋالىدىغان، بىناكارلىق ئىشلىرىدىكى نازۇك نەقىشلىرىگە بادامنىڭ شەكلىنى چۈشۈرىدىغان، ھەتتا پالتا، كەكە، چوت سوقىدىغان تۆمۈرچىلەرمۇ ياسىغان سايمىنىنىڭ يۈزىگە بادامنىڭ شەكلىنى چېكىپ چىقىرىدىغان بوپتۇ.

ھازىرمۇ كىشىلەر بادام شەكلى چۈشۈرۈلگەن دوپپىلارنى كىيىشىدۇ ۋە ئۇنى «بادامدوپپا» دەپ ئالاھىدە ئەتىۋارلىشىدۇ.

# ئۆزۈمنىڭ تارقىلىشى

قەدىمدە ئۆتكەن تەڭرىقۇت شانشات ئاستانىدە ئۈزۈم يەپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئېيتىڭلارچۇ، بۇ ئۈزۈملەر دەسلەپ نەدە پەيدا بولغاندۇ؟

بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شانشات دەرغەزەپ بىلەن پەرمان قىپتۇ:

— ئەجەبا، شۇنچە دانىشمەنلىرىم بۇنى بىلمىسە! بۇ سوئالىمغا جەزمەن جاۋاب تاپقايسىلەر!

توققۇز ۋەزىر ناھايىتى خىجالەت بوپتۇ. تەڭرىقۇت دەرھال پۈتۈن يۇرتقا ئەمر قىپتۇ، لېكىن پۈتۈن يۇرتتا ھېچكىم بىلمەپتۇ. بېشبالىققا كىشى ئەۋەتىلىپتۇ، جاۋاب بولماپتۇ. دەشتىئاتاغا كىشى ئەۋەتىلىپتۇ، جاۋاب بولماپتۇ. كۈسەنگە كىشى ئەۋەتىلىپتۇ، جاۋاب بولماپتۇ. قەشقەردىن «ئۈزۈم دەسلەپ ئۇدۇندا پەيدا بولغانمىش» دېگەن جاۋاب كەپتۇ. ئۇدۇنغا ئەلچىلەر ماڭدۇرۇلۇپتۇ.

ئۇدۇن خانى ئاستانىگە بىر دانىشمەننى ئەۋەتىپتۇ. دانىشمەن شانشات خانغا مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

قەدىم - قەدىمدە ئىدىقۇت خانى رەستىلەر ئارىلاپ ئۇدۇندىن كەلگەن سودىگەرلەرنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلار توققۇز تۆگىگە نوم، توققۇز قېچىرغا بۆكەن مۈڭگۈزى بىلەن قاشتېشى، توق-

قۇز ئېشەككە مەرۋايىتتەك سۈپسۈزۈك مېۋە ئارتىۋېلىشقانىـ
كەن. خان سودىگەرلەردىن سوراپتۇ:
— بۇ نېمە نەرسىلەر؟ قايان ماڭدىڭلار؟
سودىگەرلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— تۆگىگە ئارتىلغىنى خانبالىققا سوۋغىتىمىز، قېچىر-
غا ئارتىلغىنى خانبالىقتىكى سودىمىز، ئېشەككە ئارتىلغىنى
يول ئۈستىدىكى ئوزۇقىمىز.
— ئالدىنقى ئىككىسىنى بىلەرمەن، ئەمما ئوزۇقۇڭلار
نېمىدۇ؟
سودىگەرلەر توققۇز مىس لېگەنگە ئۈنى سېلىپ خانغا
ھەدىيە قىلىپ دەپتۇكى:
— بۇ ئۈدۈننىڭ تاتلىق مېۋىسى ئۈزۈمدۇر.
دانە - دانە مەرۋايىتتەك يۇمىلاق، قاشتېشىدەك سۈپسۈ-
زۈك بۇ مېۋە خانغا ياراپ قاپتۇ. ئۇ خانلىق ئوردىغا پەرمان
قىپتۇ:
— بۇ شېرىن ئۈزۈمنى ئىدىقۇت دىيارىدا بىنا قىلغايسىلەر!
توققۇز نەپەر يىگىت ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ تەييارلىنىپتۇ.
پۈتۈن ئەل - يۇرت نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن ئۇزىتىشقا چى-
قىپتۇ، يىگىتلەرنىڭ خوتۇنلىرى ھەم سۆيگەنلىرى ھەربىرىگە
گۈل چېكىلگەن تاۋار ياغلىق يوللۇق قىپتۇ. ھەر يىگىتكە
بەشتىن ئات قوشۇپ بېرىلىپتۇ.
يىگىتلەر كۈنچىقىشنى سول قولىغا، كۈنپېتىشنى ئوڭ
قولىغا نىشان قىلىپ سەپەر قىپتۇ. كارۋان يولى دەشتى
چۆلگە كەلگەندە ئىز يوقىلىپتۇ. ئۇلار مۇشەققەت ئىچىدە يۈز
كۈن يول يۈرۈپ ئۈدۈن دىيارىغا ئۇلىشىپتۇ. ئۈدۈن خانى ئى-
دىقۇت خانىنىڭ سالام - سوۋغىتىنى قوبۇل قىپتۇ، يىگىت-
لەرگە كاتتا زىياپەت، سوۋغاتلار بېرىپتۇ ھەمدە ئىدىقۇت خا-

نىنىڭ ئىلتىماسىغا مۇۋاپىق ئۇزۇم كۆچەتلىرىدىن بېرىپتۇ.
يىگىتۇېشى مۇراجىئەت قىپتۇ:
— يارەنلەر، خاننىڭ يارلىقىنى بەجا قىلىش ئۈچۈن كۆكلەمگە ئۇلىشىپ يۇرتقا قايتمىقىمىز لازىمدۇر. ھازىر ئىخ-تىيارىمىزدا ئاتمىش كۈن قالدى. يولنى بىر قاتلاپ تېز يۇ-رەيلى. جانجىگەرلىرىمىز بىزنى كۈتمەكتە.
ئۇلار كەمەرلىرىنى تارتىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. توق-قۇز كۈن يول يۈرگەندە بورانغا دۇچ كەپتۇ. تۆگىلەرگە ئار-تىلغان كۆچەتلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار كەينىگە قايتىپ يەنە ئۇدۇن دىيارىغا كەپتۇ. ئۇدۇن خانى يەنە ئۇزۇم كۆچەتلىرىدىن بېرىپتۇ.
ئۇلار كۆچەتلەرنى كىگىزلەرگە يۆگەپ، تۆگىلەرگە ئارتىپ مېڭىپتۇ. توققۇز كۈن يۈرۈپ يەنە بورانغا ئۇچراپتۇ. قۇرغاق شامالدا كۆچەتلەر تامام قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار يەنە كەينىگە يېنىپتۇ.
يىگىتلەرنىڭ بېشى قېتىپتۇ، ئۇدۇن ئەھلى باش قاتۇ-رۇپتۇ. ئاپئاق ساقاللىق دانىشمەن بوۋاي ئەقىل كۆرسىتىپتۇ، ھەممە ئۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ھازىرلىقلار باشلىنىپتۇ.
ئۇدۇن خانى ئوردىدىكى گۈل ئۆستۈرۈلگەن توققۇز دانە ئىدىشنى بوشىتىپ بېرىپتۇ. توققۇز يىگىت توققۇز ئىدىشقا توققۇز تۈپ ئۇزۇم كۆچىتىنى توپىسى بىلەن كۆچۈرۈپتۇ. ئۇلار يول بويى سۇغىرىپ مېڭىش ئۈچۈن توققۇز تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپ توققۇز تۆگىگە ئارتىپ، ئۆزلىرى توققۇز ئارغىماققا مىنىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇدۇن خانى ئاقيول تىلەپ دۇئا قىپتۇ.
يىگىتلەر توققۇز كۈن يول يۈرۈپ تەكلىماكاننىڭ قۇم بورانلىرىغا يەنە يولۇقۇپتۇ. ئىدىشتىكى كۆچەتلەرنى سۇغىرىپ

مېڭىپ دەشتى چۆلدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يې-
رىم يولغا كەلگەندە ئوزۇق تۈگەپتۇ، يىگىتلەر ئاتلىرىنى سو-
يۇپ ئوزۇقلىنىپتۇ. سۇ تۈگەپتۇ، كۆچەتلەر سولىشىشقا
باشلاپتۇ. يىگىتۋېشى بۇيرۇپتۇ:

— ئەي يارەنلەر، تۆگىلەرنى بىر - بىرلەپ سويۇڭلار، ئۇنىڭ قارنىدىكى سۇ بىلەن كۆچەتلەرنى سۇغارغايسىلەر، گۆ-
شىنى بولسا ئوزۇق قىلارمىز.

يىگىتلەر شۇ بويىچە بىجىرىپتۇ. توققۇز كۈنلۈك يول قالغاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. ئۇلار چۆلدە تۈنەپتۇ. قىيان بېسىپ كەپتۇ. يىگىتۋېشى نار تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى يۇلغۇن-
نىڭ يىلتىزىغا مەھكەم باغلاپ، ئۆزى ئىدىشنى چىڭ قۇچاقلاپ تاڭغىچە ئۇنى ئامان ساقلاپ قاپتۇ. قالغان يىگىتلەر ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپتۇ. قىيان كۆچەتلەرنى يىراقلارغا ئېقىتىپ كېتىپتۇ. قىيان توختاپ ھەممە يەر تونۇردەك قىزىپ كېتىپ-
تۇ. يىگىتلەر بىر - بىرىنى ئىزدەپ تېپىشىپتۇ. ساق قالغان بىر ئىدىش كۆچەتنى كۆرۈپ شادلىقتا كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. خاننىڭ پەرمانى، ئەل - يۇرتنىڭ ئارمانى، سۆيگەنلەرنىڭ سې-
غىنىشى ئۇلارغا مەدەت بوپتۇ. ئۇلار نار تۆگىنى يېتىلەپ يەنە مېڭىشىپتۇ. ئۈچ كۈنلۈك يول قالغاندا ئاخىرقى تۆگىنى سو-
يۇپ كۆچەتنى سۇغىرىپتۇ، گۆشىنى يەپتۇ. يەنە مېڭىپتۇ. يۇرتنىڭ پۇرىقى يىراقتىن دىماغقا ئۇرۇلغاندا، ھەممە ھالسىز-
لىنىپ بىر - بىرلەپ يىقىلىپتۇ.

ئىدىقۇت خانى كۈتۈپ - كۈتۈپ تاقىتى تاق بوپتۇ، ئەل - يۇرت قىرانلىرىنى سېغىنىپتۇ. خوتۇن - قىزلار سۇغا چىق-
قانلىرىدا قۇمغاننى قويۇپ ئۇدۇن ياققا تەلپۈنۈپتۇ. خان پەر-
مان قىپتۇ:

— يىگىتلەرنىڭ كېلەر قەرەلى نېكەم يەتتى، يۇرت ئال-

دىغا چىققاي !

ئەل - يۇرت يىتىپ كېلىپ كۆرۈپتۇكى، يىگىتلەر ئىدىشنى چۆرىدەپ هوشسىز ياتقان. يىگىتلەرنىڭ ئاغزى نەملىنىپتۇ، ئۇلار ئېسىگە كەپتۇ. خوتۇن - قىزلار يىگىتلىرىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. هەممە خۇشاللىق ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپتۇ. ئۇلار ئىدىشتىكى ئۈزۈم كۆچىتىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئوردىغا كەپتۇ.

يىگىتلەرگە تارتۇق تارتىلىپتۇ، ئۇلارغا خانلىق يەرلەردىن، كارىزلاردىن بۆلۈپ بېرىلىپتۇ. ئۈزۈم كۆچىتى كۆكلەپ چىقىپتۇ. يىگىتلەر ئۇنى قەلەمچە قىلىپ كۆچۈرۈپ تىكىپتۇ. يىل ئۆرۈلۈپ ئىدىقۇت دىيارىنىڭ ئۈزۈمى پىشىپتۇ. خان ئۇنىڭغا ئېغىز تېگىپتۇ، بۇ ئۈزۈم بەكلا تاتلىق ئىكەن. خان پەرمان چىقىرىپتۇ:

— ئەي يۇرتداشلىرىم، بۇ شېرىن مېۋىنى بۈيۈك توققۇز ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پۈتۈن دىيارىغا كۆچۈرگەيسىلەر !

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ پەرمانى بەجا بولۇپ، بۇ دىياردا ئۈزۈم باغلىرى پەيدا بوپتۇ.

## «سامساق» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

بۇرۇن بىر ئايال بولغانىكەن، ئۇ ئايالنىڭ بىر بالىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئايال ئاش ئەتمەكچى بولۇپ، كۆك-تاتلىقتىن كۆكتات ئەكىرىپتۇ. كۆكتاتلارنى ئاقلاۋېتىپ ئۇنىڭ ئارىسىدا بىر خىل ياۋا ئوتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاشقا سالماقچى بولۇپ ئاقلاپتۇ. ئۇنى بالىسى كۆرۈپ قېلىپ: «ئاپا، بۇ نېمە؟ ئاچچىقمۇ ياكى تاتلىقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاپىسى. بالا بۇ ئوتنىڭ ئاچچىق ياكى تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ئازراق يەپ بېقىپتۇ ۋە بالىلارچە تىل بىلەن: «ئاپا، بۇ نەرسىنى ئاشقا سامىساق بولغۇدەك، ئاچچىق ئىكەن» دەپتۇ. «ئاچچىق بولسا مەيلى، بالام» دەپتۇ ئاپىسى. «سامىساق، جې-نىم ئاپا، ئاشقا سامىساق» دەپ ئەركىلەپ يالۋۇرۇپتۇ بالا.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كۆكتاتنىڭ ئىسمى «سامساق» بولۇپ قاپتۇ. ئەسلي بۇ ئىسىم «سالمىساق» سۆزىنىڭ بالىلارغا خاس بۇزۇپ ئېيتىلىشىدىن پەيدا بولغانىكەن.

# بېھىنىڭ نېمىشقا سۈيى يوق

كۆنلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ھېكىم بارلىق مېۋىلەرنى يىغىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ قانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. مېۋىلەر بىر - بىرلەپ پىكىر بايان قىلىپ، قانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. بىراق، لوقمان ھېكىم تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ مەرىكىگە ئۆزى سۇلۇق، يۇپيۇمىلاق، چىرايلىق كەلگەن بېھى بارغىلى ئۇنىماپتۇ ۋە ئۆز خاسىيىتىنى سىر تۇتماقچى بوپتۇ. بۇ ئىشتىن لوقمان ھېكىمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ غەزەپ بىلەن بېھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي بېھى، سەن نېمە ۋەجىدىن مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەيسەن؟ — دەپتۇ. بېھى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئى لوقمان، مەن داۋالىيالمايدىغان كېسەل يوق. مەندە ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرگۈدەك قۇدرەت تۇرۇقلۇق، سېنىڭ بۇنداق سوئالنى سورىشىڭ مەن ئۈچۈن ھاقارەت ئەمەسمۇ! شۇڭا، شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئەگەر سەن بىرەر كېسەل ئۈستىدە ئىلاجسىز قالغۇدەك بولساڭ، دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا كەل ! — دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ يېرىلغۇدەك بولغان لوقمان ھېكىم بېھىنى قاماللاپ تۇرۇپ:

— سەن تېخى مېنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك بولۇپ كەتتىڭ.

مۇ؟ ! — دەپتۇ - دە، ئۇنىڭ بۇرنىنى سىقىۋېتىپتۇ. شۇ ھا-
مان بېھىنىڭ بۇرنىدىن كورىكراپ سۇ ئېقىپتۇ ۋە ئۇنىڭ
بۇرنىدا لوقمانىنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى قاپتۇ. بېھى شۇ
ئاغرىپ ياتقانچە ئەسلىگە كېلەلمەي، تا ھازىرغىچە رەڭگى
سېرىق، سۇيى يوق، قورغاق بولۇپ قاپتۇ.



# چامغۇر

1

بۇرۇن بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ چەرچەن دەرياسى بو-يىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. كۇزلۇكى بۇغداينى ئورۇپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېگىزلىقتا بىر خىل ئوت ئۇ-نۇپ چىقىپتۇ. دېھقان بۇ ئوتنى كەتمەن بىلەن ئاغدۇرۇپ قا-رىسا، بۇ ئوتنىڭ يىلتىزى تۇخۇمدەك يۇمىلاق ئىكەن. دېھقان بۇ نېمە بولغىيدى دەپ تۇرغاندا، دېھقاننىڭ خوتۇنى ئۇنى سۇدا يۇيۇپتىكەن، ئاقىرىپتۇ. دېھقاننىڭ ئوغلى بىر چىشلەم يەپتىكەن، تەمى چۇچۇمەل تېتىپتۇ. ئوغلى دادىسىغا: «بۇ غو-رىدەك چۇچۇمەل ئىكەن» دەپتۇ. دېھقان توپا - چالما ئارىسى-دىن چىققان بۇ نەرسىنى نېمىدەپ ئاتاشنى بىلمەي تۇرغانى-كەن، خوتۇنى: «چالما غورىسى ئىكەن» دەپتۇ. ئۇنى يىغىۋې-لىپ، گۆش بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ يەپ كۆرسە، بەك مەز-زىلىك تېتىپتۇ.

بۇ كۆكتات ئاغدۇرۇلغان يەردىكى توپا - چالما ئارىسىدىن چىققان بولغاچقا، كىشىلەر دەسلەپ ئۇنى «چالما غورا» دەپ ئاتاپتۇ. «چالما غورا» دېگەن بۇ سۆز كېيىن بارا - بارا ئۆز-گىرىپ «چامغۇر» بولۇپ قالغانىكەن.

## 2

قەدىمكى زاماندا ھەمەدان دېگەن شەھەردە مۇستاپا دېگەن بىر تېۋىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ تۆت يۇزدىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بىلىملىك تېۋىپ، دەپ قاراپ، شاگىرتلىرىم جاي - جايلارغا بارسا، ھەرقانداق تېۋىپلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەرلىك تېۋىپلار كارغا يارىمايدۇ، دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىكەن. مۇستاپا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شاگىرتلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن داۋالاش كەسپىگە ئاساسەن، مەلۇم بىر خىل كېسەللىك كۆپ كۆرۈلۈشى مۇمكىن دېگەن يەرلەرگە ئەۋەتىپ ۋە شۇ يەردە كېسەل داۋالاپ، نام چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىملىقىنى جېكىلىمەكچى بوپتۇ. دەسلەپ ئۇ ئۆپكە كېسەللىكى بويىچە ماھىر تېۋىپ بولۇپ يېتىشكەن سايىت دېگەن شاگىرتىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قەشقەر دېگىز - ئوكياندىن بەكمۇ يىراق ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چوڭ دەريا ياكى كۆللەرمۇ يوق ئىكەن. ئۇ يەردە دائىم توپا - چاڭ ئۆرلەپ تۇرسا كېرەك، شۇڭا ئۆپكە كېسەللىرىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. سەن شۇ يەرگە بېرىپ ئۆپكە كېسەللىرىنى داۋالاپ جېنىڭنى جان ئەت» دەپتۇ.

سايىت دورا - سايمانلىرىنى ئېلىپ، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ قەشقەرگە كېلىپ، دۇكان ئېچىپ، كېسەل كۆرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ تەرىقىدە قىرىق كۈن ئولتۇرسا بىرەر كېسەل كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇقۇشۇپ كۆرسە، بۇ خىلدىكى كېسەللەرنى ئۇچراتماپتۇ. ئامالسىز دۇكىنىنى يىغىشتۇرۇپ، كىشىلەرگىمۇ چاندۇرماي، ئۆز جايىغا قايتىپ كېتىپتۇ ھەم

ئۇستازىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. مۇستاپا ئۇنىڭ سۆزىگە
ئىنتايىن ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭدىن: «سەن ئۇلارنىڭ قانداق
نەرسىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى سوراپ كۆردۈڭـ
مۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، سايىت: «بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمـ
ەن» دەپتۇ. مۇستاپا بۇنىڭ ئۈچۈن بەك كايىپ، قايتا قەشـ
قەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. سايىت قايتىدىن
جابدۇنۇپ قەشقەرگە كەپتۇ. ئۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كىشىلەرـ
نىڭ چامغۇرنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئۆپكە
كېسىلى بار ئادەملەرنىڭ چامغۇر ئۇرۇقىنى ياغ تارتتۇرۇپ،
ئۇنىڭدا قۇيماق ئېتىپ يەيدىغانلىقىنى بىلىپ، بىرقانچە تال
چامغۇرنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ، ئۇستازىغا ئەھۋالنى مەلۇم
قىپتۇ ۋە چامغۇرنى بېرىپتۇ. مۇستاپا ئۆپكە كېسىلىگە داۋا
بولىدىغان ھەممە ئۆسۈملۈك ۋە جانىۋارلارنى ئېنىقلاپ بىلگەن
بولسىمۇ، لېكىن چامغۇر دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ بارلىقىنى
ئاڭلاپ باقمىغانىكەن. ئۇ چامغۇرنىڭ تەركىبىنى ۋە قۇۋۋىتىدـ
ىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆپكە
كېسىلىگە شىپا بولىدىغانلىقىنى دەلىللەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا مەندىنمۇ قابىلىيەتلىك تېۋىپلار ياـ
شاپ ئۆتكەنىكەن، مەن تېخى ئەمچىلىكتە كامالەتكە يەتمىگەـ
نىكەنمەن دەپ، شاگىرتلىرىغا ئالدى بىلەن جاي ــ جايلاردىكى
تېۋىپلاردىن ئۆگىنىپ، ھۈنىرىنى پىششىقلىغاندىن كېيىن،
ئاندىن كېسەل كۆرۈپ داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش
توغرىسىدا مەخسۇس خەت يېزىپ يوللاپتۇ ھەم ئۆزىمۇ ئەمچىـ
لىك ساھەسىدىكى ئىزدىنىشنى قايتىدىن باشلاپ چوڭقۇرلاشـ
تۇرۇشقا كىرىشىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆپكە كېسىلىگە چامغۇرنىڭ داۋا
بولىدىغانلىقىنى ئاناساغۇن دېگەن بىر تېۋىپ تاپقانىكەن.

# چاكاندىنىڭ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشى

كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۈچ كىشى قوشنا يېزىغا بىر تو-نۇشىنىڭ ئۆلۈم نامىزىغا بېرىپ، نامازدىن كېيىن بىر مول-لىنىڭ ئاغزىدىن «ئابىھايات سۈيىنى ئىچكەن كىشى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپتۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئۈچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئابىھاياتنى ئىزدەپ سە-پەرگە چىقىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ بىرئاز ئابىھايات تېپىپتۇ. قا-رىغۇدەك بولسا، ئابىھايات ناھايىتىمۇ ئاز بولۇپ، ئۇنى تەڭمۇ-تەڭ نىسبەتتە بۆلۈپ ئىچىشكە ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمەي، چاكاندا ياغىچىنى ئابىھاياتقا تۇگۇرۇپ نۆۋەت بىلەن ئاغزىغا تېمىتىپ، ھەممەيلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھەققىدە بىرلىك-كە كېلىشىپتۇ. ئۇلار مۇشۇ كېلىشىم بويىچە بىر تال چا-كاندا ياغىچىنى تېپىپ، ئۇنى ئاقلاپ، ئابىھاياتقا تۇگۇرۇپ نۆ-ۋەت بىلەن ئاغزىغا تېمىتىشماقچى بوپتۇ، لېكىن ئابىھاياتنى چاكاندا ئىچىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ھېچنېمە چۈشمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئابىھايات بار قاچىنى بىر تەپكەنىكەن، قاچا بېرىپ بىر توپ چاكاندىنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈلۈپتۇ، قاچىدا قالغان ئازراق ئابىھايات چاكاندى-نىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چاكاندا مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

# قوقاق ۋە يومغاقسوت

بۇرۇنقى زاماندا، تەكلىماكاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە قۇربان ئىسىملىك بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ، باياۋان ناخشىسىنى بولۇشىغا توۋلاپ، قوناقلىقتا سۇ قويۇش ئۈچۈن چوڭ ئۆستەڭ بويىغا كېتىۋاتسا، خۇددى غايىبتىن پەيدا بولغاندەك، تاۋۇزغا ئوخشاش يۇپيۇمىلاق بىرنەرسە پەيدا بوپتۇ ۋە قۇربانغا سۈركىلىپ ئالدىدىن قېچىپ كېتىپتۇ. قۇربان ئاززاق ھوشىنى يىغىپ ھېلىقى غەلىتە نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈسى كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قانداق نەرسىسەن؟

— مە - مە - مەن - مەن قوقاق ... — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى يۇمىلاق نەرسە كېكەچلەپ.

— ھىم، مۇنداق دېگىن، — دەپتۇ قۇربان ۋە قوقاق ئاتلىق نەرسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ھېلىقى ئۆزىنى قوقاق دەپ تونۇشتۇرغان يۇمىلاق نەرسىمۇ ئىككى قەدەم كەينىگە مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقىدىن ھەيران بولغان قۇربان:

— ھەي قوقاقۋاي، نېمىشقا مەندىن قاچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاۋۇ قۇلىقىڭىزغا قىستۇرۇۋالغان يومغاقسۇتنى ئېلىپ

تاشلىسىڭىز توختايمەن، — دەپتۇ قوقاق. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قۇربان خۇشبۇي پۇرايدىكەن دەپ قولىقىغا قىستۇرۇۋالغان يۇمغاقسۇتنى قولىقىدىن ئېلىپ:

— يۇمغاقسۇتنى قىستۇرۇۋالسام مەن قىستۇرۇۋالدىم، سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟ — دەپتۇ.

— يۇمغاقسۇت، — دەپتۇ قوقاق لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز، ئۇ ئەبلەخ نەسلىمىزنى ئۇچرىغانلىكى يەردە قۇرۇتۇپ تۈگەتتى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن كۆپلىگەن ھەمراھلىرىمىنىڭ بېشىغا چىقتى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆچ.

قۇربان قولىدىكى يۇمغاقسۇتنى ئازگالغا تاشلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوقاقنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، چېچىكى چاي بوپتۇ، خۇشاللىقىدىن قۇربانغا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرغىلى قويماپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قۇربان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قۇربان قولىقىدىكى يۇمغاقسۇتنى تاشلىۋەتكىنىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى تاشلىۋەتكەن يەردىن ئەكەلدۈرۈپ قايتىدىن قولىقىغا قىستۇرۇۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ساقىيىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «يۇمغاقسۇت قوقاققا داۋا» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ.

# يولغۇننىڭ غولى نېمە ئۈچۈن قىزىل

يولغۇننىڭ غولى ئەسلىدە كۆك ئىكەن. ئۇ كۆرۈمسىز، تىكەنلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى كۆرگەنلا يەردە يۇلۇپ تاشلايدىكەن، شۇڭا ئۇنى «يولغۇن» (يۇلۇپ تاشلىغىن) دەپ ئاتىغانىكەن.

بىر قېتىمقى ئۇرۇشتا غەيرىي دىندىكىلەر ھەزرىتى ئىمامنى تۇتۇۋېلىپ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئىمامنىڭ كاللىسىنى سانجىپ ئاپىرىش ئۈچۈن جىمى دەرەخلەردىن زىخ ياساپ ئىمامنىڭ كاللىسىغا سانجىپتۇ. ھېچقايسىسى ئىمامنىڭ كاللىسىغا ئۆتكىلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئۇلار يولغۇننى كېسىپ كېلىپ زىخ ياساپ سانجىغانىكەن، ئىمامنىڭ كاللىسىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئىمامنىڭ كاللىسىنى زىخ بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئىمامنىڭ قېنى يولغۇنغا تېمىپ يولغۇننىڭ غولى قىزىل رەڭگە كىرگەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىر كۈنى ئاللاتائالا يولغۇندىن:

— جىمى دەرەخلەر ئىمامنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئۇنىڭ بېشىغا ئۆتمىدى، سەن نېمىشقا ئۆتتۇڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، يولغۇن:

— ئىمام ئۆلگەندىن كېيىن جىمى دەرەخلەردىن زىخ ياساپ ئىمامنىڭ كاللىسىغا سانجىدى، ئۆتمىدى. قارىسام، ئى-

مامىنىڭ كاللىسىنى سانجىغىلى زىخ بولمىغاچقا، ئاتقا سۆرد-
تىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن
ئىمامنىڭ كاللىسىنى ئاتقا سۆرىتىپ خار قىلمىسۇن، ئۇنىڭ-
دىن كۆرە ماڭا سانجىپ كۆتۈرۈپ ئاپارسۇن، دەپ ئويلاپ، ئى-
مامنىڭ كاللىسىغا ئۆتتۇم، — دەپتۇ. ئاللاتائالا بۇنى ئاڭلاپ:

— نامى يۇلغۇن بولسىمۇ، خار بولمىسۇن، چۆل - جە-
زىرىلەردە كۆپىيىپ ئۆسسۇن، تىكەنلىرى بولمىسۇن. ئادەم-
لەرمۇ يۇلغۇننى ئەزىزلەپ، قۇرۇغاندا ئۇلاغلىرىغا ئارتىپ ئا-
پىرىپ، يېقىلغۇ قىلسۇن، ئادەملەرنىڭ يېقىن ئۇلپىتى بول-
سۇن، — دېگەنىكەن.



# لەلى ئوت

بۇرۇنقى زامانلاردا چەرچەندە قاتتىق يەر تەۋرەپ، جاھان ئىسسىپ، چەرچەن دەرياسى قۇرۇپ كېتىپتۇ. سۇ بولمىغاچقا باغۋاران، ئېتىز- ئېرىقلار تاشلىنىپ، ئادەملەر ئارىسىدا ئاچارچىلىق باشلىنىپتۇ، ئادەملەر بىر - بىرلەپ ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. ئادەملەر ئارىسىدا بىر ئوتۇنچى بوۋاي بار ئىكەن. ئۇ ئائىلىسى بىلەن بۇ جاينى تاشلاپ قۇم ئارىسىدىكى بىر نەملىككە بېرىۋاپتۇ. بۇ نەملىكتە بىر بۇلاق بار ئىكەن، ئۇلار بۇلاقنى تېپىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. كېيىن ئاچارچىلىقتىن قاچقان يەنە بىر بۆلۈك ئادەملەر بۇ جايغا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. بۇ جاينىڭ ئەتراپى قۇم بولغاچقا، تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايدىكەن. بۇ جايدا «لەلى» دېگەن بىر خىل ئوت ئۆسىدىكەن. ئادەملەر بۇ ئوتنى يۇلۇپ كېلىپ پىشۇرۇپ يەپتۇ. يىل بويى مۇشۇ ئوتنى يەپ ئاچارچىلىقتىن ئامان قاپتۇ. كېيىن جاھان ئىللىپ، چەرچەن دەرياسىغا سۇ پەيدا بوپتۇ. كىشىلەر قۇم ئوتتۇرىسىدىكى بۇ نەملىكتىن ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ، يەرلىرىنى قايتىدىن تېرىپتۇ. چەرچەندە قايتىدىن ھاياتلىق باشلىنىپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئاشۇ چاغدىكى ئاچارچىلىقنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە: «لەلى دېمەڭ بىزنى، يىلغا چىقارغان سىزنى. ئارپا ئوسۇرغاقنى كۆرۈپ، ئۇنتۇپ قالماڭ بىزنى.» دېگەن قوشاق قالغانىكەن.

# بېدە نېمە ئۈچۈن ھەر يىلى كۆكلەپ چىقىدۇ

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئەۋلىيا ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆز قوۋمىغا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ:

— مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى ئەل خىزمىتى بىلەن ئۆتكۈزدۇم، لېكىن ناھايىتى نامرات كۈن كەچۈردۈم. شۇ ۋەجىدىن ھاياتىمدا مەن بۇغداي ئېشىنى كۆرمىدىم، ئارپا ئېشىغا تويمىدىم. شۇڭلاشقا، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، نامىزىمنى ئارپا ئېگىزلىقىدا چۈشۈرۈڭلار، چۈنكى مېنىڭ نامىزىمنى ئارپا ئېگىزىدا چۈشۈرسەڭلار، ئارپىنى قايتا تېرىش ھاجەتسىز، ھەر يىللىقى كۆكلەپ ھوسۇل بېرىۋېرىدۇ.

بىراق، بۇ ئەۋلىيا ۋاپات بولغان كۈنى كەچ كىرىپ قالغان بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، مېيىتنى قوندۇرۇپ قالساق بولمايدۇ دەپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسىمۇ، نامىزىنى چۈشۈرمەكچى بوپتۇ، بىراق قاراڭغۇدا ئارپا ئېگىزلىقى بىلەن بېدە ئېگىزىنى پەرق ئەتمەيلا بېدە ئېگىزلىقىدا نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بېدە بىرلا تېرىپ قويسا، ھەر يىلى باھار پەسلىدە يەنە كۆكلەپ چىقىدىغان بوپتۇ.

# توققۇز ئەجدىھا تال

## 1

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى قۇمۇلدا بەدرى بەلخى ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىشى شۇنچىلىك مۆمىن ئىكەنكى، بىرەر كىشىنىڭ دىلىنى ئاغرىتـ ـماي، ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاتتىق بوران چىقىپ، يارباغ كۆۋرۈك بو- يىدىكى قارا تاللارنىڭ بىرىنىڭ شېخىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. بەدرى بەلخى ئىسىملىك بۇ كىشى سۇنغان شاخنى ئەكېلىپ هازىرقى توققۇز ئەجدىھا تال مەھەللىسىدىكى بۇلاقنىڭ بويىغا تىكىپ قويغانىكەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تال چوڭىلاپ توققۇز شاخلىق بولۇپ باراقسان ئۆسۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈشى ئادەتتىكى تاللارغا ئوخشاش بولماستىن، بەلكى يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تولغىنىۋاتقان توققۇز يىلاننى ئەسلىتىدىكەن. بۇ توققۇز شاخلىق تال كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «توققۇز ئەجدىھا تال» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

## 2

ئەل شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، چىڭ سۇلالىسى جياچىڭ

خان دەۋرىدە، پايتەخت بېيجىڭ شەھىرىدە بىر قۇدۇق بولۇپ، بۇ قۇدۇقتىن بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئاپئاق تۇتەك ھاۋاغا ئۆرلەپ تۇرىدىكەن. بۇ تۇتەكنىڭ ھاۋاغا ئۆرلىشى ئادەتتىكىچە بولماستىن، خۇددى يىلاندەك تولغىنىدىكەن. كېيىن بۇ تۇتەك ئاستا ــ ئاستا ئازلاپ، ئاخىر يوقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەر خانغا يەتكەندىن كېيىن، خان مۇنەججىملەرنى يىغىپ بۇ ئىشقا مەنە ئېيتىشنى بۇيرۇپتۇ. مۇنەججىملەر:

ــ ئەسلى بۇ قۇدۇقتا خانلىقنىڭ تاج ــ تەختىنى قوغداۋاتقان بىر ئەجدىھا بولۇپ، ھازىر ئۇ غەربىي دىيارغا يۆتكىلىپتۇ. غەربىي دىياردىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ شەرقىدە بىر بۇلاق بار ئىكەن، بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر يىلتىزدىن چىققان ئەجدىھاسىمان توققۇز شاخلىق تال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇچلىرى بۇلاق سۈيىگە تېگەي دەپ قاپتۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۇچلىرى بۇلاق سۈيىگە تەگسە، ئۇلار ھەقىقىي توققۇز ئەجدىھاغا ئايلىنىدىكەن. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى دەرەختە بىر جۈپ قۇش ئۇۋا ياسايدىكەن. قۇش بالىسى تۇخۇمدىن چىققان كۈنى ۋاڭنىڭ ئايالىنىڭ كۆزى يورۇيدىكەن. قۇش بالىسى ئۇچۇرما بولغاندا تۇغۇلغان بالا بالاغەتكە يېتىدىكەن. ئەگەر توققۇز ئەجدىھا تال ھەقىقىي ئەجدىھاغا ئايلىنىپ بالىنى قوغدىسا، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا ھېچ كىشى تەڭ كېلەلمەي، خانلىق ئاخىر شۇ بالىنىڭ قولىغا ئۆتىدىكەن، ــ دەپ مەنە ئېيتىپتۇ. خان بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ:

ــ ئەمدى بۇنىڭغا قانداق ئامال بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ. مۇنەججىملەر:

ــ تالنى دەرھال كېسىپ، تۇخۇمنى چېقىپ تاشلاپ، بالايىئاپەتنى بۆشۈكىدە تۇنجۇقتۇرۇپ، خانلىقنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، ــ دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. خان دەرھال ئۈچ يۈز

لەشكەرنى غەربىي دىيارغا ماڭدۇرۇپتۇ.

شۇ چاغدا قۇمۇلدا مۇھەممەد بېشىر ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى ھامىلدار ئىكەن. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بولۇپ، بىر جۈپ غاز بۇ دەرەختە ئۇۋا ياساشقا باشلاپتۇ. غاز ئەسلىدە سۇ بويلىرىدا ياشاپ، شۇ جايلاردا ئۇۋا ياساپ، بالا چىقىرىدىغان قۇش بولغانلىقتىن، كىشىلەر بۇلارنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئۇۋا ياسىغىنىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. بۇ بىر جۈپ غاز پەقەت بىرلا تۇخۇم تۇغۇپتۇ. بۇلاق بېشىدىكى توققۇز ئەجدىھاسىمان تال ئىنتايىن ئاينىپ باراقسان بولۇپ كېتىپتۇ. خانلىقتىن ئەۋەتىلگەن ئۈچ يۈز لەشكەر ئالتە ئاي يول يۈرۈپ قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، ئاۋۋال دەرەختە يامىشىپ چىقىپ ھېلىقى غاز تۇخۇمىنى چېقىۋېتىپتۇ، ئاندىن بۇلاق بېشىغا بېرىپ توققۇز شاخلىق تالنى بىر ــ بىرلەپ كېسىپتۇ. تاللارنى كەسكەندە ئۇلاردىن قان سىرغىپ چىقىپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە مۇھەممەد بېشىر ۋاڭنىڭ ئايالىنىڭ كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، لېكىن بۇ بالا تەندۇرۇس تۇغۇلماستىن، مېيىپ تۇغۇلۇپتۇ. بۇ بالا ئۇلالمىدىن چىڭۋاڭ بولۇپ، ئۇيغۇرلار «ئاقخان ۋاڭ» دەپ ئاتاپتۇ، خەنزۇلار «تەنۋاڭ»[1] دەپ ئاتاپتۇ.

## 3

رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ خان دەۋرىدە پايتەخت بېيجىڭ شەھىرىدىكى بىر پارچە يەردىن دائىم ھاۋاغا ئاپئاق تۇتەك ئۆرلەپ تۇرىدىكەن. كېيىن بۇ ئاق

---

① تەنۋاڭ ــ (خەنزۇچە) مېيىپ ۋاڭ.

تۇتەك بارغانسېرى ئازلاپ، ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خانغا نارازىلىق كۆچىيىپ، خاننىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىشىشقا يۈز تۇتۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن خان بىر كۈنى مۇنەججىملەرنى چاقىرتىپ بۇ ئىشقا مەنە ئېيتىشنى بۇيرۇپتۇ. خاننىڭ بىر مۇنەججىمى پالنامىسىنى ئاختۇرۇپ مۇنداق مەنە ئېيتىپتۇ:

— ھېلىقى ئاق تۇتەك چىقىپ تۇرغان جاي بىر ئەجدىھانىڭ بېشى بار جاي ئىكەن. بۇ ئەجدىھا خانلىقىنى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قوغداپ تۇرغان بولۇپ، ھازىر ئۇ غەربىي دىيارغا يۆتكىلىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئاق تۇتەك ئۆرلىمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. جايلاردا بولۇۋاتقان نارازىلىق ۋە مالىمانچىلىقمۇ مۇشۇ ئەجدىھاغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، — دەپتۇ.

خان بۇ تەبىرنى ئاڭلاپ بەك ئەنسىرەپتۇ ھەم قانداق قىلىش لازىملىقىنى سوراپتۇ. مۇنەججىملەر:

— دەرھال غەربىي دىيارغا بېرىپ ھېلىقى ئەجدىھانى تېپىپ ئۆلتۈرمىسە، خانلىق غەربىي دىيارغا يۆتكىلىدىكەن، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خان دەرھال يۈز لەشكەرنى مۇنەججىملەرگە قوشۇپ غەربىي دىيارغا بېرىپ، ئەجدىھانى تېپىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار ئەجدىھانى ئىزدەپ ئاراتۇرۇكتىكى نېرىنكىرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى جيەنجاپۇ ئېغىزىغا كەلگەندە كەچ بولۇپ، شۇ جايدا قونۇپتۇ. ئۇلار ئەتىسى شۇ ئەتراپنى ئىزدەپ نېرىنكىرنىڭ جەنۇبى، قۇمتاغنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىككە كېلىپ قارىسا، شۇ جايدىن ھاۋاغا ئاق تۇتەك ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجدىھانىڭ بېشى مۇشۇ جاي ئىكەن دەپ جەزم قىلىپ، شۇ جاينى كولاپ ئەجدىھانىڭ بېشىنى تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇلار بۇ جاينى بىرقانچە ئون گەز ئويغاندىن كېيىن، يەرنىڭ تېگىدىن گۈلدۈرلىگەن ۋەھ-

مىلىك ئاۋاز كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار يەنە كولاشتىن قورقۇپ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، نەچچە ئون تۇڭ سۇ مايىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپتۇ. ئوت بىرنەچچە ئايلار كۆيۈپ توختىغاندىن كېيىن قارىسا، ئاق تۈتەك ئۆرلىمەيدىغان بوپتۇ. ئۇلار ئەجدىھانىڭ بېشىنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتۇق، ئەمدى ئۇنىڭ قۇيرۇقى قەيەردە، دەپ ئىزدەپ، قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ توققۇز ئەجدىھا تال مەھەللىسىگە كېلىپ، بىر تۈپتىن توققۇز ئەجدىھاسىمان ئۆسكەن چوڭ تالنى كۆرۈپ، ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقى مۇشۇ ئىكەن، دەپ ئۇنى كېسىپ تاشلاپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ تاللارنى كەسكەندە قان ئاققانمىش.





# مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ھۈنەر-سەنئەت ۋە باشقىلار توغرىسىدا



مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ھۈنەر - سەنئەت ۋە
باشقىلار توغرىسىدا



# ئون ئىككى موزچىلىڭ كېلىپ چىقىشى

## 1

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئىنسانلار نىمىنىڭ يىل بېشى بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپ تالاش - تارتىش قىلغاندىن كېيىن، كۈننىڭ چىققانلىقىنى قايسى مەخلۇق بالدۇر كۆرسە، يىل بېشى شۇ بولسۇن، دېيىشىپتۇ. بۇ تەكلىپكە ھەممە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ھەممە ھايۋانلارغا ئۇقتۇرۇلۇپتۇ.

ئۇلار بىر كۈنى تاغ ئارىسىغا يىغىلىپتۇ، بىراق بۇ تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىكى چوققىسى پەس، كۈنپېتىش تەرەپتىكىسى ئېگىز، يەنە كېلىپ قىپقىزىل تاقىر تاغ ئىكەن.

مەسلىھەتكە بىنائەن، ھەممە ھايۋانلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۈنچىقىشقا قاراپ تۇرۇپتۇ. يالغۇز چاشقانلا قالغان ھايۋانلارغا كەينىنى قىلىپ كۈنپېتىش تەرەپتىكى تاغ چوققىسىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىرھازادىن كېيىن: «ئەنە كۈن چىقتى!» دېگەن چىرقىراق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، لېكىن بۇ چاغدا ھېچكىم كۈننى كۆرمىگەچكە، بۇ گەپكە ئىشەنمەپتۇ. چاشقان بولسا خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ ۋە تىنماي: «كۈن چىقتى!» دەپ توۋلاشقا باشلاپتۇ. قالغانلار قارىسا، غەرب

تەرەپتىكى تاغ چوققىسى راستتىنلا قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمۈلگەن بولۇپ، چاشقان: «كۈن چىقتى !» دەپ توۋلاپ خىپ-لىدىن كېيىن كۈن كۆرۈنۈپتۇ.

چاشقان ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىگە قاراپ، كۈن نۇرىنىڭ كۈنچىقىشتىكى پاكار تاغلاردىن ئۆتۈپ كۈنپېتىشتىكى ئېگىز تاغ چوققىسىغا چۈشىدىغانلىقىنى، كۈنپېتىشقا قاراپ ئولتۇرسا، كۈننىڭ چىقىشىنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆر-گىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئون ئىككى مۇچەلدە يىل بېشى بولۇۋالغانىكەن.

## 2

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئىنسانلار ھەر بىر يىلنى بىرەر ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتاش توغرىسىدا كېڭەش ئېلىپ بېرىپتۇ، كۆپ تالاش – تارتىشلار بوپتۇ، بىرى ئۇنى دەپتۇ، بىرى بۇنى دەپتۇ، لېكىن پىكىردە بىرلىككە كېلەل-مەپتۇ. ھايۋانلارمۇ ئۆزئارا تالىشىپ، ھەر خىل سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يىلنىڭ بېشى بولغۇسى كەپتۇ. ئاخىر ئىنسانلار قايسى ھايۋان كۈننىڭ بالدۇر چىققانلىقىنى ئالدىدا كۆرەلىسە، شۇ يىل بېشى بولسۇن، دەپ كېلىشىپتۇ، بۇ تەك-لىپ ھايۋانلارغىمۇ خوپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ھايۋان بىر تۈزلەڭلىككە يىغىلىپ كۈنچىقىشقا قاراپ تۇرۇپتۇ. تۆگە ھەممىدىن چوڭ ھايۋان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بويىنىڭ ئېگىز-لىكى، بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ئىشىنىپ، كۈن چىققاننى ھەم-مىدىن مەن ئاۋۋال كۆرىمەن، دەپ مەغرۇر قىياپەتتە تۇرۇپتۇ. بىراق، چاشقاننىڭ ئۆزىنىڭ كەينى پۇتىغا يامىشىپ ئۈستىگە چىقىپ، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ پۇتۇن دىق-

قىتى بىلەن كۆنچىقىشقا قاراپ تۇرغانلىقىنى تۇيماپتۇ. بىر چاغدا: «ئەنە كۆن چىقتى!» دېگەن چىرقىراق بىر ئاۋاز ئاڭ-لىنىپتۇ، بىراق ئاۋازنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى ھېچكىم بىل-مەپتۇ. ئارقىدىن كالا: «ئەنە كۆن چىقتى!» دەپتۇ.

چاشقان بولسا تۆگىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، كۆن چىقتى دېگەندىن كېيىنلا سەكرەپ يەرگە چۈشۈپتۇ، تۆ-گە بۇنى بىلىپ ئاچچىقلىنىپ چاشقاننىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. چاشقان بىر كۆل دۆۋىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. تۆگە بىرھازاغىچە كۆلنى مالتىلاپ، دەسسەپ بىر نەر-سە قىلىپ بولغۇچە، ئۇن ئىككى ھايۋان كۆن چىققانلىقىنى دەپ بوپتۇ. تۆگە چاشقان بىلەن بولۇپ كېتىپ يىل نامىغا ئىگە بولالمىغانىكەن، شۇڭا تۆگە شۇ ئاچچىقىدا ھازىرغىچە قانداق جايدا كۆل ئۇچرىسا دەسسەپ - پېتىقداپ كېتىدىكەن، سەۋەبى چاشقاننى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلىدىغان يېڭى يىل بېشىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزى يىل بېشى بولماقچى ئىكەن.

## 3

ئىنسانلار ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا يېڭى يىلنى بىرەر ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتاشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ، لېكىن قايسى ھايۋاننى يىل بېشى قىلىش ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تالاش - تارتىش بولغان بولسىمۇ، پىكىردە بىرلىككە كېلەل-مەپتۇ. بۇنى ئۇققان ھايۋانلارمۇ يىل بېشىنى تالىشىپ جېدەل قىپتۇ. تۆگە: «مەن ھەممىدىن چوڭ، مەن يىل بېشى بولۇشۇم كېرەك» دېسە، ئات: «مېنىڭ تۆھپەم ھەرقانداق ھايۋاندىن



زور» دەپ يىل بېشى بولماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنـ-
سانلار بارلىق ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا ھەيدەشكە، قايسى
ھايۋان ئالدىدا چىقسا، شۇ ھايۋاننى يىل بېشى قىلىشقا كېلىـ-
شىپتۇ. بۇ تەكلىپكە ھايۋانلارمۇ قوشۇلۇپتۇ - دە، قارشى قىر-
غاققا ئالدىدا چىقىش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن دەرياغا سەكرەپتۇ.
ئۇلار ھەيۋەتلىك دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن
قارشى قىرغاققا چىقىشىپتۇ. ھەممىنىڭ ئالدىدا كالا سۇدىن
چىقىپتۇ، بىراق كالا قارشى قىرغاققا ئەمدىلا پۇتىنى قوياي
دەپ تۇرۇشىغا، كالىنىڭ بوينىغا چىقىۋالغان چاشقان كالىدىن
ئىككى - ئۈچ غۇلاچ نېرىغا سەكرەپ چۈشۈپ ئالدىغا ئۆتۈۋاپـ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن يىلنىڭ بېشى چاشقانغا بېرىلگەنىكەن.

## 4

تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىل ئىلـ-





گىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغانىكەن، لېكىن ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالىشىپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ، شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەربىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئاتلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن» دەپتۇ. خەلق خاقاننىڭ پىكرىنى قوللاپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئۇۋغا چىقىپتۇ ھەمدە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا ئىكەن. خەلق ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدەپتۇ. بىر-



مۇنچە هايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىپتۇ، ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. ئەنە شۇ ئون ئىككى هايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلۇپتۇ. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتۈپتۇ، شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «چاشقان يىلى» دېيىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەر بىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قاپتۇ: ئۇي يىلى (كالا يىلى)، بارىس يىلى (يولۋاس يىلى)، توشقان يىلى، لەھەڭ يىلى (بېلىق يىلى)، يىلان يىلى، ئات يىلى، قوي يىلى، مايمۇن يىلى، توخۇ يىلى، ئىت يىلى ، توڭگۇز يىلى.

توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن، هېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدىكەن.

تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ هەربىرىدە بىر خاسىيەت بار، دەپ تەخمىن قىپتۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كالا يىلى كىرگەندە ئۇرۇش كۆپىيىدىكەن، چۈنكى كالا بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ ئۇسۇشىدىغان هايۋان. توخۇ يىلىدا ئوزۇق ـ تۈلۈك كۆپىيىدىكەن، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدىكەن، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ داننى تېپىش ئۇچۇن ئەخلەت ـ چاۋارلارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدىكەن. لەھەڭ يىلى كىرىش بىلەن هۆل ـ يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدىكەن، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ. توڭگۇز يىلى كىرىشى بىلەن قار كۆپ ياغىدىكەن، سوغۇق قاتتىق بولىدىكەن، پىتنە ـ پاسات كۆپىيىدىكەن، ۋەھاكازا...

كېيىن كىشىلەر يىللارنىڭ رەت تەرتىپىنى ئوڭاي ئەستە ساقلاش ۋە ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۇچۇن بۇ هەقتە مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ ۋە ناخشا قىلىپ ئوقۇپتۇ:

يىل بېشى چاشقان ئېرۇر،
كالىسى مۈرەپ كېلۇر.
يولۋىسى يولدا يېتىپ،
توشقىنى سەكرەپ كېلۇر.
دەريادا بېلىق ئۈزۈپ،
يىلاننى قوغلاپ كېلۇر.

ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە،
مەرەپ كېلۇر.
مايمۇنى ئويناپ ماڭار،
توخۇسى چىللاپ كېلۇر.
ئىتلىرى هاۋشىپ ئۆتەر،
توڭگۇزلىرى تويلاپ كېلۇر.



# توي مەرىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

يىراق قەدىمكى زاماندا توي مەرىكىسى دېگەن يوق ئى-
كەن. ئەر - ئاياللار توي مەرىكىسى ئۆتكۈزمەيمۇ بىر - بىرى
بىلەن بىللە ئۆي تۇتۇۋېرىدىكەن. ئەفراسىياپنىڭ دەۋرىگە
كەلگەندە كىشىلەر شەھەر - بازارلاردا ياشايدىغان، يېزا -
قىشلاقلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان بوپتۇ. كىشىلەر
توپلىشىپ ياكى بىر - بىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ ياشى-
غاچقا، بەزى غەيرىي ئەھۋاللار سادىر بولۇشقا باشلاپتۇ. بەزى-
لەر بىراۋنىڭ ئىلكىدىكى ئاياللارغا چاقچاق قىلىدىغان، بىرگە
ئۆتۈش تەلىپىنى قويىدىغان غەلىتە قىلىقلار ئۈزلۈكسىز يۈز
بېرىپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش - تالاش، قان تۆكۈش-
لەر ئەۋج ئاپتۇ. ئەفراسىياپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، جامائەت-
نى تىنچلاندۇرۇش، كىشىلەر ئارىسىدا شەرمى - ھايا، ئەدەپ -
ئەخلاق تۇرغۇزۇش، ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نۇر-
غۇن چارە - تەدبىرلەرنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ
مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئەر - ئايالنىڭ بىر ئۆيلۈك بولغانلىقىنى
پۈتۈن يۇرت - جامائەتكە ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىپتۇ. شۇنىڭ-
دىن باشلاپ كىشىلەر ئارىسىدا داغدۇغىلىق توي قىلىپ،
تويلاشقانلىق ئەھۋالىنى خالايىققا مەلۇم قىلىدىغان ئىش بار-
لىققا كەپتۇ. ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن توي قىلى-

غۇچى ئادەم سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق لايىق تاپىدىغان ۋە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىدىن ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ.

توي دېگەنلىك، ئالدى بىلەن ئەر - ئايال بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش، دېگەنلىك ئىكەن.



# بۆشۈك، جىنازا، قەبرە قاتۇرۇشنىڭ بارلىققا كېلىشى

## 1

ئەرلەر دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىدە بۆشۈك شەكلى، ئاستىدا پەقەت بىر ياكى ئىككى قەۋەت سۇپا بار، بۇ ئۇلارنىڭ جىنس پەرقىگە ئاساسەن ياسالغان بولۇپ، ئاياللار قەبرىسىگە سېلىشتۇرغاندا قەۋەت سانى ئاز بولىدۇ. بۇ قەۋەت-لەرنىڭ بىرى ئۆي ئىچىدىكى سېلىنچا شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر قەۋەت ئىككى بولسا، سېلىنچا ئۈستىدە يەنە بىر قەۋەت كۆرپە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەيلى ئەر، مەيلى ئايال-نىڭ بولسۇن، قەبرە گۈمبىزى بۆشۈك سىياقىدا ياسىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇن خان ئا-نىسى تۇركەن خاتۇن ئۆز ئوغلىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېقىش ھەمدە ئۇنىڭ ئېتىكىنى بېزەپ قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئوغلىنى بۆشۈككە بۆلەپ بېقىشنى نىيەت قىپتۇ. ئوردا ئۆلى-مالىرى لايىھىلەپ كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئالتۇن بۆشۈك ياسى-تىپ بېرىپتۇ. تۇركەن خاتۇن ئالتۇن كوكۇلىلىق ئوغلىنى ئالتۇن بۆشۈكتە ئىككى يىل بېقىپتۇ. ئوغلى كېيىنچە ھەر-بىي مەشىق، ئىلىم - ئىرپان جەھەتتە كامالەتكە يېتىپ ئە-لەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئوغۇل ئۇن

توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى جەڭدە ياردار بولغان شاھ ئاتـىـ
سىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بوپتۇ. ئۇ دۆلەتنى ئوبدان باشقۇرۇپ،
خەلق ئېغىزىدا «ئادىل پادىشاھ» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئارىدىن بەش
يىل ئۆتۈپ، ئۇمۇ غازات ئۈستىدە تاسادىپەن يا ئوقى تېگىپ
ۋاپات بوپتۇ. ئانا بولغۇچى تۈركەن خاتۇن ئوغلىنىڭ جەسـىـ
تىنىڭ ئۈستىگە يېتىۋېلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، يىغانلار
چېكىپ، نادامەتلىك كۆز ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزۇپ
يىغلاپتۇ. باشقىلار ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئانا بىچارە ئۆز
ئوغلىنى قۇچاقلىۋېلىپ دەپنە قىلىشقا بەرمەپتۇ. ئوردىدىكى
ئاقىللاردىن بىرى ئادىل پادىشاھنىڭ ئۈستىخىنىنى بىمالال
سىغقۇدەك بىر كۈمۈش بۆشۈك ياساپ كەپتۇ ـ دە، تۈركەن
خاتۇنغا:
— بولدى قىلسىلا، خېنىم، ئوغۇللىرىنىڭ روھى ئارام
ئالسۇن. مېنىڭچە، خان ئالىيلىرى پاقلان ۋاقىتلىرىنى ئۆز-
لىرى ياسىتىپ بەرگەن ئالتۇن بۆشۈكتە ئۆتكۈزۈپ چوڭ بول-
غانىدى، ئۆزىمۇ بۆشۈككە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. خاننىڭ روھى
ئۈچۈن مەن كۈمۈشتە بۆشۈك ياسىتىپ كەلدىم، بۆلەپ قويۇ-
ساقمىكىن، — دەپتۇ.
تۈركەن خاتۇنمۇ دەرھال ماقۇل كەپتۇ. پادىشاھ كۈمۈش
بۆشۈككە بۆلىنىپتۇ. تۈركەن خاتۇنمۇ ھېرىپ دەرمانى قال-
مىغان ھالدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئالدىن قىلىشىۋالغان مەسلى-
ھەت بويىچە كىشىلەر كۈمۈش بۆشۈك (جىنازا)نى كۆتۈرۈپ
مېڭىپتۇ ۋە ئوردا سىرتىدىكى قەبرىستانلىقتا ئاپىرىپ گۈل -
گىياھ، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا قويۇپتۇ. تۈركەن خاتۇن ھەر
كۈنى دىگۈدەك قەبرە بېشىغا چىقىپ، بۆشۈكنىڭ ياپقۇچ پەر-
دىسىنى قايرىپ ئوغلىنى كۆرۈپ قايتىدىكەن. ۋاقىت ئۆزار-
غانسېرى جەسەتنىڭ چىرايى ئۆزگىرىشكە باشلاپتۇ. ئوغلىنىڭ



رەڭگىنىڭ مۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇركەن خاتۇنمۇ «ئاھ !» دەپ جان ئۈزۈپتۇ. ئوردا ئەھلى مەسلىھەتلىشىپ، مېھرىبان ئانا تۇركەن خاتۇننىمۇ كۈمۈش رەڭ بۆشۈككە سېلىپ قەبرىستانلىققا قويۇشنى ماقۇللىشىپتۇ. بىراق، ھەر ئىككىلا بۆشۈك ئوخشاش بولۇپ قالسا، پەرق ئېتىش قىيىن بولىدۇ دەپ، تۇركەن خاتۇننىڭ كۈمۈش رەڭ بۆشۈكىنى كۆپ قەۋەتلىك سۇپىنىڭ ئۈستىگە، پادىشاھنىڭ بۆشۈكىنى بىر قەۋەتلىك سۇپىنىڭ ئۈستىگە تۇختىتىپ، ئەتراپىغا ئارچا دەرىخى ئەھيا قىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ تۇركىي تىللىق خەلقلەردە ۋاپات بولغان كىشىنى بۆشۈك سىياقىدىكى جىنازىغا سېلىپ دەپنە قىلغاندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىگە بۆشۈك سىياقىدىكى قەبرە گۈمبىزى ياساپ قويۇش ئادىتى بارلىققا كەپتۇ.

## 2

قەدىمكى زاماندا كىشىلەر قازا قىلىپ كەتسە، يەرگە كۆمۈپ، يەر ئۈستىگە بەزى بەلگىلەرنى قويۇپ قويغاندىن باشقا

ھېچقانداق قەبرە قاتۇرمايدىكەن.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتا - بوۋىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى ئوردىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى خىلۋەت جايغا دەپنە قىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەر كىشىلەرنىڭ ئېسىدىنمۇ چىقىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى سۇتۇق بۇغراخان چۈشىدە ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئەسلەپ قاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ياتقان جايىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن، ئوردىدىن چىقىپ ئاتا - ئانىسىنى دەپنە قىلغان يەرنى ئىزدەپتۇ، خېلى ئىزدىگەن بولسىمۇ قەبرىنى تاپالماپتۇ، ئاخىر ئوردىغا قايتىپ كېلىپ مۇنەججىملەرنىڭ ياردىمىدە ئۇ ئورۇننى ئاران دېگەندە تېپىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئىت - ئېشەكلەر توپا - چاڭ توزۇتۇپ، باللار ئويناپ يۈرگەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كۆڭلى پەرىشان بوپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، ئاتا - ئانامنى چۈشەپ قېلىشىم بىكار ئەمەس ئىكەن، ئۇلار بۇ يەرنىڭ ئاستىدا قانداقمۇ خاتىرجەم ياتالىسۇن، مەن ئۇلارغا يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلىپ قويۇپتىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇستىلارنى يىغىپ ئاتا - ئانىسى دەپنە قىلىنغان جايغا مەخسۇس قەبرە قاتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەرلەرنىڭ قەبرىسى چوڭراق پىلانلىنىپتۇ، ئۇنىڭغا تالالىق، ئۆيلۈك، دېگەننى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئىككى سۇپا، ئۇستىگە بۆشۈك شەكلى ياسىلىپتۇ. ئاياللارنىڭ كىچىكرەك پىلانلىنىپ، سۇپىرا، ئاشتاختا ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە نوغۇچ شەكلى ياسىلىپتۇ.

كىشىلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ روھىنى غېرىب-

سىندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەر پەيشەنبە[1] كۈنى ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىش، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى قەبرە بېشىغا بېرىپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىش، قەبرىستانلىقنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ پاكىز تۇتۇش، جان ـ جانىۋارلارنىڭ ئۆزۈلمەي كىلىپ ـ كېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن دان چېچىپ تۇرۇش، قەبرىستانلىق ئەتراپىغا دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈپ كۆكەرتىش، قەبرىستانلىقلاردا خالىغانچە مېڭىپ يۈرمەسلىك، ناشايان ئىشلارنى قىلماسلىق، مال باقماسلىق، ئۇ يەرنىڭ ئوتۇن ـ چاۋارلىرىنى تەرمەسلىك، ئەسلىھەلىرىنى بۇزماسلىق، قەبرىستانلىق ئەتراپىدىن ئۆتكەندە، ئۇلاغلىق، هارۋىلىق بولسا يەرگە چۈشۈپ پىيادە ئۆتۈش، دۇئا قىلىش، ئەرۋاھلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش قاتارلىق نۇرغۇن ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلار ئورنىتىلىپتۇ.

قەبرە قاتۇرۇش ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش مانا مۇشۇنىڭدىن قالغانىكەن.



① ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كۈنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى قازا قىلغان كۈن ئىكەن.

# ئۆلۈم مەركىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

بۇرۇنقى كىشىلەر تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتسە، ھېچ كىـ-
شىگە ئۇقتۇرماي، مېيىتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، جەسەت كۈلىنى
قۇملۇقتا ئاپىرىپ شامالدا سورۇۋېتىدىكەن.

ئەفراسىياپنىڭ زامانىغا كەلگەندە ئەفراسىياپ بۇ ئادەتنى
ئۆزگەرتىپ، مېيىتنى ساندۇقتا سېلىپ يەرگە كۆمۈشنى بۇي-
رۇپتۇ. ئەفراسىياپ دادىسى ئۆلۈغ تۇر قازا بولغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭ جەسىتىنى قىرىق كۈن ساقلاپ، ئۇجمىنىڭ ياغىچىدا
ئۇزۇنلۇقى قىرىق غېرىچ، كەڭلىكى يەتتە غېرىچ، ئېگىزلىكى
توققۇز غېرىچ قىلىپ پۇختا بىر ساندۇق ياسىتىپ، مېيىتنى
سېلىپ ئوردىغا يېقىن ئېگىز بىر دۆڭگە دەپنە قىپتۇ.

ئۆلۈم بولۇپ قىرىق كۈنگىچە ئوردا ۋە پايتەختتە ئويۇن -
تاماشا، بەزمە - مەشرەپلەر توختىماي داۋام قىپتۇ. ئەفراسى-
ياپ بۇ ئىشلاردىن غەيرىيلىك ھېس قىپتۇ، مۇسىبەتلىك
كۆڭلى ئازابلىنىپتۇ. ئۇ كۆڭۈل ئېچىپ تاماشا بىلەن يۈرسى-
مۇ، لېكىن مەيۈسلۈك ھالىتىدىن زادى قۇتۇلالماپتۇ. شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئادەمنىڭ قەدىر -
قىممىتى، ئابرۇيى ھايات چېغىدىلا بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن
ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ئىش بولسا، بۇ تولىمۇ ۋاپاسىزلىق بو-
لىدىكەن، دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈرۈپ، ئوردا ئەھلىنى

چاقىرتىپتۇ. ئۇردا كېڭىشىدە ئەفراسىياپ: «ئۆلگۈچىنى جىم - جىملا ئۆزىتىش مەرھۇم ئۈچۈن تولىمۇ ئادالەتسىزلىك قىلىنىدىغانلىق بولىدىكەن. بۇنىڭدىن كېيىن كىمدەكىم ئۆلۈپ كەتسە، دەرھال يۇرت - جامائەتكە مەلۇم قىلىنىپ، خالايىق ھازا سورۇنى تۈزۈپ، يىغا - زار قىلىشى لازىم، شۇ ئارقىلىق مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىشلىرى ئەسلەنسۇن» دەپتۇ. ئۇردىدىكى دانىشمەن ۋەزىر قۇربەگ: «ھازا سورۇنىغا جامائەت بەك كۆپ يىغىلىپ كېتىپ، يىغلىغۇچىلار كۆپ بولۇپ كەتسە، يۇرتتا ۋەھىمە پەيدا بولۇپ، كىشىلەر خاتىرجەم بولالماي قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا مەرھۇمنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىلا ھازىدار بولسا» دەپتۇ. ئەفراسىياپ بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپتۇ ھەم ئەر ھازىدارلار بېلىگە ئاق رەخت باغلاشنى، ئايال ھازىدارلار ئاق رومال ئارتىشنى بەلگىلەپتۇ ۋە يىراق - يېقىندىن كەلگەنلەرنىڭ، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۈچ كۈنگىچە مېيىت چىققان ئۆيگە تاماق ئەتكۈزمەي ئاش - تاماق، نان - چاي بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشنى، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى ۋە يىلى توشقاندىن كېيىن، كاتتا نەزىر بېرىپ مەرھۇمنى ياد ئېتىپ، روھىغا دۇئا قىلىشنى، ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرۇشنى بەلگىلىگەنىكەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆلۈمدە يىغا، تويدا كۈلكە قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىكەن.

# قىرىق تال چاچ قويۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى

قەدىمكى زاماندا تۈمەن خان دېگەن بىر خاقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاي دېسە ئايدىن گۈزەل، كۈن دېسە كۈندىن گۈزەل، ئەقىللىق بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئالتۇنقىز ئىكەن. ئالتۇنقىز توققۇز ياشقا كىرگەندە چارباغدا سەيلە قىلىدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدىغان، ئاتقا مىنىپ ئوۋغا چىقالايدىغان، ئەمگەك سۆيەر بولۇپ يېتىلىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ئالتۇنقىزنىڭ بۇنداق ھۆسن - جامالى ۋە ئىشچانلىقى ئوردا ئەتراپىدىكى يىگىتلەرنى ئۆزىگە رام قىپتۇ. ئۇلار بىر ئامال قىلىپ ئۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىكەن، شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇقتۇرماي ئالتۇنقىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزدەپتۇ. بۇ يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە ئەقىللىق، ئەمگەكچان، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بەربەگ دېگەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇمۇ قىزنىڭ ئىشقىدا كۆيىدىكەن. بەربەگ شۇنداق ئىشق - پىراق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە، ئالتۇنقىزنىڭ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ چارباغقا بېرىپ، گۈلشەندىن پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدىن بىرنى ئۈزۈپ، تەبەسسۇم بىلەن پۇراپ، ئوڭ چېكىسىگە قىستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چارباغدىن قايتىپ چىقىدىغانلىقى يىگىتكە مەلۇم بولۇپ قاپتۇ. بەربەگ بۇ ئىشنى بىلىۋالغاندىن كېيىن

يىن، بىر كۈنى سەھەردە ئۆزىنىڭ بىغىدىن ناھايىتى چىراي-لىق ئېچىلغان گۈلدىن بىرنى تاللاپ ئۈزۈپ ئالتۇن قىز كې-لىدىغان يولدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئالتۇنقىز كېلىشى بىلەن بەربەگ ئالتۇنقىزغا گۈلنى تەڭلەپتۇ. ئالتۇنقىز گۈلنى خۇ-شاللىق بىلەن ئاپتۇ ۋە:

— سىز بۇ گۈلنى ماڭا تەييارلاپ قويغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ھەئە، بۇ گۈلنى چېچىڭىزغا قىستۇرۇۋېلىڭ، — دەپ-تۇ. قىز:

— بۇ چۇۋۇلۇپ تۇرغان چېچىمنىڭ قەيېرىگە قىستۇرد-مەن؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— گۈل قىستۇرغۇدەك ئۆرۈڭ، — دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بوپتۇ. قىز ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر ئا-مالالارنى قىلىپ چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ، يىگىت تەقدىم قىلغان گۈلنى چېچىغا قىستۇرۇپتۇ. بۇ كۈننى قىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ. يىگىت تەقدىم قىلغان گۈل-نى پات - پات پۇراپ قويىدىكەن، ھەربىر پۇرىغىنىدا بەدىنىد-گە ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ كېتىدىكەن. بۇ ئاخشىمى ئالتۇنقىزنىڭ ئۇيقۇسىمۇ كەلمەپتۇ. ئۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىت بەرگەن گۈلنى ئۆرۈگەن چېچىغا قىستۇرۇپ ھەم يىگىت بۇگۈن يەنە بىر تال گۈل تەقدىم قى-لىپ قالسا، ئۇنى نەگە قىستۇرارمەن، دەپ ئويلاپتۇ، ھېلىقى گۈلنى چېچىدىن ئېلىۋەتكۈسى كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئال-تۇنقىز چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپتۇ ۋە كۈندىلىك ئا-دىتى بويىچە بەلگىلىك ۋاقىتتا چارباغقا قاراپ يول ئاپتۇ. دەل باغقا قايرىلىدىغان يولدا يىگىت بىر تال گۈلنى تۇتۇپ تۇر-غۇدەك. ئالتۇنقىز گۈلنى سۆيۈنگەن ھالدا قولىغا ئېلىپ،

تەييارلاپ قويغان ئىككىنچى تال ئۆرۈمە چېچىغا قىستۇرۇۋاپ-
تۇ - دە، ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

يىگىت بىلەن قىزنىڭ قەلبلىرىنى ئىزھار قىلىشلىرى توپتوغرا قىرىق كۈن داۋاملىشىپتۇ. ئالتۇنقىز چېچىنى قىرىق تال ئۆرۈپ، يىگىت تەقدىم قىلغان قىرىق تال رەڭگارەڭ گۈلنى چاچلىرىغا قىستۇرۇپتۇ.

قىزنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىش ھەم چېچىنىڭ قىرىق تال ئۆرۈلۈپ، رەڭگارەڭ گۈللەرنى قاداپ يۈرۈشى تۇمەن خان، خانىش، ئىنىكئانا ۋە كېنىزەكلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. خانىش قىزىغا چاچلىرىدىكى گۈللەرنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلسىمۇ، ئالتۇنقىز ئۇنىماپتۇ. خانىش بۇنىڭ سەۋەبىنى قايتا - قايتا سورىغاندىن كېيىنلا، قىز بولغان ۋەقەنى تەسلىكتە سۆزلەپ بېرىپتۇ. خانىش بۇ ئەھۋالدىن پادىشاھنى خەۋەردار قىپتۇ. پادىشاھ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ، ئاندىن خانىشقا:

— پەرزەنت چوڭ بولغانىكەن، ياتلىق قىلماق لازىمدۇر. قىزىمىزنىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ رايىغا باقايلى. باشقىلار ئاڭلىسا، سۆز - چۆچەك بولىدۇ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىمىز تۈزۈك. شۇڭا، بۈگۈندىن تارتىپ توي تەييارلىقىنى قىلايلى، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئوردا ئەھلى جىددىي توي تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. قىرىق تال گۈل، قىرىق تال چاچنىڭ شەرىپى ئۈچۈن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، بەرىبەگ بىلەن ئالتۇنقىزنىڭ مۇراد - مەقسىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. ئەمما، قىرىق تال چاچنىڭ تۇرمۇشتىكى كۈندىلىك ئىشلارغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى قىسقارتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇيان دېيىشىپ - بۇيان

دېيىشىپ، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ يادنامىسى ئۈچۈن قىرىق تال چاچنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈشنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلاردا قىزلار چېچىنى قىرىق تال ئۆرۈش، جۇۋان بولغاندىن كېيىن ئىككى تال ئۆرۈش، ئاياللار چېچىغا گۈل قىستۇرۇش ئادەت بولۇپ قالغانىكەن.



# گۈلەمۋە گىلەم

خوتەن پادىشاھىنىڭ گۈلەمخان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بىر كۈنى بۇ قىزنىڭ دادىسى ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن دەريا بويىدا تاماشا قىلىۋاتقاندا، بىر قۇشنىڭ باشقا قۇشلارغا ئوخشاشمايدىغان ئاۋازدا سايراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بۇنىڭغا ئەجەبلەنگەن شاھ ۋەزىرلىرىدىن:

— بۇ قۇش نېمىدەپ سايراۋاتىدۇ؟ قۇشنىڭ تىلىنى كىم بىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ قۇشنىڭ تىلىنى ئۇنىڭ قىزى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ قىزىنى چاقىرىپ سوراپتۇ. قىزى:

— بۇ قۇش، ئايال كىشى شاھنى گاداي قىلىۋېتىشى، شۇنداقلا گادايىنى شاھ قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن، دەپ سايراۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ شاھ غەزەپلىنىپتۇ ـ دە، بىر گادايىنى چاقىرغۇزۇپ ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ: «مانا ئەمدى ئۇنى سەن شاھ قىلىپ باق» دەپ، ئۇلارنى چۆلگە ھەيدىۋېتىپتۇ.

گاداي چۆلدىن ئوتۇن توشۇپ بازارغا ئەكېلىپ ساتىدىكەن، تاپقان پۇلىغا ھەر كۈنى يىپ سېتىۋېلىپ ئايالىغا ئەكېلىپ بېرىدىكەن. گۈلەمخان ئېرى ئەكېلىپ بەرگەن يىپتىن

ھەر خىل كەشتىلەرنى توقۇيدىكەن، ئېرى ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. گۈلەمخان پەيدىنپەي گىلەم توقۇشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپ، ئاجايىپ ئۆز، جۇلالىق گىلەملەرنى توقۇپتۇ. ئېرى بۇ گىلەملەرنى سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىر كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇرۇنقى گاداي ئۆزى ئوتۇن ئاپىرىپ ساتقان شەھەرگە پادىشاھ بوپتۇ.

بىر كۈنى گۈلەمخان دادىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى شاھلىق سەلتەنىتى بىلەن قىزنىڭ دادىسىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن شاھ ھېلىقى قۇشنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شاھ ئەل - جامائەت ئالدىدا قىزى توقۇغان گىلەمگە ئۇنىڭ نامىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئايرىم تۈرلىرى گۈلەمخانىنىڭ نامى بىلەن «گۈلەم گىلىمى» دەپ ئاتالغانىكەن.

# بادام ۋە پياز ئېسىشنىڭ كېلىپ چىقىشى

قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بايراقلىرىغا بادامنى كەشتىلىگەنىكەن. ئۇلار بەكمۇ ئۈم ئىكەن. ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ قۇلىقىغا ئاسقان زىرىلىرىنىڭ شەكلىمۇ بادام شەكلىدە ئىكەن. بوينىغا ئاسقان زۇننارلىرىنىڭ شەكلىمۇ بادام شەكلىدە ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۈشمەنلەر بۇلارغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭلەر بوپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاڭقىلىرى (ھارۋىلىرى)غا ئولتۇرۇپ، ئاتلىرىغا مىنىشىپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ نەچچە ئايلاپ قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىپتۇ. ئۇلار جەڭدە نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپتۇ. لېكىن، ئىككىلەنمەي، كەينىگە چېكىنمەي، تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قانلىق قىساسى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىۋېرىپتۇ. دۈشمەن كۈچلۈك، ئادىمى بىر قانچە ھەسسە كۆپ بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۇرۇشتا ئاخىر مەغلۇپ بوپتۇ. ئۇلار مەغلۇپ بولسىمۇ، ئۆملۈكنى ساقلاپ، تىرىك قالغانلار جەڭ مەيدانىدا بايرىقىنى دۈشمەن قولىغا بەرمەپتۇ. ئۇلار بايراقنى يىرتىپ پارچىلاپ، تۆت تەرىپىنى چىگىپ باشلىرىغا كىيىشىپ، جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىپتۇ. كېيىن بۇلارنىڭ قوشۇنىدىكى تارقىلىپ كەتكەن خەلق ئۇلارنىڭ

بېشىغا چىگىۋالغان بايراق پارچىسىغا قاراپ «توپ بار»، «تو-
پىمىز بار ئىكەن» دېيىشىپ يەنە يىغلىشىپتۇ. ئۇلار توپلانغان-
دىن كېيىن، يىرتىلغان بايراق پارچىلىرىنى ئۇلاپ يەنە تۇغ -
ئەلەم ياسىشىپتۇ ۋە ئۇيۇشۇپ كۈچ توپلاپ، دۈشمەنگە تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىپتۇ. كېيىنچە ئۇلاردا ھېلىقى بايراق
پارچىسىغا ئوخشىتىپ باش كىيىم كىيىش ئادەتكە ئايلىنىپ-
تۇ. ئۇلار بۇنى «توپبا» دەپ ئاتاشقانىكەن، كېيىنچە «دوپپا»
دەپ ئاتىلىپتۇ. ھازىرقى «بادامدوپپا» شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



# ئېگەرنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئالتۇنئارت، كۈمۈشئارت، زۇمرەتئارت دەپ ئاتىلىدىغان داۋانلار ئارىسىدا ياشايدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانىتى ئات ئىكەن. چەۋەندازلىق گۆدەكلەردىن تارتىپ چاللارغىچە ئورتاق ئەرمەك ئىكەن. ئوۋ، چېلىش، ئويۇن ـ كۈلكە، يىغا، ھەسرەت، جەڭ، جېدەل ـ ماجىرا، سەپەر، كۆچۈش، قوغلاش، قېچىش، ماختىنىش، چۆكۈرۈشلەرمۇ ئات ئۈستىدە بولىدىكەن.

بىر زامانلاردا بۇ ئەلگە يات ئەلدىن ياۋ بېسىپ كەپتۇ. ئات مىنىپ، يۈگەن تارتالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى قىلىچ ـ قالقان، نەيزە ـ ئومۇتلىرىنى ئېلىشىپ، ئاتلىنىپ جەڭگە چىقىپتۇ. ياۋ شۇنچىلىك كۆپ ئىكەنكى، جەڭ بىرنەچچە كۈنگىچە سوزۇلۇپتۇ. تەردىن كۆڭلەكلەر سۇ بولۇپ، قوللار قاپىرىپ، كۆزلەر تېلىپ، بەللەر قېتىپ، سۆڭگەكلەر يېغىر بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئېرەن قىلماي قاق سەھەردە جەڭگە ئاتلىنىۋاتقان ئوغلىنى كۆرگەن، خېمىردىن نان راسلاۋاتقان كۆيۈملۈك ئانا قولىدىكى ئادەم بېشىدەك چوڭلۇقتىكى زۇۋۇلىنى سەل ـ پەل يۇمىلاقلاپ، ياۋىداق ئاتنىڭ دۈمبىسىگە سېلىپ بېرىپتۇ. راست دېگەندەك، ئوغلى جەڭ داۋامىدا كۆپ ئارامچىلىق ھېس قىپتۇ. كەچقۇرۇن جەڭدىن قايتقاندا «خېمىر ئېگەر»نى كۆرگەنلەر پادىشاھقا شۇ تەقلىدتە

ئېگەر ياساشنى تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال ياغاچچىلارنى تەشكىللەپ شۇنداق شەكىلدە ئېگەر ياسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتنى ياۋىداق مىنىدىغان ئادەت ئاياغلىشىپ، ئېگەر بارلىققا كېلىپ، ئاتنى ئېگەرلەپ مىنىدىغان بولۇشقانىكەن.



# ناغرىنىڭ پەيدا بولۇشى

قەدىم ـ قەدىم زامانلاردا بىر مەملىكەتنىڭ سودىگەرلىرى سودا قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ يولى بىر چۆلدىن ئۆتىدىكەن. ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قاپتۇ.

بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يولغا ئالغان سۇلىرى تۈگەپ قاپتۇ. ئۇسسۇزلۇقتىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سولىشىپ يېتىپ قېلىشىپتۇ، كۈچ ـ ماغدۇرىدىن كېتىپ، ماڭغۇدەك ھالى قالماپتۇ. كارۋاندا بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇمىدىكى ئاخىرقى سۈيىنى سەپەرداشلىرىنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. ئادەملەر بىرئاز ئۆزلىرىگە كېلىشىپتۇيۇ، ئىسسىقتا چاڭقاپ كەتكەنلىكتىن يولغا چىقالماپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت ئويلاپ ـ ئويلاپ بوشاپ قالغان تولۇمنى يېرىپ، ھارۋىنىڭ چاقىغا كېرىپ باغلاپ، ئايتاپقا قارىتىپ قويۇپتۇ، كېيىن ئۇنى داراڭلىتىپ چېلىشقا باشلاپتۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىغا مەھلىيا بولۇپ قاتتىقراق داراڭلىتىپتۇ. بارا ـ بارا ئۇنى شۇنچىلىك قاتتىق چېلىشقا باشلاپتۇكى، ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن چۆلنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. غەيرىي تەبىئىي بۇ ئاۋازدىن ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىگە كېلىپ، قىمىرلاشقا باشلاپتۇ، ئۇلاردا كۈچ ـ قۇۋۋەت پەيدا بوپتۇ. ئاۋاز قۇم بارخانلىرىدىن قۇم

بارخانلىرىغا ئۆتۈپ، تۆپىلىكتىن تۆپىلىكلەرگە كۆچۈپ، چۆلنىڭ نېرىقى چېتىدە كېتىۋاتقان باشقا كارۋانلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار «كارۋان ھالاكەتكە ئۇچراپتۇ، بولمىسا بۇنداق ئاۋاز چىقارماس ئىدى، ياردەمگە چاقىرىۋاتىدۇ، بېرىش كېرەك» دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇلارغا سۇ بېرىپ پالاكەتكە ئۇچرىغان سودىگەرلەرنى ساقلاپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەكېتىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ناغرا پەيدا بولغانىكەن. ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندىمۇ، كىشىلەرنىڭ تېتىكلىك، دادىللىق، جەسۇرلۇق كەيپىياتلىرى ئويغىنىدىكەن.



# چىمەنگۈل ۋە چىمەندوپپا

قەدىمكى زاماندا قەشقەردە قاراخان دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئاي دېسە ئايدىن چىرايلىق، كۈن دېسە كۈندىن چىرايلىق، ئەقىل - پاراسەتلىك، قولى ئەپچىل، ئىشچان قىز ئىكەن. يىللار ئۆتۈپ قىز بالاغەتكە يېتىپتۇ، ھال - ئەھۋالى يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىنىڭ شاھزادىلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشقا باشلاپتۇ. قىز دەل توققۇز ياشقا كىرگەن كۈنى يەتتە پادىشاھلىقنىڭ شاھزادىسىدىن ئەلچى كەپتۇ. تەمكىنسىلىقتا قالغان پادىشاھ قىزنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپتۇ. قىز دادىسىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ، ئەلچىلەرنىڭ قىرىق كۈن كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ.

مەلىكە قىرىق كۈن ئىچىدە يەتتە دانە دوپپا تىكىپ، يەتتە دۆلەتنىڭ ئەلچىسىگە بىردىن بېرىپ دەپتۇكى: «سىلەر بۇنى شاھزادىلىرىڭلارغا بېرىڭلار، كىمدەكىم بۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ دەپ بېرەلىسە، شۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن.»

ئەلچىلەر دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ، دوپپىنى بەلۋاغلىرىغا چىگىپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىپتۇ. دوپپىنى ۋە مەلىكىنىڭ شەرتلىرىنى شاھ ۋە شاھزادىلىرىگە يەتكۈزۈپتۇ. شاھزادىلەر-

نىڭ بېشى قېتىپتۇ، ئەقلى چېچىلىپ، تىللىرى كالۋالىشىپ، دىللىرى گاللىشىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەن پادىشاھىنىڭ ئوغلى پاقلانباي چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ، دەرھال «نامە» تەييارلاپ، ئەلچىدىن قەشقەرگە يوللاپتۇ.

شەرتنى ئېغىر قويۇپ تاقىتى تاق بولغان مەلىكە دەل يەتتىنچى كۈنى يەكەن شاھزادىسىنىڭ مۇبارەك مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە: «دوپپىنىڭ ئىسمى ‹چىمەن›، بۇ مەلىكىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش؛ دوپپىنىڭ رەڭگى مەلىكە تۇرىدىغان چارباغدىكى چىمەنلىكنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭغا مەلىكە ياخشى كۆرىدىغان بۇغداي باشقىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن؛ دوپپىنى يىگىتلەر بېشىغا كىيىدۇ، بۇ، مۇبادا مەلىكە ياتلىق بولۇپ كەلسە، ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرۇشىغا ياردىمى بولىدۇ، دېگەنلىك» دەپ يېزىلغانىكەن.

مەلىكە پاقلانباينىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ، ئەمما باشقا ئەل شاھزادىلىرىنىڭ جاۋابلىرىنىمۇ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن يەكەن ئەلچىسىنىڭ قىرىق كۈنگىچە ساقلاپ تۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ. قىرىق كۈنگىچە ھېچقانداق يەردىن جاۋاب كەلمەپتۇ.

مەلىكە چىمەنگۈل پاقلانبايغا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ھۈنىرىنى قىز - چوكانلار ئۆگىنىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چىمەندوپپا ئەل ئارىسىدا ئومۇملىشىشقا باشلاپتۇ.

# ئەفراسىياپ ۋە راۋاب

ئەفراسىياپ قەشقەردە خانلىق تەختتە ئولتۇرغان يىللاردا، ئەل - يۇرتنى ئادىل باشقۇرۇپ، تىللاردا داستان بوپتۇ. ئەفراسىياپ كىشىلەرنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ، ئۆز ئىش - ئوقىتى بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق ئويۇن - تاماشا قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بوپتۇ. ئۇ چارباغدا پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا سەۋەب بولىدىغان بىر چارە - تەدبىر ئويلاپ خىيال سۈرۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، بىر تورغاينىڭ مۇڭلۇق سايرىشى ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ دوراپ سايراپ بېقىپتۇ. ئەمما، ئۇ يەنە، مەن بىر پادىشاھ، كىشىلەر ئارىسىدا قۇشلاردەك سايراپ يۈرسەم كۈلكىگە قېلىشىم تۇرغان گەپ. ئەڭ ياخشىسى، ياغاچتىن قۇشلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىدىغان بىر سايمان ياساي، دەپ ئويلاپ، توققۇز كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، توققۇز غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ياغاچنى چالغۇ ئەسۋابى قىلىپ ياساشقا تۇتۇنۇپتۇ. ئۇ بۇ ياغاچنى خۇددى ئادەم سىياقىدا ياساپ، بىر ئېغىز بېكىتىپتۇ، قوينىڭ ئۈچەيىنى ئىنچىكە ئېشىپ ئۈچ تال تار ساپتۇ. لېكىن، بۇ ئەسۋابتىن ئاۋاز چىقماپتۇ. ئەفراسىياپ ئىش باشلىغان توققۇزىنچى كۈنى چارباغدا يەنە شۇ ئەسۋابقا ئاۋاز چىقىرىش بى-

لەن مەشغۇل بولۇۋاتسا، بىر يىگىت جاراڭلىق ۋە بەكمۇ مۇڭ-لۇق ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ناخشى-سىغا ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەي ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ ھېلىقى ناخشىچى يىگىت قايتىپتۇ. ئۇ يەنە ناخشا ئېيتىپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ناخشىسى ئالدىنقى قېتىمقىدەك جاراڭلىق بولماپتۇ. ئەفراسىياپ بۇ ئىشقا ھەيران قاپتۇ-دە، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، دەرھال ھېلىقى يىگىتنى چا-قىرىپ:

— سەن قەيەرگە بېرىپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— قېيناتا - قېينانامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەفراسىياپ دەرھال ئىش ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، ياساۋاتقان چالغۇ ئەسۋابىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ قارنىنى چوڭقۇر ئويۇپ، ئۇ يەرنى تېرە بىلەن ئوراپ، تارىغا زەخمەك ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭدىن ھەم جاراڭلىق، ھەم مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىپتۇ. ئەفراسىياپ يىگىتنىڭ ئىككى قېتىملىق ناخشىسىدىن شۇنى ھېس قىپتۇكى، يىگىت ئەتە-گەندە تاماق يېمىگەن، قورسىقى ئاچراق، شۇڭا ئاۋازى جاراڭ-لىق ھەم لەرزان چىققان، قېيناتا - قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قورسىقىنى توقلىۋالغاندىن كېيىنكى ناخشىسى بولسا ئۇنداق چىقمىغان.

ئەفراسىياپ كەشىپ قىلغان بۇ ئەسۋاب راۋابنىڭ دەس-لەپكى نۇسخىسى بولۇپ قالغان. كېيىن ئۇ تېخىمۇ يۇقىرىراق ئاۋازلىق چالغۇ ئەسۋابى ياساش مەقسىتىدە دۇتارنى ياسىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەلدە ئادەملەر قورساق توقلاپلا يۈرىدىغان ئادەتلەر توگەپ، نەغمە - ناۋامۇ بولىدىغان، ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولۇشقانىكەن.

# تەمبۇر، بەرباپ ۋە ئۇنىڭ كەشىپ قىلىنىشى

ياپەس بىنىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرك ناملىق بىر ئوغلى بار ئىكەن، بۇنىڭغا خۇدايىتائالا بىر ئوغۇل كارامەت قىپتۇ. ئىسمىنى خەزىر قويۇپتۇ. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا، تۈلكە تۇتۇپ پوستىدا ئېگىن كىيىمەكنى، تائامنى تۇز بىلەن يېيىشنى، تەمبۇر، بەرباب، ئۇدلارنى ياساپ چالماقنى كەشىپ قىلىپ، ئالەم خەلقىگە ئۆگىتىپتۇ. ئۇ زاماندا ئاتا ـ ئانىسى، بالىلىرى ئۆلگەندە مۇسىبەت ماتىمىدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈش رەسىمى بار ئىكەن. خەزىر ياپەس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. يەكەن، خوتەن دىيارلىرىنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاۋات قىلغانىكەن. يەكەن، خوتەن ئەھلى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. ئۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە بەش مىڭ سەككىز يۈز ئەللىك يىل ئۆتۈپتۇ. تەمبۇرگە قوي، ئۆچكىنىڭ ئۈچەي، پەيلىرىنى ئېشىپ زەي قىلىپ، تار سالغانىكەن.

# ساتار قانداق ياسالغان

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تەڭرى ئاۋۋال يەتتە قات يەر، يەتتە قات ئاسماننى، ئاندىن دەريا، دېڭىز - ئوكياننى، مالائىكلەرنى ياراتقان، تۇپراقتىن بىر چىمدىم توپا ئېلىپ ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئادەم شەكلىنى ياساپ چىقىپ، جانغا ئەمر قىلغان، جان ئادەمنىڭ تېنىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قورقۇپ كىرىشكە ئۇنىمىغانىكەن. شۇ چاغدا تەڭرى مالائىكلەرگە ساز چېلىشنى ئەمر قىپتۇ. مالائىكلەر ھەزرىتى ئادەمنىڭ تېنىگە كىرىپ ساز چېپتۇ. قورقۇپ قاچقان جان بىر مەھەل ساز چالغان ئورۇننى ئىزدەپ، ئاران دېگەندە ھەزرىتى ئادەمنىڭ شەكلىنىڭ ئىچىدىن قارار تېپىپتۇ. جان چېلىنىۋاتقان سازنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن بۇ شەكىلنىڭ ئىچىگە كىرگەنىكەن، تاقاق ئېتىلىپتۇ، ئادەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ، سازمۇ توختاپتۇ. تەڭرى ئەڭ بالدۇر كەلتۇرگەن ساز ساتار ئىكەن. ھەزرىتى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقاتنىڭ بولمىغانلىقىدىن يالغۇزچىلىق ھېس قىلىپ تەڭرىگە يىغلىغانىكەن، تەڭرى مالائىكلەر چالغان سازنى ئادەمگە تۇتقۇزۇپتۇ. ئادەم ساتارتى چېلىپ كۆڭلىنى خۇش قىپتۇ. كېيىن ئاللا ھەزرىتى ھاۋا ئانىنى يارىتىپتۇ. بۇ زات ناھايىتى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن، ھەزرىتى ئادەم ئۇنىڭ

ئوت ـ پىراقىدا بىرمەھەل ساتار چېپىتۇ. ھەزرىتى ھاۋا سا-
تارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا مەپتۇن بوپتۇ ۋە ساتارنى چالغان
ئادەمگە يېقىنلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بۇ ئىك-
كىيلەن ساز چېلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان بوپتۇ. كېيىن
ھەزرىتى ئادەم ساز چېلىپ ئىبادەتتىن توختاپ قالغانلىقى
تۈپەيلىدىن، ئاللا ساتارنى پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا ئەكې-
تىشكە مالائىكىلەرگە ئەمر قىلغانىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى-
دىن، ئادەم ئۆلگەندە، تەندىن جان چىقىپ كېتىپ، ئىككى-
چىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلمىغاندا، مالائىكىلەر ساز چالىدى-
كەن. شۇنىڭ بىلەن جان تەنگە كىرىپ، سوئال ـ سوراققا
تەننى تەييار قىلىدىكەن.

رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، ئادەم باقىي دۇنيادىن پانىي دۇنياغا
ھەيدەلگەندە، سازنى بىللە ئاچىقىش ھەققىدە تەڭرىگە ئىلتىجا
قىلىدىكەن. تەڭرى ئادەمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، پانىي
دۇنياغا بىللە ئاچىقىشقا ئىجازەت بېرىدىكەن. شۇ ۋاقىت
سەككىزىنچى ئاي مەزگىلى ئىكەن. ھەزرىتى ئادەم ساتارنى
بىر ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ ئون ئىككى ئاي چال-
غان. بۇ چاغ سەھەر ۋاقتى بولغاچقا، ساتارنىڭ يېقىملىق
ئاۋازىدىن ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى ئىنس ـ جىنلاردىن
تارتىپ جان ـ جانىۋارلارغىچە، ئۇۋىسىدا ياتقان قۇرت ـ
قوڭغۇز، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارغىچە، ھەتتاكى
ئاسماندىكى پەرىشتىلەردىن تارتىپ بارلىق مەخلۇقاتلار سا-
تارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ئېرىپ كېتىپ، ئىش ـ ھەرىكەت-
لىرىنى توختاتقان، ئۇزاق چېلىنغان بۇ سازنىڭ يېقىملىقلى-
قىدىن بىھوش بولۇپ يېتىپ قالغان، مالائىكىلەرمۇ بىھوش بو-
لۇپ يېتىپ قالغان. شۇ چاغدا ھەممىنىڭ يۈرەكلىرى ئېرىپ
كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ساتارنى بىر مەزگىل چېلىشتىن

توختاتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقات، ئۆسۈملۈك، جان - جانىۋارلارغىچە جىمجىتلىق ئىچىدە قالغانىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ زاماندا ھاۋا گۇلدۇر-لەپ، چاقماق چېقىلىپ، يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كېتىپتۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شۇ مەزگىل-دە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي بۇلۇتقا مىنىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بۇ ۋاقىت سەككىزىنچى ئاي مەزگىلى بو-لۇپ، بۇ زاتمۇ ئەكەلگەن ساتارنى بىر مەزگىل سەھەر ۋاقتىدا چېپىتۇ. بۇ چاغدا پۈتكۈل مەخلۇقاتتىن تارتىپ دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈك، جان - جانىۋارغىچە، ھەتتا ئاسماندىكى مالائىكىلەرمۇ بۇ يېقىملىق سازغا مەھلىيا بولۇپ تىڭشاپتۇ، سازنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ئېرىپ كېتىپ، ئادەم، ھايۋانات، قۇرت - قوڭغۇزلارغىچە ھوشىدىن كېتىپ ئۇزۇققىلىنىشتىن توختاپ قاپتۇ، ساز چېلىنغان شۇ چاغدا ئاسماندىكى مالا-ئىكىلەرمۇ خۇشاللىقىدىن يىغلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلار زېمىندىكى تاغلارغا، دەريا - دېڭىزلارغا چۈشۈپتۇ. شۇ ۋەجدىن تاغلاردىكى تاشلار-نىڭ بىر قىسمى ئالتۇن - كۈمۈش، ئېسىل مەدەنلەرگە، دەريا - دېڭىزلارنىڭ ئاستىدىمۇ جانىۋارلارنىڭ بىر قىسمى ئېسىل نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا مالائىكىلەرنىڭ تۆككەن يېشى كۆيۈكتاغقا تېمىپ كەتكەنىكەن، تاشنىڭ بىر قىسمى لەئەل - ياقۇتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئىلگىرىكى كۆ-يۈكتاغ كېيىن لەئەلتاغ دەپ ئاتىلىپتۇ، شۇڭا بۇ لەئەلتاغ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان كىشىلەر قەدىمكىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاپ، يەتتىنچى، سەككىزىنچى ئاي مەزگىلىدىكى يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ئېگىز تاغقا، ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرگە چىد-

قىپ، ھېلىقى بوۋاينىڭ ساز چېلىشىنى كۆتىدىكەن، ساز چالغان بوۋاينى سېغىنىپ ساما سالىدىكەن، لېكىن ساز چې-لىنماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئورمانلىقتىكى دەل - دە-رەخلەرنى كېسىپ، بوۋاي چالغان ساتارغا ئوخشىتىپ ياساپ چالسىمۇ، ئۇنداق يېقىملىق چىقماپتۇ. يەنە ياساشقا كىرى-شىپ، پۈتكۈل ئورماننى كېسىپ تۈگىتىپتۇ. ئىلگىرى ئورمان بىلەن قاپلانغان لەئەلتاغ كېيىن ئورمانلار كېسىلىپ تۈگەپ يالىڭاچلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھ كىمدەكىم بوۋاي چالغان سازغا ئوخشىتىپ ياساپ، شۇنىڭغا ئوخشىتىپ يېقىملىق ئاۋاز چى-قىرالىسا، نۇرغۇنلىغان ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىدىغان-لىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر بېلىقچى بوۋاينىڭ ئوغلى ساز ياساش ئۈچۈن پالتا ئېلىپ ئور-مانلىققا كېتىپ بارسا، ئالدىدىن بىر ئاقساقال بوۋاي چىقىپ:

— ئوغلۇم، قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ساز ياساش ئۈچۈن دەرەخ كەسكىلى ماڭدىم، — دەپ-تۇ. بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ:

— ئوغلۇم، بۇ شەھەردىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقى-چە ئادەملەر ساتار ياسايمىز دەپ، جاڭگالدىكى دەرەخلەرنى كېسىپ تۈگەتتى. ئوغلۇم، مەن ساڭا ئېيتايكى، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى ساتار بولىدىغان دەرەخنى كېسىپ ياساپ باق-ساڭمۇ ھەرگىز چالغۇ بولماس. سەن ساز چېلىشقا ئىشتىياق باغلاپسەن، سازنى ئىشتىياق باغلىغاندا ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئوغلۇم، ھېلىقى بوۋاي چالغان ساتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن باشقا دەرەخلەر ئوخلاپ قالغان، سازنىڭ ئاۋازىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا مۇشەررەپ بولالىغان بىرلا ئۈجمە دەرىخى بار. ئۇ سازنى باشتىن - ئاخىر ئاڭلىغاچقا، ساتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۈجمىنىڭ تېنىگە سىڭىپ كەت-

كەن. شۇ سەۋەبتىن ساتارنى ئۇجمە دەرىخىدىن ياساش بەخ-
شەندە قىلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئاۋازى جەننەتتىكى ھۆر -
غىلمانلار، جانىۋارلارنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ ئۇچقۇندىسىدۇر. بىر
يىل ئون ئىككى ئايدۇر. بۇ ئون ئىككى ئاي ئىچىدە چىقىدى-
غان پۇتكۇل ئاۋاز ئون ئىككى خىلغا بۆلۈنۈپ چېلىنىدۇ.
تەڭرى ئون ئىككى خىل ئاۋازدىن باشقا ئاۋازنى زېمىنغا چۈ-
شۈرمەيدۇ. بىلىپ قويغىنكى، ساتارنىڭ ئاۋازى جاھاندىكى ئەڭ
قاتتىق نەرسىلەرنى ئېرىتەلەيدۇ، كىشىلەرنى خۇش قىلالايدۇ
ھەم يىغلىتالايدۇ. ساتار بولسا ئادەمنىڭ شەكلىدۇر. يۈرەكنىڭ
چوڭ تومۇرى ئوتتۇز ئىككىدۇر. ئادەملەر ئۇنى چالسا، يۈرەك-
تىكى دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت، خۇشاللىق ئەنە شۇ
ئوتتۇز ئىككى تومۇر ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقىپ، ئوتتۇز
ئىككى قولاققا مەركەزلىشىدۇ. بۇ ئاۋاز دۇنيادا ئەڭ غالىبتۇر،
ئۇنى ھېچكىممۇ توسۇيالماس، ئۇ ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئاق-
ماس، بازغاندا ئۇرسىمۇ ئېزىلمەس ھەم ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ
كۈچى يەتمەس. چۈنكى، ئۇنىڭغا يۈرەكنىڭ ئەڭ كۈچلۈك
ئەجرى سىڭگەندۇر. ئادەملەر ھاۋالىق، باغۇبوستانلىقتا يايرىغانغا
ئوخشاش، ئۇمۇ جاننىڭ راھەتلىنىدىغان باغۇبوستانىدۇر. ساتار
چېلىنسا، تىلسىز، تىللىقلارنىڭ جېنى يايرايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىت قايتىپ كېلىپ، ئۇجمە دەرىخى-
نى كېسىپ، ئادەم شەكلىدە ساتار ياساپ، ئوتتۇز قولاق ۋە
يۈرەك تارىنى بېكىتىپ، پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ چالغانىكەن،
خۇددى تاغ ئۈستىدە بوۋاي چالغان ساتارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش
چىققاچقا، پادىشاھ بۇ يىگىتكە نۇرغۇنلىغان ئالتۇن - كۈمۈش
ئىنئام قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سازەندىلەر ئۇجمە دەرىخىدىن
ساتار ياساشنى ئۆگىنىۋالغانىكەن.

# نەي قانداق پەيدا بولغان

دۇنيا يارالغان ئاۋۋالقى چاغدا، ئادەم پانىيغا چۈشۈپ، بىر مەزگىل قوش ھەيدەپ دېھقانچىلىق قىلغان، مال باققان. ئۇ بىر كۈنى ھېرىپ - چارچاپ، قاتتىق زېرىككەن، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن چالىدىغان ساز يوق ئېتىزلىقتا ئۇخلاپ قالغان. ئۇ چۈش كۆرگەن، چۈشىدە بىر ھۆر قىز كېلىپ:

— ئى ئادەم، سەن تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشنى ئويلىماي، نېمىشقا ساز چېلىشنى ئارزۇ قىلىسەن؟ تەڭرىم سېنىڭ ساز چېلىپ، تائەت - ئىبادەتتىن مەھرۇم قالغان گۇناھىڭ ئۈچۈن جازا بەرمەكچىدى، توۋا قىلدىڭ، گۇناھىڭدىن كەچتى، سېنى باقىي دۇنيادىن پانىي دۇنياغا ھەيدەپ چىقاردى. بۇ ساۋاقنى نېمىشقا ئېسىڭدە تۇتمايسەن؟ — دەپ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بىرنەرسىنى سۇغۇرۇۋاپتۇ. بۇ نەرسە ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، قان تېمىپ تۇرىدىكەن. ھۆر قىز دەرھال زېمىندىكى تۇپراقتىن لاي ئېتىپ، بۇ ئىككى غېرىچ نەرسىنىڭ ئۈستىنى لاي بىلەن سۇۋاپ قويۇپتۇ، ئاندىن ھېلىقى نەرسىنى «تۇتقىن» دەپ ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئادەم قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە قارىسا، ئىچى كاۋاك ئىكەن. ئادەم ھۆر قىزدىن:

— بۇنى نېمە قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. هۆر قىز:
— بۇنى پۈۋلەپ ئاۋاز چىقىرىپ، ئىچ پۇشۇقىڭنى چىقىرىسەن، — دەپتۇ. ئادەم ئۇنى پۈۋلىگەنىكەن، ئاۋاز چىقماپتۇ. هۆر قىز دەرهال ئۇشكە بىلەن ئۇنىڭدىن تۆت تۆشۈك ئېچىپتۇ. ئادەم تۆشۈكتىن پۈۋلىگەنىكەن، قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىپتۇ. ئادەم قورقۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. هۆر قىز ئادەمنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قولىدىكى بۇ نەرسىگە يەنە ئۇشكە بىلەن تۆت تۆشۈك ئېچىپتۇ. ئادەم يەنە ئۇنى پۈۋلىگەنىكەن، دەرهال خۇشاللىق ساداسى ئەكس ئېتىپتۇ. ئادەم خۇشال بوپتۇ. شۇ چاغدا ئادەم هۆر قىزغا دەپتۇ:
— ئى قىز، بۇنىڭ ئەهۋالى ئۈستىدە خەۋەر يەتكۈزسىڭىز.
هۆر قىز:
— سەن سازغا ئامراق ئەمەسمىدىڭ؟ شۇ سەۋەبتىن تەڭرى ساڭا بۇنى چېلىشقا ئەمر قىلدى. ئاۋۋالقى تېشىلگەن تۆت تۆشۈكتىن ئازابنىڭ نەقەدەر هەيۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيسەن، بۇ دوزاخنىڭ ئالامىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ. كېيىنكى تېشىلگەن تۆت تۆشۈك خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ جەننەتتىكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدۇر. بۇنى سېنىڭ كانىيىڭدىن سۇغۇرۇۋالدىم. پانىي دۇنيادا چالغايسەن، — دەپ غايىب بولۇپ كېتىپتۇ.
ئادەم ئويغىنىپ قارىسا، چۈشىدە هۆر قىز بەرگەن نەرسە بار ئىكەن. ئادەم ئۇنى بىر مەزگىل چېپتۇ، تائەت - ئىبادەتتىن قاپتۇ. تەڭرى بۇنىمۇ چېلىشتىن چەكلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، داۋۇت پەيغەمبەر زامانىسىغا كەلگۈچە چېلىشتىن چەكلىنىپتۇ. داۋۇت پەيغەمبەر زامانىسىغا كەلگەندە، نەينىڭ ئەسلىي سىرى ئاشكارىلىنىپتۇ. شۇ زاماندا ئادەم چالغان بۇ نەينىڭ ئاۋازى قومۇشنىڭ تېنىگە سىڭىپ كەتكەچكە هەم بۇ

يىقىملىق ئاۋازنى ئىچىگە سىڭدۈرەلمىگەچكە، ئىچى كاۋاك بولۇپ قالغانىكەن.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ساتار ئادەم شەكلى، نەي بولسا ئادەمنىڭ كانىيى ئىكەن. پۈۋلىگەندە چىققان ئاۋاز يۈرەك قېتىدىن كاناي ئارقىلىق چىقىپ، يەنە كانايغا كىرىپ خاپىلىقتىن، خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدىكەن. نەي قومۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدە بولمايدىكەن، چۈنكى قومۇش ئادەم چالغان نەينىڭ ئاۋازىنى تېنىگە سىڭدۈرۈۋالغانىكەن. باشقا گىياھلار ساز چالغاندا ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەچكە، نەينىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىكەن.



# ئۆمۈر تەقسىماتى

بىر كۈنى خۇدا بارلىق جانلىق مەۋجۇداتنى يىغىپ ئۇلارغا ئۆمۈر تەقسىم قىپتۇ. ئادەمگە ئوتتۇز يىل، ئىت بىلەن ئېشەككە قىرىق يىلدىن ئۆمۈر تەقسىم بوپتۇ. ئادەم ئۆزىگە ئاران ئوتتۇز يىل ئۆمۈر تەقسىم قىلىنغانلىقىغا نارازى بولۇپ:

— ئاللا، سەن نېمىشقا ماڭا ئاران ئوتتۇز يىل ئۆمۈر تەقسىم قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭغا پەقەت ئامال يوق، باشقىلاردىن جىقراق ئاشمىدى ئەمەسمۇ، — دەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئېشەك يېتىپ كېلىپ:

— ئى ئاللا، سەن ماڭا قىرىق يىل ئۆمۈر ئاتا قىپسەن، مەن بۇ قىرىق يىلدا نېمە ئىشلارنى قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا:

— سەن مۇشۇ ئادەملەرگە ئىشلەپ بېرىسەن: يەر ھەيدەيسەن، ھارۋا سۆرەيسەن، خامان تېپىسەن، ئادەملەر سېنى مىنىدۇ. سەن مۇشۇنداق ئەمگەكلەرنى قىلىپ ئادەملەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىسەن، ئۇلار سېنى سامان بېرىپ باقىدۇ، — دەپتۇ.

ئېشەك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ. ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا ئاللاتائاللادىن ئۆمرىنى يىگىرمە يىل قىسقارتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائاللا ئۇنىڭ يىگىرمە يىللىق ئۆمرىنى ئادەمنىڭ ئۆمرىگە

قوشۇپ بېرىپتۇ. ئېشەك خۇشال بولۇپ ئەمدى كېتىپ تۇرۇ-شىغا، ئىت يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ:

— ئى ئاللا، سەن ماڭا قىرىق يىل ئۆمۈر ئاتا قىلدىڭ، مەن نېمە ئىشلارنى قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا:

— سەن ئادەملەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى باقىسەن، جان تىكىپ مال - مۈلكىنى قوغدايسەن. ئۆز ئىگەڭگە ۋاپادار، بۇزۇقلارغا رەھىمسىز بولىسەن. باي ئائىلىلەردە بې-قىلساڭ، ئۇلار ساڭا سۆڭەكلەرنى، ئېشىپ قالغان ئاشلارنى بېرىدۇ. كەمبەغەل ئائىلىلەردە بېقىلساڭ، ئاشنىڭ يۇندىلىرى-نى بېرىدۇ. بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈرىسەن! — دەپتۇ. بۇ-نى ئاڭلىغان ئىتنىڭ ماغدۇرى قېچىپتۇ. ئۇ ئاللاتائالادىن ئۆمرىنى يىگىرمە يىل قىسقارتىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاللاتائالا ئىتنىڭ يىگىرمە يىل ئۆمرىنىمۇ ئادەمگە قوشۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئۆمرى تەخمىنەن يەتمىش يىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئوتتۇز يىللىق ئۆمرىدە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كۆڭلىرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزىدىكەن. ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن جاپا - مۇشەققەتتە ئىشلەپ ئائىلىسىنى با-قىدىكەن. ئەللىك ياشتىن يەتمىش ياشقىچە كۆڭلەرنى تەمە-خورلۇقتا ئۆتكۈزىدىكەن.

# ئىنسانلارنىڭ رىزقى نېمىشقا كېمىيىشكە باشلىغان

زامانى ئەۋۋەلدە بۇ دۇنيا ئىنتايىن تىنچ، توقچىلىق، كىشىلەر ئىناق، ئىنساپلىق، يۇرت - شەھەرلەر ئاۋات ئىكەن. ئۇ چاغلاردا ئالما دەرىخى تاۋۇزدەك، نەشپۈتلەر مانتا كاۋىسىدەك، ئۆرۈك، شاپتۇللار چىلگىدەك چوڭ مېۋىلەيدىكەن. ئېرىق - ئېقىنلاردا سۇ ئورنىغا سۈت ئاقسا، ئاسماندىن يامغۇر ئورنىغا ھەسەل، مۆلدۈر ئورنىغا ناۋات ياغىدىكەن. قوناقلار سۈۋادان تېرەكتەك بوي تارتىپ، غولاچتەك باش ئالسا، بۇغدايلار ئۆگزە بويى ئۆسۈپ، ئۇچىدىن تۇۋىگە قەدەر دان تۇتىدىكەن. ئاشلىق، مېۋە - چېۋە، گۆش - ياغ، سۈت - قايماقلارنىڭ ئەلۋەكچىلىكىدىن ئۇنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، ئۇ زاماندىكى ئادەملەرمۇ مۇناردەك قامەتلىك، ئارسلاندەك كۈچتۈڭگۈر، جاھانكەزدىلەردەك بىغەم ئىكەن. تۇرمۇشنىڭ مەمۇرچىلىقى، ياشاش شارائىتىنىڭ ئەۋزەللىكى بارا - بارا ئىنسانلارنى ھۇرۇنلۇققا، ئىسراپخورلۇققا، كۈپۈرلۇققا ئادەتلەندۈرۈپ قويۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىزىر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىغا چۈشۈپ كۆزىتىپ تۇرسا، بىر يىگىت يەپ بولالمىغان يېرىم قاتلىمىنى يولنىڭ ياقىسىغا چۆرۈۋېتىپ كېتىۋاتقۇدەك. يەنە بىرئازدىن كېيىن بىر موماي ئېشىپ قالغان بىر قاچا ئاشنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تۆكۈۋېتىپ كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئورۇنسىز ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقان ئاشلىقلا ئىچى سىيرىلىپ، ئىنسانلارنىڭ نائىنساپلىقىغا، كۆ-پۈرلۈقىغا ئېچىنىپ تۇرغاندا، قارشى تەرەپتىن بىر قولىدا بوۋىقىنى، يەنە بىر قولىدا داستىخىنىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر جۇۋان چىقىپ كەپتۇ. دەل خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە جۇۋاننىڭ بوۋىقى تەرەت قىلىپ قويۇپتۇ. جۇۋان داستىخاننى ئېچىپ، ماي تەپچىپ تۇرغان يۇمشاق پوشكاللار بىلەن بالىسىنىڭ قوڭىنى ۋە بۇلغانغان ئىشتان - پايپاقلى-رىنى سۈرتۈپ، يول ئۈستىگە تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. خىزىر ئە-لەيھىسسالام قەھر - غەزەپكە كېلىپ:

— ھەي ياخشىلىق ياراشمايدىغان كۆپرانىلار، بىر دان ئاشلىقلا زار بولۇپ ئۆتۈشكەيسەن ! — دەپ قارغاپتۇ - دە، ئېتىزلاردىكى پىشىپ تەييار بولغان بۇغداي باشاقلىرىنى بىر سىيرىغانىكەن، شۇئان بىر ئاق ئىت پەيدا بولۇپ، بۇغداينىڭ تېخى سىيرىپ بولۇنمىغان باشاق ئۇچىنى چىشلەپ، نالە قى-لىپ تۇرۇۋاپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەرقانچە كايىسىمۇ، ھېلىقى ئىت كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئى خىزىر ئەلەيھىسسالام، سەن ئىنسانلارغا بولغان خاپىچىلىقىڭنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن بۇغدايلارنى سىيرىپ دان بەرمەس قىلىۋەتسەڭ، بىز نېمە يەيمىز؟ — دەپ نالە قىپتۇ.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىتقا ئىچ ئاغرىتىپ، بۇغداي باشى-قىنى سىيرىشتىن توختاپتۇ، بىراق شۇ پەيتتىن باشلاپ بۇغدايلار ئۇچىدىن تۆۋەنگىچە دان تۇتماي، پەقەت خىزىر ئەلەي-ھىسسالام سىيرىپ چۇشۇرۇۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن، ئاق ئىت چىشلەپ قۇتقۇزۇۋالغان ئازغىنا ئۇچىلا باش چىقىرىپ دان تۇتىدىغان بولۇپ قالغانمىش. كونىلارنىڭ «ئىنسانلارنىڭ يەۋات-قان بۇغدىيى ئىتنىڭ رىزقى» دېگەن سۆزىمۇ دەل شۇ ۋەقەدىن كېلىپ چىققانمىش.

# مۇغاللارنىڭ چۈچۈرە يېمەيدۇ

بۇ زاماندا ئەمەس، ئۇ زاماندا، يامغۇرنىڭ ئورنىغا ئاتەش ياغقاندا، ئەل خارابلىشىپ ۋەيران بولغاندا، كىشىلەر ئاچارچىلىقتىن زار قاقشىغاندا، خۇدانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قايسىدۇر بىر پەيغەمبەر ئەلنىڭ دەردىگە يەتمەك بولۇپ چۆل كېزىپ، يۇرت ئاتلاپ، يوپۇرغا تەۋەلىكىدىكى مۇغال دېگەن يېزىغا كەپتۇ. يول ئازابىدىن ھارغىنلىق يەتكەن پەيغەمبەر ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئايغىنى يەڭگىل قىلغان تۆگىسىنى باغلاپ قويۇپ، بىر تۇپ سۆگەتنىڭ سايىسىدە يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي تەييار ئولجىنى غەنىيمەت بىلگەن مۇغاللاردىن بىرنەچچىسى پەيغەمبەرنىڭ تۆگىسىنى ئوغرىلاپ سويۇپ، گۆشىدە چۆچۈرە ئېتىپ يەۋاپتۇ. پەيغەمبەر ئويغىنىپ قارىسا تۆگىسى يوق تۇرغۇدەك. ئۇ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق تۆگىسىنىڭ يوقىلىش سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن دەرغەزەپ بوپتۇ ۋە مۇغاللارنى «بۈگۈندىن باشلاپ چۆچۈرە يېمەسەڭ، شۇ زامان ئۆلگەيسەن !» دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇغال خەلقى چۆچۈرە يېيىشتىن ھەزەر ئەيلەپتۇ ۋە ئەل ئارىسىدا «مۇغاللار پەيغەمبەرنىڭ قارغىشىغا كەتكەن، چۆچۈرە يېسە ئۆلىدۇ» دېگەن رىۋايەت تارقالغانىكەن.

# خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىغا تاشلىنىشى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خىزىر ئەلەيھىسسالام «سائىل» قىيا-پىتىگە كىرىپ، ئىشىككە مىنىپ سەپەرگە چىقىپتۇ، سەھەر پەيتىدە ئۇخلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر خورازنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىم سەپەرگە چىقىشىنىڭ مەقسىتى يۇرت - شەھەرلەرنى كېزىپ، ئۇ يەرلەردىكى خەلق-لەرنىڭ ئەقىل - پاراستىنى سىناپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئىكەن.

«سائىل» بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشىكنى ئو-قۇرغا باغلاپ قويۇپ، خورىزنى سارايۋەنگە ئامانەت بېرىپ رەستىگە چىقىپتۇ، يېشى توختىغان، تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، توخۇنىڭ كۆزىدىن چوڭراق يۇمىلاق مىتال پۇلدىن بىر دانە ئۈزىتىپ:

— تەقسىر، يېنىمدا بار - يوق پۇلۇم مۇشۇ. بۇ پۇلغا ماڭا ئۇزۇق، ئىشىكىمگە يەم، خورىزىمغا دان ئېلىپ بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ. بۇ كىشى ئاچچىقلىنىپ:

— ھوي قەلەندەر، بۇ پۇلۇڭغا نېمە كېلىدۇ؟ ماڭا كاشىلا قىلمىغىنا، — دەپ يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. «سائىل» ئىزا تار-تىپ «پۇشايمان قىلىپ ئۆتكەيسەن!» دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندىن

كېيىن «ئەستاغپۇرۇللا، ئۇنداق قىلماي، مۇنداق قىلسام بولىكەن» دەپ پۇشايمان ئىچىدە ئازابلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

«سائىل» بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر يۇرتقا كەپتۇ. بىر موسىپىت يايمىچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تەقسىر، مۇشۇ پۇلۇمغا ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە يەم، خورىزىمغا دان بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ. يايمىچى بۇ «خېرىدار»نىڭ پۇلىغا قاراپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ:

— بۇ پۇلىڭىزغا ھۆپۈپمۇ بىر قېتىم ئوسۇرۇپ بەرمەيدۇ، — دەپتۇ. «سائىل» خاپا بولۇپ «بىر - بىرىڭنىڭ پېيىدە بولغايسەن !» دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى مارايدىغان، بىر - بىرىنىڭ پايدا - مەنپەئىتىگە چىدىمايدىغان بولۇپ، ھەسەت ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

«سائىل» بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر يۇرتقا كەپتۇ. بىر باققالنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ پۇلۇمغا ماڭا ئوزۇق، ئېشىكىمگە يەم، خورىزىمغا دان بەرگەيلا، — دەپتۇ. باققال تېرىكىپ:

— بۇ پۇلۇڭغا بىر تال شاپتۇلمۇ كەلمەيدۇ. ئالدىمدىن چاققان كەت، — دەپتۇ. «سائىل» بەكمۇ رەنجىپتۇ، شۇڭا «تاپقىنىڭ گېلىڭدىن ئاشمىغاي !» دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى قانچە ئىشلىسىمۇ تاپقىنى گېلىدىن ئاشمايدىغان يوقسۇزلۇققا گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ.

«سائىل» بىر ھەپتىدىن كېيىن قاراقاشقا كەپتۇ، ئېشىكىنى ئوقۇرغا باغلاپ قويۇپ، خورىزىنى سارايۋەنگە ئامانەت بېرىپ رەستىگە چىقىپتۇ، ئون نەچچە ياشلىق بىر بالىنى قىچقىرىپ:

— بۇ پۇلغا ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە يەم، خورىزىمغا

دان ئەكەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇ بالا بىردەمدىن كېيىن بىر قوغۇن كۆتۈرۈپ كېلىپ «سائىل» غا بېرىپتۇ. «سائىل» سارايغا كېلىپ قوغۇننى يەپ قورسىقىنى تويدۇرۇپتۇ، قوغۇننىڭ شاپىقىنى ئېشىكىگە، ئۇرۇقىنى خورىزىغا بېرىپتۇ. «سائىل» خۇشال بولۇپ:

— ئەي، سېخىي ئىگەم ئاللا، بۇ يۇرتلۇقنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغايسەن ! — دەپ دۇئا قىپتۇ. ئاللاتائالا خىزىرنىڭ دۇئا - تەلىپىنى ئىجابەت قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قارا - قاشلىقنىڭ يېمەك - ئىچمەك، نازۇنېمەتلىرى مول، تۇرمۇشى باياشات بولغانىكەن.



# ئادەملەر تۈزۈشلىشنى قانداق بىلگەن

زامان ـ زامانلاردىن ئىلگىرى قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدى-
كى كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا،
كۆپىنچىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن هايات كەچۈرىدىكەن.
ئۇلار ياز ۋە كۈزلۈكى تاغ ـ جىلغىلاردىن ئوتلاقلارغا كۆ-
چۈپ، قىشلىقى يۇرت ئىچىگە قايتىپ كېلىدىكەن.

ئۇلار بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچكەندە قازان ـ قو-
مۇچ، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۆزلىرى بىرگە ئېلىپ ماڭى-
دىكەن. لېكىن، شۇ زامانلاردا هېچكىممۇ يېمەك ـ ئىچمەككە،
غىزاغا تۇز سېلىپ يېسە، تاماقنىڭ تەمى تەڭشىلىپ، يېيىش-
لىك بولىدىغانلىقىنى ئۇقمايدىكەن.

بىر ئەتىيازلىقى، بىر چارۋىچى ئائىلىسى هەممە نەرسىنى
تەل قىلىپ تاغقا مېڭىپتۇ. ئۇلار يەمشىگە كېلىپ چۈشكۈن
قىپتۇ. ئەر قويلارغا قاراپتۇ. ئايال ئۆيدە پىشۇرۇۋالغان
گۆشلەرنى خۇرجۇندىن چىقىرىپ يېنىدىكى تاشنىڭ ئۈستىگە
قويۇپتۇ ۋە چاي قاينىتىشقا باشلاپتۇ.

چاي تەييار بولغاندىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككىسى
غىزالىنىشقا باشلاپتۇ. ئەر گۆشنى بىر چىشلەم يېگەندىن كې-
يىن، خوتۇنىغا:

— بۇ گۆش هەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تاتلىق ۋە مەززى-

لىك پىشۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ گۆشنى مۇشۇنداق پىد-
شۇرۇشقا ئادەتلەن، — دەپتۇ. ئايالى:

— مەن گۆشنى ئۆيىمىزدە پىشۇرغان تۇرسام، ئۇنى بۇ يەردە قازانغىمۇ سالمىسام، ئۇ قانداقچە شۇنچە تاتلىق بولۇپ كېتىدۇ؟ — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەر:

— توختا، بۇ يەردە بىر سىر بار. سەن گۆشنى خۇرجۇن-
دىن ئېلىپ نەدە قويغانىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايالى بولسا هېلىقى تاشنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئۆزىمۇ تاش ئۈستىگە قويۇل-
غان گۆشنى يەپ، ئۇنىڭ تاتلىق ۋە تەملىك ئىكەنلىكىنى هېس قىپتۇ. ئەر - ئايال ئىككىيلەن دەماللىققا بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار يولغا چىققاندا هېلىقى تاشنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گۆش-
نىلا ئەمەس، غىزا - تائاملىرىنىمۇ تاشقا تەگكۈزۈپ يەيدىغان بوپتۇ. تاشقا تەگكۈزۈلگەن تائام ئۇلارغا هەم تاتلىق، هەم مەززىلىك تۇيۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئەسلىدە بۇ تۇز تاش ئىكەن.

ئاي - كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئا-
يال تاماق ئەتكەندە هېلىقى تاشنى ئازراق پۇچۇپ قازانغا سا-
لىدىغان بوپتۇ، تائامغىمۇ تەم كىرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار هېلىقى تاشتىن ئايرىلمايدىغان بوپتۇ هەم ئۇنى «تۇز تاش» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ سىردىن دەسلەپ پادىچىنىڭ ئەل - ئا-
غىنىلىرى، كېيىنچە پۈتكۈل ئەل خەۋەردار بوپتۇ. «تۇز تاش» دېگەن بۇ نامىمۇ كېيىنچە «تاشتۇز»غا ئۆزگىرىپتۇ. كىشىلەر تاماق يېگەندە تۇزدىن ئايرىلمايدىغان بوپتۇ.

# «بىرنى بىر دېگۈلۈك»

ھىدايىتۇللا ئىشان جۇڭغار خانى غالدان سىرىنىنىڭ قوشۇنلىرىغا تايىنىپ ئىسمائىلخاننىڭ قولىدىن يەكەن خانلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن پۇقرالارغا ئېغىر زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردا جۇڭغارلار قىزىل تۇچتىن ياسالغان داچەن پۇلنى بىر پۇل دەپ خەجلەيدىكەن. ھىدايىتۇللا غوجا جۇڭغارلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى پۈتۈن جايلارغا «بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش» توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپتۇ ۋە شۇ يول بىلەن ئۆزىگە ياردەم بەرگەن غالدان قوشۇنلىرىنى باي قىلىشنى ئويلاپتۇ. بۇ پەرماندىن ئالدى بىلەن خوتەن خەلقى قاتتىق نارازى بولۇپ، بىر پۇلنى ئىككى دېيىشكە زادى ئۇنىماپتۇ. پەرمانى ئۆتمىگەن ھىدايىتۇللا غوجا خوتەن خەلقىگە ھەيۋە قىلىپ ئۇلارنى بىر ئەدەپلەپ قويۇش مەقسىتىدە پۇقرالارنى بىر مەيدانغا توپلاپتۇ. قىرىق نەپەر يۇرت ئاقساقىلىنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىپ: «بىر پۇلنى ئىككى دەمسەن، دېمەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ. «خۇدامۇ بىر، بىر پۇلمۇ بىر، بىرنى ئىككى دېسەك، خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، شۇڭا بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ قارشىلىق قىپتۇ ئۇلار.

جۇڭغارلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ: «ئەگەر يەنە جاھىل-

لىق قىلىپ قايسىڭ بىر پۇلنى ئىككى پۇل دېمىسەڭ، ئۆل-تۈرىمىز !» دەپ ئۇلارنى قورقۇتماقچى بوپتۇ ۋە بىر - بىرلەپ سوراپتۇ. كىمدىنلا سورىسا «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ سۆزد-دىن زادى يانماپتۇ. بىرنى ئىككى دېمىگەنلەرنىڭ باشلىرىنى شۇ جايدىلا ئاپتۇ. ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇز توققۇز كىشىنىڭ بېشى كېسىلىپتۇ. قىرىقىنچى كىشىگە كەلگەندە يەنە سوراپ-تۇ، ئۇ كىشىمۇ جۇڭغارلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ بېشىمۇ دەرھال كېسىد-لىپتۇ. شۇ چاغدا مەيداندا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن سادا كۆكنى لەرزىگە سالپتۇ.



# ھاراق قانداق پەيدابولغان

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى توپان بالاسى بولغانىكەن. شۇ مەزگىلدە نۇھ ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم كىشىلەرنى كېمىسىگە سېلىپ — بىر رىۋايەتتە ئۈچ ئاي، يەنە بىر رىۋايەتتە ئالتە ئاي دېيىلىدۇ — سۇ يۈزىدە يۈرگەنىكەن. ئۇزۇقلۇق ئۈچۈن باشقا نەرسىلەر قاتارىدا يەنە ناھايىتى كۆپ مىقداردا قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىۋالغانىكەن. سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈش جەريانىدا كېمىگە نۇرغۇن قېتىم سۇ كىرىپ كېتىپ، ئۈزۈمنىڭ ئاستى سېسىشقا باشلاپتۇ. ئوزۇق توگىگەندىن كېيىن كىشىلەر ئىلاجسىز سېسىغان ئۈزۈملەرنى سىقىپ سۈيىنى ئوزۇق قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ بېشى سەل قايغاندەك بوپتۇ، ئەمما روھلىرى بىردىن كۆتۈرۈلۈپ، كېمە ئىچىنى خۇشخۇي چاقچاق، جاراڭلىق ناخشىلار قاپلاپتۇ. ھەممە كىشى بۇ خىل ئۆزگىرىشتىن ھەيران قېلىشىپتۇ. كېيىن يەنە سېسىغان ئۈزۈمنى سىقىپ سۈيىنى ئىچكەنىكەن، يۇقىرىقى ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر سېسىغان ئۈزۈم سۈيى روھنى كۆتۈرۈپ، كەيپىياتنى جانلاندۇرىدىكەن، دېگەن تونۇشقا كەپتۇ.

توپان بالاسى ئاخىرلىشىپتۇ. تىنچ تۇرمۇش باشلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر كېمىدىكى ئەھۋالنى ئەسلىشىپ، ئۈزۈملەر-

نى سېستىپ سۈيىنى چىقىرىپ، بىر خىل ئىچىملىك تەي-يارلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى «شاراب» دەپ ئاتاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، تۈرلۈك بەزمە، زىياپەتلەردە شاراب ئىچىش ئومۇملىشىپتۇ.

شۇ زامانلاردىكى پادىشاھلارنىڭ بىرىدە شارابنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، ئەمما شارابنىڭ ئىچىلىش مىقدارىنى كېمەيتىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە: «كىمدەكىم شارابنىڭ سۈپىتىنى تې-خىمۇ ياخشىلاپ، ئىچىلىش مىقدارىنى ئازايتىپ، ئاز شاراب بىلەن كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرالايدىغان ۋە جانلىنىش ۋاقتىنى ئۇزارتالايدىغان بولسا، ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك مال - دۇنيا مۇكاپات بېرىلىدۇ» دەپ جاكارلاپتۇ.

شۇ زاماندا ياخشىلىقنى هارام بىلىپ، ئەسكىلىكتە داڭقى چىققان، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، كۆنى تەسكە قالغان بىر ئادەم بولۇپ، ئىسمى مەلئۇن ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ جا-كارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچ كۆزلۈكى غەليان كۆتۈرۈپ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە پادىشاھقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ئۈچ ئايلىق مۆھلەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمى-سا، كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، سورىغان نەرسى-لىرىنى بېرىپتۇ. مەلئۇن ئۆيىگە كېلىپلا ئىش باشلاپتۇ، ئۇنداق قىپتۇ، بۇنداق قىپتۇ، قىلمىغان ئىشلىرى قالماپتۇ، ئەمما بىرەر ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەي، ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە گېلىدىن تاماق ئۆتمەي يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۆزى چېقىر، بۇرنى پاناق، يۈزى گۆش-لۈك، بويى پاكارغىنا كەلگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى

سودىگەر قىياپەتلىك بىر كوسا ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە:

ــ هەي مەلئۇن، نېمىگە يىغلايسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

مەلئۇن پوتلىسىنى ئېقىتقان هالدا زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ، يىغلاشنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ــ يىغلىما، بۇنىڭ چارىسى ئاسان. سەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا بىر يولۋاس، بىر تۈلكە، بىر قىزىل خوراز تەلەپ قىلغىن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىرتۇرۇچ ياسىغىن، شۇ چاغدا ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، ــ دەپ يول كۆرسىتىپتۇ ھېلىقى ئادەم ۋە شۇئان كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ ئادەم ئەسلىدە پۈتۈن دۇنيادىكى شۇملۇقلارنىڭ پىر ـ ئۇستازى لەنىتى شەيتان ئىكەن.

مەلئۇن شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شاراب ياساپ ئىچىپ بېقىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن ئەقلى لال بولۇپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ـ دە، بىر تۇڭ شاراب تەييارلاپ پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ بۇ شارابنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، دەرھال ۋەزىر، ئەمىر، ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى قاتناشقان بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بىرنەچچە قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن شۇنداق بىر ئەھۋال سادىر بوپتۇكى، ھەممە كىشى ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. مۆرىمەسلەر ناخشىغا، سۆرەلمىلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ، قورقۇنچاقلار باتۇرغا ئايلىنىپتۇ، تاماق قويۇلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشىپ، پادىشاھقا قول شىلتىپ، چۇۋۇتقىلىرىنى چۇۋۇغىلى تۇرۇپتۇ. بەزى توڭلار بولسا، ئالاھىدە مۇلايىملىشىپ، يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ شېرىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئادەتتە ياۋاش، مۆمىن دېگەنلەر

يەك شىمايلاپ ئاداۋىتى بارلار بىلەن جېدەللەشكىلى باشلاپتۇ. بەزىلەر بولسا ھايا ـ نومۇس دېگەنلەرنى تاشلىۋېتىپ، ئا ـ ياللارغا ئېسىلىۋېلىشقا، بەزى ئاياللار بولسا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئەرلەرگە چاپلىشىۋېلىشقا باشلاپتۇ. زىياپەت خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بولسىمۇ، كىشىلەر قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىشمەپتۇ ۋە ئادەتتە تۇگەپ كېتىدىغان زىياپەت تاماقلىرى ئېشىپ قاپتۇ.

كىشىلەر شۇ زىياپەتتىكى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىشىپ، قورقۇنچاقلارنىڭ باتۇرغا ئايلىنىشى يولۋاس قېنىنىڭ ئارىلاش ـ قانلىقىدىن، بەزىلەرنىڭ بەك مۇلايىم ياكى ھارامزادىلىشىپ كېتىشى تۈلكە قېنى قوشۇلغانلىقىدىن، ھايا ـ نومۇسنىڭ يوقىغانلىقى قىزىل خورازنىڭ قېنىدىن، قورساقنىڭ ئاچماس ـ لىقى ئۇزۇم سۇيىنىڭ قۇۋۋىتىدىن، دەپ خۇلاسە قىلىشىپتۇ.

شۇ قېتىمقى زىياپەتتىن كېيىن شاراب ئىشلەش تېخىمۇ تەرەققىي قىپتۇ، ئەمما جەمئىيەت كەيپىياتى يامانلىشىپ، جېدەل ـ ماجىرا، بۇزۇقچىلىق، قاتىللىق قاتارلىق ھەر خىل جىنايى قىلمىشلار ئەۋج ئاپتۇ. بۇ ئىشلارغا قاراپ بەزى دانىشمەنلەر «بۇ شاراب ئەمەس، ھەلەق ئىكەن» دەپ نام بې ـ رىپتۇ. ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ بۇ نام ئومۇملىشىپتۇ. ئۇزۇن جەر ـ يانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ھەلەق» سۆزى «ھاراق»قا ئۆزگىرىپ ـ تۇ. ھاراق مانا شۇنداق پەيدا بولغانىكەن.

# ئەھمىيەتسىز ماھارەت

بەدۆلەت زامانىسىدا قەشقەردە ناھايىتى چوڭ نورۇز مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇراسىمدا ھەر خىل ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىشىپتۇ.

بىر ياغاچچى ئۇستام ياغاچ ئات ياساپتۇ، ئوڭ قۇلىقىنى تارتسا، ئۇچۇپتۇ، سول قۇلىقىنى تارتسا، چۈشۈپتۇ. ئۇستامنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولغان بەدۆلەت تون يېپىپ، بىر پەتنۇس تىللا بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

تۆمۈرچى ئۇستام بىر تۆمۈر ئۆردەك ياساپتۇ، ئۇ تۆمۈر بولسىمۇ سۇدا لەيلەپتۇ. ئۇستىگە ئادەم مىنىپ ئوڭ قانىتىنى تۇتسا، سۇدا خۇددى ھايات ئۆردەكتەك ئۈزۈپتۇ، سول قانىتىنى تۇتسا، توختاپتۇ. بۇ ئۇستاممۇ يۇقىرىقى ئۇستام بىلەن ئوخشاشلا مۇكاپاتلىنىپتۇ.

ئاخىرىدا ئون تال يىڭنە بىلەن يىپ كۆتۈرۈۋالغان بىرى كېلىپ:

— داد پادىشاھىئالەم، رۇخسەت قىلسىلا، مۇبارەك نەزەرلىرىگە ئاجايىپ ھۈنىرىمنى تەقدىم ئەتسەم، — دەپتۇ.

— قولۇڭدىكى ئون تال يىڭنە ۋە يىپ بىلەن قانداق ھۈنەر كۆرسەتمەكچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەدۆلەت.

— شاھ ئالىيلىرى، ئۆزۈم ئۆگزىدە تۇرۇپ، يەردىكى ئون

تال يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن يىپنى ئۆتكۈزەلەيمەن، — دەپتۇ هېلىقى كىشى.

ئۇ ئون تال يىڭنىنى يەرگە قاتار سانجىپ قويۇپ، ئىگىز بىر ئۆگزىگە چىقىپ، قولىدىكى يىپنى لەۋلىرىدە هۆلدەپ، بارماقلىرى بىلەن ئۇچلاپ يىڭنىلەرنىڭ قۇلىقىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ماهارەت كۆرستىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بەدۆلەت بۇنىمۇ ياغاچچى ۋە تۆمۈرچى ئۇستاملارغا ئوخشاشلا مۇكاپاتلاپتۇ. لېكىن، ئۇ مۇكاپاتنى قولغا ئېلىپ «رەهمەت» دەپ تۇرۇشىغا، بەدۆلەت:

— بۇ ماهارەتچىنى تۇتۇپ قىرىق دەررە ئۇرۇڭلار ! — دەپ نۆكەرلىرىگە بۇيرۇق قىپتۇ. نۆكەرلەر بۇ ماهارەتچىنىڭ «ۋايداد» دېگىنىگە ئۇنىماي بۇيرۇقنى ئىجرا قىپتۇ. شۇ ئارىدا بەدۆلەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋەزىرلىرىدىن بىرى:

— ئى شانۇشەۋكەتلىك شاهىم، ئالدىدا تون ۋە بىر پەتنۇس تىللا بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئەمدىلىكتە دەررىگە باستۇرغانلىرى نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي مېنىڭ يارەنلىرىم، ئەي خالايىق، سەمىڭلارغا سالايكى، ياغاچچى ياسىغان ياغاچ ئات بىلەن بىپايان ئاسماندا ئۇچقىلى بولىدىكەن. تۆمۈرچى ياسىغان تۆمۈر ئۆردەك بىلەن دەريا - دېڭىزلاردا ئۈزگىلى بولىدىكەن. ئۆگزىدە ئۆرە تۇرۇپ يەردىكى ئون تال يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن قاتارىغا بىر قېتىم يىپنى ئۆتكۈزمەك ئانچە ئاسان بولمىسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى ماهارەتلەرنىڭ ئالدىدا هېچقانداق ئەهمىيىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ماهارىتىنى مۇكاپاتلىدىم، ئەهمىيىتى يوق «ماهارەت» بىلەن ۋاقىتنى زايە قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالىدىم، — دەپتۇ.

# ئايتېكىن بىلەن كۈنتېكىن

قەدىمكى زاماندا ئىككى چوڭ قەبىلە تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياشايدىكەن. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەبىلە شامان دىنىغا، شىمال تەرىپىدىكى قەبىلە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. شىمالدىكى بىر قەبىلىدە باتۇر چەۋەنداز بىر پادىچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى كۈنتېكىن ئىكەن. ئۇ غېجەكنى بەك ياخشى چالىدىكەن. جەنۇب تەرەپتىكى قەبىلە باشلىقىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئىسمى ئايتېكىن ئىكەن. ئۇ تەڭداشسىز گۈزەل بولۇپ، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىكەن. ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش، داپ ئۇسسۇلىنى كۆرۈش ئۈچۈن يىراق يەرلەردىن ئادەملەر كېلىدىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ جامالىغا مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا يانىدىكەن.

بىر كۈنى قىز ئات مىنىپ سەيلە ـ تاماشىغا چىقىپتۇ، تاغ ـ ئېدىر، باغۇبوستانلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ يىراقتىن مۇڭلۇق ئاڭلانغان غېجەك ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ ھەيرانۇھەس بولۇپ شۇ ياققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ دوستلىرى بىلەن بىللە ماڭا ـ ماڭا غېجەك ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە يېقىنلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئوتلاقتا مال ـ ۋارانلار ئوتلاپ يۈرگەنمىش. شارقىراتمىغا يېقىن خادا تاشنىڭ ئۈستىدە بەستلىك، كېلىشكەن، چاچلىرى گەجگىسىگە چۈشكەن بىر پالۋان سۈپەت

يىگىت زور ئىشتىياق بىلەن غىجەك چېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ
ئەتراپىدا قوي - قوزىلار، توشقان، بۇغا - ماراللار ئوتلىغاچ
مۇڭ ئاڭلاۋاتقۇدەك، قۇشلارنىڭ بەزىسى دەرەختە، بەزىسى ئۇ-
نىڭ مۈرىلىرىدە تۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن سايراپ
ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىۋاتقۇدەك. ساھىبجامال ئىختىيارسىز
ئاتتىن چۈشۈپ يىگىتنىڭ يېنىغا يېقىنلاپتۇ، ئۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئىشتىياق بە-
لەن مۇزىكا چېلىۋاتاتچقا، ئۇنىڭغا دىققەت قىلماپتۇ. قىز يى-
گىتنىڭ قەيسەر بەستىگە، قۇياشتەك نۇرلۇق چىرايىغا ۋە
مۇڭلۇق سازىغا مەھلىيا بولۇپ قاراپلا قاپتۇ، ئاخىر مۇڭلۇق
مۇزىكا ئاۋازىنىڭ تەسىرىدە يىگىتنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ
ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قاپتۇ، باشقا قىزلارنىمۇ مۇڭ بېسىپ
ھەممىسى ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ. بىر چاغدا يىگىت غىجەك چې-
لىشتىن توختاپ كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر گۇ-
زەل جانان شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغانىمىش ... يىگىت
ھەيران بولۇپ، بۇ قىزنىڭ يۈزىنى ياپقان قۇندۇزدەك چاچلى-
رىنى قايرىپتۇ، ئۇنىڭ قولىقىدىكى زىرىسىگە ۋە بويىنىدىكى
زۇننارلىرىغا قاراپ باشقا قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.
يىگىت بۇ قىزنىڭ ئاي جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بوپتۇ -
دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ. قىز ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىغۇدەك
بولسا، يىگىت ھوشسىز ياتقۇدەك. ئايتېكىن قىزلارنى ئويغى-
تىپ دەريادىن سۇ ئەكېلىپ، يىگىتنىڭ يۈزىگە سۇ سېپىپ
ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كۈنتېكىن بى-
لەن ئايتېكىن ئاشىق - مەشۇق بولۇشۇپتۇ. بۇلار دائىم كۈن
چىقىشى بىلەن ئۇچرىشىپ يىگىت غىجەكنى چالىدىكەن،
ئايتېكىن يېقىملىق بۇلبۇل كەبى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىدىكەن،
ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى تۇرلۇك جان -

جانىۋارلار ۋە قۇشلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۆز ناخشىلىرى بىلەن ئۇلارغا جور بولىدىكەن.

ئەنە شۇنداق خۇشال كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈننىڭ يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك ئىش بوپتۇ. كۈنتېكىن ئاقكېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىنى ئاق داغلار قاپلاپ، چىرايى بەكمۇ كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىپتۇ. ئادەملەرلا ئەمەس، ھەتتاكى ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرسە قاچىدىغان بوپ-تۇ. لېكىن، ئايتېكىن ئۇنىڭدىن قاچماپتۇ. كۈنتېكىن ئۆزىنى قاچۇرسىمۇ قىز ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ دەردىگە شى-پا بولۇپ يۈرۈپتۇ. لېكىن بىگىز قاپتا ياتمىغاندەك، خەلقئا-لەم ئالدىدا كۈنتېكىننىڭ كېسىلى ئاشكارا بوپتۇ، قەبىلە باشلىقى بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى تۇتماقچى بوپتۇ، لېكىن ئۇنى تۇ-تالماپتۇ. چۈنكى، ئۇ قېچىپ ئايتېكىننىڭ قەبىلىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇنى ئايتېكىننىڭ قەبىلىسىدىكىلەر تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ قەبىلە باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپتۇ. قەبىلە باشلىقى ئۇنىڭ شىمالىي قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ ۋە: «سەن كېسىلىڭنى تارقاتقىلى كەلدىڭمۇ؟ سەن ئىلاھنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغاچقا، يۈزۈڭگە شەيتان سىيگەن. شۇڭا، سې-نى قۇياش ئىلاھىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆيدۈرۈش كېرەك» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يوغان دۆب دەرەخكە باغلاپ ئەترا-پىغا ئوتۇن يىغىپتۇ. قەبىلە ئەزالىرى بىلەن كېچىچە قۇياش ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ چاغدىكى بۇ قەبىلىنىڭ دىنىي رەسمىيىتى بويىچە ھەرقانداق بىر جىنايەت-چىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، كېچىدە ئۆلتۈرمەي قۇياش چىقى-شى ھامان ئۆلتۈرىدىكەن. ئۇلار ئەتراپىغا مەشئەل ۋە گۇل-

خانلارنى يېقىپ، شاراب ئىچىشىپ، نەغمە - ناۋا قىلىشىپ، نەزىرنى باشلىۋېتىپتۇ. ئايتېكىن باغلاقتا تۇرغان كۈنتېكىنگە قاراپ گۈلخان كەبى يېنىپتۇ. بىر چاغدا مەي ئىچىپ كەيىپ بولغان قەبىلە باشلىقى: «ها ... ها... ئەگەر كىمدەكىم مۇشۇ بەتبەشىرە مەخلۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېسە، بۇ سەتنى قويۇۋېتەر ئىدىم ...» دەپتۇ. ئەتراپتىكىلەر مەسخىرە قىلىشىپ قىيقاس - چۇقان سېلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئايتېكىن چىداپ تۇرالماپتۇ - دە، قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ: «مەن ياخشى كۆرىمەن ! » دەپتۇ. قىزنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولغان خالايىق ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. پەقەتلا يېنىۋاتقان مەشئەل ۋە گۈلخاننىڭ پىرىسلىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانماپتۇ. بىردىنلا قەبىلە باشلىقىنىڭ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك كۈلكىسىگە ئۇلاپ ئەتراپتىكى جامائەت تەڭلا مەسخىرىلىك كۈلۈشۈپتۇ. قەبىلە باشلىقى:

— قىزىمنىڭ مەسخىرىسى ھەممىدىن ئېشىپ كەتتى. بىر گۈل بۇ تىكەننى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن ! ھا، ھا ... — دەپ كۈلۈپتۇ.

قىز نېمە قىلارىنى بىلمەي يىگىتكە تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. يىگىت بېشىنى چايقاپ ئۇنداق دېمەسلىكنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈنۈپتۇ. قىز ئاچچىقىغا چىدىماستىن قولىغا خەنجەرنى ئې-لىپ «خەنجەر ئۇسسۇل»نى ئويناپتۇ. ئۇپۇق ئاقىرىپ قوياش چىقىش بىلەن قەبىلە باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يىگىت-نىڭ ئەتراپىدىكى ياغاچلارغا ئوت يېقىلىپتۇ... ئايتېكىن خەن-جەر ئۇسسۇلىنى ئەۋجىگە چىقىرىپ پىرقىراپ ئويناپ، ئاغزى-غا خەنجەرنى چىشلەپ بىر موللاق ئېتىپ گۈلخاندىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كۈنتېكىننىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، ئارغامچىنى كې-

سىپتۇ. ئىككىلىسى موللاق ئېتىپ ئاسمان - پەلەك يېنىۋاتـ-
قان ئوتتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئاتقا مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ.
ھەممەيلەن داڭقېتىپ قاپتۇ. ئۇلار ئېسىنى يىغىپ «ھاي -
ھۇي» بىلەن قوغلاپمۇ يېتىشەلمەپتۇ. بۇلار شۇ قاچقىنىچە
كۈنتېكىن تەرەپتىكى تاغلاردا يوشۇرۇنۇپ، خۇددى مەجنۇندەك
تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە جان ساقلاپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، بىر خىزىر سۈپەت تېۋىپ
تاغدا دورىلىق گۈل - گىياھلارنى يىغىپ يۈرۈپ بۇلارنى
ئۇچرىتىپ قاپتۇ ۋە يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ ئۇنى داۋالاشقا
باشلاپتۇ، بەدىنىگە ھەر تۈرلۈك مەلھەملەرنى سۈرتۈپتۇ، گىـ-
ياھلاردىن دورا ياساپ ئىچۈرۈپتۇ، ئارىشاڭغا چۆمۈلدۈرۈپتۇ،
كۆن نۇرىغا قاقلاپتۇ. ئاخىر يىگىت سەللىمازا ساقىيىپتۇ.
يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان تېۋىپ
بۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ قىزنىڭ قەبىلىسىگە كەپتۇ.

قەبىلە باشلىقى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، يىـ-
گىتنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ ئاپىرىن دەپتۇ، قانداق سا-
قايتقانلىقىنى تېۋىپتىن سورىغانىكەن، تېۋىپ:

— بىرىنچىدىن، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى، ئىككىنچىدىن،
يۇرتىمىزنىڭ گۈل - گىياھلىرى، ئابىكەۋسەر سۇلىرى، ئۇ-
چىنچىدىن، قىزلىرى ئايتېكىننىڭ ساپ مۇھەببىتى تۈپەيلىـ-
دىن شىپا تاپتى، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يەتتە كېچە - كۈندۈز داغدۇغىلىق توي
بوپتۇ. تويغا ئىككىلا قەبىلە قاتنىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ
ئىككى قەبىلە ئىناق ئۆتۈپتۇ. كۈنتېكىن ۋە ئايتېكىنلار
مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ. كېيىنچە بۇ ئىككى قەبىلە
بىر قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk5MDYuemlw",
  "filename_decoded": "40209906.zip",
  "filesize": 46154242,
  "md5": "63eae058f6f37e94c04159d085eefca2",
  "header_md5": "3b49ad36046d3986c42581ef2f3012de",
  "sha1": "58e11bbd76a570938538f31c6ab9eaa385fa33e6",
  "sha256": "f32baefee05cf377eca6c855cf2c78f4f445f8ae4a6208a8719b7ed0036d6af7",
  "crc32": 1190463659,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 47735937,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2554\u00b1\u2557\u2591\u2524\u00bd\u2566\u2561\u2562\u25a0 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209906",
  "pdg_main_pages_found": 394,
  "pdg_main_pages_max": 394,
  "total_pages": 409,
  "total_pixels": 1624736512,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}